


# BULAK


# بولاق

4

1991



ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi




1991-يىل 18-ئاۋغۇست

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەيىيۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## 1991 - يىل 4 - سان

### مۇندەرىجە


ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

نەۋائىنىڭ 550 يىللىقى ......................... ئىمىن تۇرسۇن (6)

لەيلى ۋە مەجنۇن ......................... ئۆمەر باقى يەركەندى (14)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ

يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا ......................... دۇربېك (30)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى ......................... (50)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئابدۇراخمان، توختىنىياز قۇربان

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

لەتافەتنامە ......................... خوجەندى (59)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت

ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ....... (68)

دىلبەر روزىيېۋا

مەشھۇر ئەسەرلەر

خوجەندى ۋە ئۇنىڭ «لەتافەتنامە» سى توغرىسىدا ............. (87)

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


قارا قوشۇنلۇقلار قوشىقى ........................................ (89)

توپلاپ رەتلىگۈچى: دۆلەتخان سايىت

بۆرە قىز (چۆچەك)........................................ (100)

رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ پالتاچى

ھېكمەزادە بىلەن شاھزادە (چۆچەك)........................................ (107)

رەتلىگۈچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

يەكچەشمە بىلەن يانتاقچى (چۆچەك)........................................ (110)

رەتلىگۈچى: سابىرجان سەيىت

موللا مىشرىق (چۆچەك)........................................ (115)

ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك قوچقار (چۆچەك)........................................ (117)

رەتلىگۈچى: مەتتىمىن ياسىن

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر........................................ (120)

تاللاپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

رىۋايەتلەر........................................ (132)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىسمايىل تۆمۈر

بېيىت - قوشاقلار........................................ (141)

رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

چاغاتايچە لۇغەت «ز»........................................ (151)

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن


رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى.

تىستول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋائى. (رەسسام: رىزۋان تۇردى).

2 - بېتىدە: ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كەشتە نۇسخىسى بىلەن ئىشلەنگەن سۈرىتى. (بۇ نۇسخىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى).

3 - بېتىدە: «ھېكمەزادە بىلەن شاھزادە» ناملىق چۆچەككە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت. (رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ).

4 - بېتىدە: ① نەشرىياتىمىزدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار ژۇرنال خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەتلەشمەكتە. ② مۇھەررىرلەر خىزمەت ئۈستىدە.

# ئەلىشىر نەۋائىنىڭ 550 يىللىقى

ئىمىن تۇرسۇن

ئۇلۇغ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر شائىر، كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ پېشىۋاسى — نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا بۇ يىل 550 يىل بولدى. بۇ يىلنى پۈتۈن جاھاندا، مەدەنىيەت ـ ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر «نەۋائى يىلى» دەپ ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىمەكتە.

خاندەمىرنىڭ (1475 — 1534) «مەكارىمۇل ئەخلاق» دېگەن كىتابىدىكى مەلۇمات بويىچە، نىزامىددىن ئەلىشىر ھىجرىيە 844 ـ يىلى 7 ـ رامىزاندا (مىلادىيە 1441 ـ يىلى 9 ـ فېۋرالدا) ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلدى؛ ھىجرىيە 906 ـ يىلى 12 ـ جۇمادىئۇس سانى (مىلادىيە 1501 ـ يىلى 3 ـ يانۋار)دا ۋاپات قىلىپ، ھىراتتا دەپنە قىلىندى.

ھىرات — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا، ئىلگىرى خۇراساننىڭ تۆت رايونىدىن بىرى ئىدى. XIV - XV ئەسىرلەردە، ياركەنت، ئەندىجان، سەمەرقەنت، ھىرات، بەلخ قاتارلىق شەھەرلەر چوڭ مەدەنىي مەركەزلەرگە ئايلانغانىدى. ھىرات شەھىرى ئاساسىي ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى «تۈركىي» تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىدى. ھىرات شەھىرى XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا چوڭ مەدەنىي مەركەز بولۇپ قالدى. ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە فېئودال زىيالىيلىرى قاتىلىمىنىڭ تولىسى «موغۇلىستان»دىن «تۈركىستان» ۋە خۇراسانغا ھىجرەت قىلغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. نەۋائىنىڭ باھاسى بويىچە «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ بۇلۇغاسىدىن مەۋلانا لۇتفى»مۇ ھىراتتا ياشىغانىدى.

ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، نىزامىددىن ئەلىشىر ئائىلىۋى نەسەب جەھەتتىن چاغاتاي ئۇلۇسىغا باغلىنىدۇ. نەۋائىنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى قەبىلىلەردىن بولغان بارلاس ئۇرۇقىدىن ھېسابلىنىدۇ. دېمەك. ئەلىشىرنىڭ ئاتا جەمەتى چوڭ فېئودال ـ ئاقسۆڭەكلەردىن، ئانىسى تېمۇرىي شاھزادىلەرنىڭ ئىنىكىسى بولغان. ئاتىسى غىياسىددىننىڭ «كىچىك باھادىر»، «كىچىك باخشى» دېگەن لەقەملىرى بولغان: ئۇ ھەربىي خىزمەتتە بولۇپ جەڭگىۋارلىق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن «باھادىر» دەپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىسى بولغىنى ئۈچۈن «باخشى» دەپ ئاتالغان.

دۆلەتشاھ سەمەرقەندى (تەخمىنەن مىلادىيە 1405 — 1495 ـ يىللار) ھىجرىيە

892 (مىلادىيە 1486) ـ يىلى يازغان «تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا» («شائىرلار تەزكىرىسى») دە، ئىراق، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، X ـ XV ئەسىرلەردە ياشىغان 150 دىن ئارتۇق چوڭ شائىر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى بەرگەن. مەزكۇر ئەسەردە، نەۋائىنىڭ ئائىلىۋى نەسەبى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ مەشھۇر ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرنىڭ بۈيۈك ئاتىسى ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ۋە سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇر باھادىر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سۇلتانىنىڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتكە كېپىللىك ئۇنىڭ ئىنان ـ ئىختىيارىدا ئىدى...» شۇنىڭدەك ھىراتتا ياشىغان ۋە ئەسلى بۇخارالىق تارىخچى مىرخاند (تولۇق ئىسمى: مۇھەممەت ئىبنى خاۋەندشاھ، 1433 — 1498 ـ يىللار) يازغان «رەۋزەتۇس ـ سەفا فى سىيرەتۇل ئەنبىيا ۋەل مۇلۇك ۋەل خۇلەفا» («پەيغەمبەرلەر، پادىشاھلار ۋە خەلىپىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى ھەققىدە پاكلىق بېغى») دېگەن ئەسەردە، نەۋائى توغرىسىدا مۇنداق زىكرى قىلىنغان:

«ئول ئافتاب دىللىق ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ ۋە سەخاۋەتلىك باباسى، ئەۋۋەل، زەمان تەقەززاسىغە كۆرە، ئەمىر تېمۇر كۆرەگانىنىڭ ئوغلى مىرزا ئۆمەر شەيخ باھادىرنىڭ خاس مۇلازىملىرى قاتارىدىن جاي ئېلىپ، ئېتىبار قەلەمى ئۇنىڭ بىسات لەۋھىگە كۆكۈلتاشلىق دەرىجىسىنى يازغانىدى. ئول جانىب ئەمىر ئەلىشىر باللىق ئەييامى ھەمدە يىگىتلىك ھەنگامى ئەۋۋەلىدە زەفەرنىشان خاقان مۇلازىمىتىدە كۈن كەچۈردى.»

نەۋائى 60 يىل ئۆمۈر كۆردى. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) ئەسەرى «بابۇرنامە» دىكى مەلۇمات بويىچە، نەۋائى ئوغۇل ۋە قىز ۋە ئەھلۇ ـ ئەيالى يوق، ئالەمنى تەۋرى فەرد ۋە جەرىدە (تەنھا ـ يالغۇز ۋە بويتاق) ئۆتكۈزدى.»

نەۋائى 30 يىلغا يېقىن تۇرلۇك دۆلەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. جۈملىدىن، ساۋاقدىشى ھەم دوستى ھۇسەيىن بايقاراغا تامغىچى ھەم ۋەزىر بولغىنى ئۈچۈن «ئەمىر» دەپ شۆھرەت قازانغان.

نەۋائىنىڭ ئائىلىسى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە ئىدى؛ ئاتىسى غىياسىددىن ئالىم ھەم ھەربىي كىشى بولۇش بىلەن بىللە، تاغىلىرى كابۇلىي ۋە غەرىبىيلەرمۇ شائىر ئىدى. نەۋائىنىڭ ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى ئۇنىڭ باللىق چېغىدىلا شېئىرىيەت قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. نەۋائى 15 يېشىدىلا شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان.

ئەلىشىر 30 ياشلىرىدا شېئىرلىرىنى توپلاپ، بىرىنچى دىۋانىنى تۈزگەن. نەۋائى ئۆز ئۆمرىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەر يازغان. 1476 ـ يىلى ۋەزىرلىك مەنسىپىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن 5-6 يىل ئىچىدە «خەمسە» ئۈچۈن كېرەكلىك ماتېرىياللار توپلىغان؛ يېزىق ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ھەم تارىخ كىتابلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. نەۋائى 1483 ـ يىلى «خەمسە»نى يېزىشقا كىرىشىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ بولغان، 1485 ـ يىلى «خەمسە» نىڭ بىرىنچى داستانى «ھەيرەتۇل ئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى») نى 1484 ـ

يىلىدا «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ۋە «سەبئەئى سەييار» («يەتتە سەييار»)، 1485 - يىلىدا «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر سېپىلى») نى ياراتقان.

1487 - يىلى نەۋائى ئاستىرابادقا كېلىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان، تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىنى توپلاپ، «دىۋان» تۈزگەن. بۇ دىۋان «خەزائىنۇل مەئانى»(«مەنىلەر خەزىنىسى») دېگەن ئومۇمىي نامدىن كۆرە، «چاھار دىۋان»: «غەرايىبۇس-سىغەر» («بالىلىق غارايىبلىرى») «نەۋادىرۇش- شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، «بەدايىئۇل- ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى»)، ۋە «فەۋائىدۇل - كىبەر» («قېرىلىق پايدىلىرى») دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان، «چاھار دىۋان» جەمئىي 3132 شېئىرىي ئەسەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدىن 2600 پارچىسى غەزەلدۇر. بۇ غەزەللەر «چاھار دىۋان»نىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەلىشىرنىڭ لىرىك مىراسلىرىدىن «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان فارسىي شېئىرلار دىۋانىمۇ بار.

1488 — 1501 - يىللىرى ئىچىدە نەۋائى بىرقانچە بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر يازغان. ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» («ئىران شاھلىرى تارىخى») نى 1490 - يىلىدا، 250 مىسرالىق «ھالەتى سەيد ھەسەن ئەردەشىر» دېگەن شېئىرىي مەكتۇپ، 1491 - يىلىدا «مەجالىسۇن نەفائىس» («گۈزەللەر مەجلىسى» — بۇ ئەسەردە 355 ئەدىبنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن)، 1491 — 1498 - يىللىرىدا «لىسانۇت - تەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق پەلسەپىۋى پوئېمىسىنى يازغان. 1500 - يىلى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى، ئىجتىمائىي - سىياسىي، تەلىمىي ۋە پەلسەپىي قاراشلىرىنى يەكۈنلىگۈچى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («كۆڭۈللەر سۆيگۈنى») ئەسىرىنى يازغان.

«خەمسە»دىن كېيىن، تۈركىي تىل بىلەن فارسىي تىلنى سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلنىڭ خىسلەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي يوسۇندا تەرىپلەپ، «مۇھاكىمەتۇل - لۇغەتەين» («ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە»)نى يازغان. يەنە، «مىزانۇل ئەۋزان» («ۋەزىنلەر مىزانى») دېگەن شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىيلىكىگە دائىر نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەسىرى، «تۆھفەتۇل ئەفكار» («پىكىرلەر تۆھپىسى»)، «ھىلالىيە» ۋە باشقا قەسىدىلىرىمۇ بار.(دۆلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ بايان قىلىشىچە، «ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ خوجا خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ «بەھرۇل ئەبرار» دېگەن ئەسىرىگە جاۋابەن يازغان پاكىزە قەسىدىسى بار.») «بابۇرنامە» دە زىكرى قىلىنىشىچە: «... يەنە مۇسىقىدە ياخشى نېمىلەر باغلاپتۇر. ياخشى نەقىشلەرى ۋە ياخشى پېشرەۋلەرى (كۈي - ناخشىلىرى) باردۇر...»

نەۋائىنىڭ ئەدەبىي مىراسى ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر كىبى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە بىر بابنى تەشكىل قىلىدۇ. نەۋائى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە ئۆزىگە زاماندىش بولغان شائىر - ئەدىبلەرنىڭ ياراتقان نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يېڭى پەللىگە كۆتەردى؛ **XV** ئەسىردىكى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى نەۋائى بىلەن باشلاندى. چۈنكى نەۋائى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ماۋزۇ ۋە غايىۋى مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى

جىددىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئىجادىي قابىلىيىتىنى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى ئايىماي سەرپ قىلدى؛ ئەدەبىي مىراسلىرىدا، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ۋە راستچىللىق ـ توغرىلىق، شۇنىڭدەك چىن ئىنسانلىق پەزىلەتلىرىنى تەرغىپ قىلدى.

ھەزرىتى نەۋائىي فارسىي تىلىغا نىسبەتەن ئۆز ئانا تىلىنى سۆيۈش ۋە ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاجايىپ ئەسەرلىرى بىلەن تولۇق دەلىللىدى؛ شۇنىڭدەك ئۆز ئانا تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا چوڭ رول ئوينىدى. نەۋائىينىڭ ئەدەبىي مىراسى جاھان سەنئەت خەزىنىسىدىكى ئەڭ پارلاق گۆھەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

سوۋېت خەلقى، جۈملىدىن ئۆزبېك خەلقى بۇ ئالەمشۇمۇل تەسىرگە ئىگە بولغان مۇتەپەككۇر شائىر تەۋەللۇدىنىڭ 550 يىللىقىنى قۇتلاش ئۈچۈن، سوۋېت ئېلى بويىچە، خىلمۇ خىل پائالىيەتلەرنى تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار نەۋائىينىڭ لىرىك ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋە كەڭ تارقالغان غەزەللىرىدىن ئون غەزەلنى ئۆزبېكىستان س س ر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىن تونۇلغان شائىر مۇھەممەد ئەلى) تاللاپ، «بەقا گۈلى» دېگەن نام بىلەن 24 خىل تىلدا نەشىر قىلىشقا تەييارلىق قىلماقتا. بىزمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسىرى چوڭقۇر ۋە ئورنى مۆتىۋەر بولغان نەۋائىينىڭ تەۋەللۇدىنى خاتىرىلەشنىڭ بىر شەكلى سۈپىتىدە، مەزكۇر ئون غەزەلنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇق.

## «بەقا گۈلى»

(«باقىيلىق گۈلى»)

*　*

مېنى مەن ئىستەگەن ئۆز سۆھبەتىگە ئەرجۇمەند ئەتمەس،
مېنى ئىستەر كىشىنىڭ سۆھبەتىن كۆڭلۈم پىسەند ئەتمەس.
نەبەھرە تاپقامەن ئاندىنكى، مەندىن ئىستەگەي بەھرە،
چۇ ئولكىم، بەھرەئى ئاندىن تىلەرمەن بەھرەمەند ئەتمەس.
نېتەي ھۆررۇ پەرى بەزمىنكى قەتلىم ياھەياتىمغە،
ئەيان ئول زەھرى چەشم ئەيلەپ نىھان بۇ نوشخەند ئەتمەس.
كېرەكمەس ئاي ئىلە كۈن شەكلىكىم، ھۇسنو مەلاھەتدىن،
ئىچىم ئول چاك ـ چاك ئەتمەس، تەنىم بۇ بەند ـ بەند ئەتمەس.
كېرەك ئۆز چابۇكى قاتىلۋەشى مەجنۇن شىئارىمكىم،

بۇزۇغ كۆڭلۈمدىن ئۆزگە يەردە جەۋلانى سەمەند ئەتمەس.
كۆڭۈل ئۆز چەرخ زالىدىن قىرىبىن يېمەكىم، ئاخىر،
ئەجەل سەررىشتەسىدىن ئۆزگە بوينۇڭغە كەمەند ئەتمەس.
ئول ئاي ئوتلۇغ يۈزىن ئاچسە، نەۋائى، تەگمەسۈن دەپ كۆز،
مۇھەببەت تۇخمىدىن ئۆزگە ئول ئوت ئۆزرە سپەند ئەتمەس.

* *

ھەرفى ئىشق ئولدى ئەزەلدىن سەفھەئى جانىمدە سەبت،
ھەرنە ئاندىن ئۆزگە بارچە لەۋھى نىسيانىمدە سەبت.
دېدىم: ئەي كۆڭلۈمگە ئوق ئۇرغان، نەدۇر ئاتىڭ دېگىل،
دېدى: باقىم، ئەيلەمىشلەر ئانى پەيكانىمدە سەبت.
قايسى شاھلار باشى قەسرىڭ دەۋرىدە بارمىش دېسەم،
دەركى، باققىلىكىم، ئېرۇر ئول تاقى ئەيۋانىمدە سەبت.
بولسە تابىئ ۋامىقۇ مەجنۇن، نەتاڭكىم، ئەيلەمىش،
ئىشق تۇغراسىن قەزا كىلكى مېنىڭ شانىمدە سەبت.
ئىشق ئەۋراقىدە، ئەيكىم، ئوقىدىڭ يۈزمىڭ بەلا،
يۈز تۈزمەن ئانچە ئېرور ئەۋراقى ھىجرانىمدە سەبت.
دەردى گەنجى شەرھىنى، ئەيكىم، تىلەرسەن، قىلمىشەم،
غۇسسە نىشى نەۋكى بىرلە گەنجى ۋەيرانىمدە سەبت.
نە ئۇقىرسەن قىسسەدە يەئقۇب ھۇسنىكىم ئېرۇر،
ئانچە يۈز بىر ئاي غەمىدىن بەيتۇل ـ ئەھزانىمدە سەبت.
جۇزۋى ـ جۇزۋىنى ئايىرىپكىم پەرىشان ئەيلەدىڭ،
باردۇر ئانىڭ شەرھى ئەجزايى پەرىشانىمدە سەبت.
ئىشق تىغى ياراسىدىن ئولگەنىم تارىخىنى،
ئەي نەۋائى، نەزم ئەيلەپ، ئەيلە دېۋانىمدە سەبت

* *

قان يۇتۇپ ئۇمرى جەھان ئەھلىدە بىريار ئىستەدىم،
لاكىن ئول كەمراق تاپىلدى، گەرچى بىسيار ئىستەدىم.
كىمگەكىم جانىم فىدا ئەيلەپ سانىندىم يار ئېرۇر.
ئېرمەس ئېردى يارلىغدا چۇن ۋەفادار ئىستەدىم.
بىلمەدىم، ئالەم ئېلىدە يوقتۇرۇر مۇتلەق ۋەفا،
ۋەھكى، ئۇمرى ئولچە يوقتۇر ساغىنىپ يار ئىستەدىم.

ئۇلكى تاپىلماس بەشەر جىنىسىدە ۋاھ غەفلەت كۆرۈڭ،
كىم پەرى خەيلىدە مەن دىۋانەئى زار ئىستەدىم.
سىررى ئىشقىمنى كۆڭۇل كۆز بىرلە فاش ئەتمەس نە تاڭ،
قەلبۇ تەر دامەننى چۇن مەن ساھىب ئەسرار ئىستەدىم.
شەيخ بىرلە خانەقاھدىن چۇن يارۇقلۇق تاپمادىم،
دەير پىرى خىزمەتىغە كويى خۇممار ئىستەدىم.
ئەي نەۋائى، چۇن رەفىقى تاپمادىم بۇ غۇسسەدىن
ئۆزنى بىكەسلىك بەلاسىغە گىرىفتار ئىستەدىم.

*                    *

ۋەفانى قىلدى كۆپ ئازۇردە، ئول ئاي چۇن جەفا ئەيلەپ،
ئەدەم دەشتىدە كۆڭلۇمنى ۋەتەن قىلمىش، جەلا ئەيلەپ.
ۋەفا ئانداقكى قاچتى ئول جەگەردىن، ئەگەر مەن هەم
قاچا ئالسام، يەنە ئىشقىن هەۋەس قىلماي، خەتا ئەيلەپ،
دىمەن دەۋران ئارا يوقتۇر ۋەفا ئەيلەپ ۋەفا كۆرگەن،
كى يوقتۇر مىڭ جەفا تارتىپ، قۇتۇلغان بىر ۋەفا ئەيلەپ،
يىقىلغان ئىشق ئارا سىھھەت تەمەئ قىلما مەسىھادىن،
كى بۇ بىمارلىغىدىن كىمسە قوپقان يوق، دەۋا ئەيلەپ.
سەفالى فەقر ئال، جانۇ جەهان نەقدىن بىرىپ، گەرچە،
كىشى جەمشىد جامىن ساتقىن ئالمايدۇر بەها ئەيلەپ.
قۇتۇلساڭ بىۋەفاۋەشلەر غەمىدىن، ئەي كۆڭۇل شۇكر ئەت،
يەنە چەكمە بەلا، ئۆزنى بىراۋغە ئاشنا ئەيلەپ.
بىزىڭ ئەفسانەمىزدىن نۇكتە سۇرمەڭ، ئەي خىرەد ئەهلى،
نەددىنكىم، بۇ جۇنۇن فەسلى تۈگەنمەس، ماجەرا ئەيلەپ.
ماڭا يوق ئۆزگەگە بارى ۋەفا قىلغاننى گەر تاپسام،
باشىدىن ئۆرگۈلەي، ئاللىدا جانىمنى فىدا ئەيلەپ.
كۆڭۈلكىم، روزغارىمنى قارارتىپ بولدى ئەۋارە،
تاپىلسە، كەزدۇرەي دەۋران ئارا يۈزۈن قارا ئەيلەپ.
گەدالەرغە گەهى لۇتف ئەت، شەها، بۇ شۇكر ئۈچۈنكىم، هەق
سىنى لۇتف ئەيلەبان شاه ئەيلەدى، بىزنى گەدا ئەيلەپ.
نەۋائى، كىمسە يوقكىم، چەرخ زۇلمىدىن زەبۇن ئەرمەس،
نەۋا جاۋىد كىمگە بەردى، بىزنى بىنەۋا ئەيلەپ.

*                    *

ۋەهكى، رەسۋا مەن يەنە دىۋانەۋۇ ئاقىل ئارا،

بۇلئەجەب ھالىم بولۇپ ئەفسانە ھەر مەھفىل ئارا.
مۇزتەر ئېردىم ھەجرىدىن، يارئەتكەن ئېرمىش تەركى مېھر،
مۇشكىلەردۇر ئىشقىدىن ھەردەم ماڭا مۇشكىل ئارا.
ئەقلۇ سەبرۇ ھۇش كېتىپ، كۆڭلۈمدە قالدى داغلار،
كارۋان كۆچسە، قالۇر ئوتلار يېرى مەنزىل ئارا.
ئوقلارىڭ مىژگان كەبى گىريان كۆزۈم ئەترافىدە،
راست باردۇر ئول قاشىڭنىڭكىم پۈتەر ساھىل ئارا.
كىرفىكىڭ تۈشكەن كۆڭۈل ئىچرە خەيالىڭ، ئەي پەرى،
گويىيا يۈسۈف نۇزۇل ئەتمىش چەھى بابىل ئارا.
قۇلمۇغۇڭ داغىدىن ئۆلسەم، ئىستەمان ئازادەلىك،
كىم بۇ تامغادۇر نىشانى مۇدبىرۇ مۇقبىل ئارا.
مەسكەنىڭ ئىستەر، نەۋائى، نەسىيە جەننەت ئەھلى زوھد،
مۇنچە-ئوق بولۇر تەفاۋۇت ئالىمۇ جاھىل ئارا.

* *

ئەي، جەمالىڭ گۈلشەنى خوبۇ ۋىسالىڭ باغى خۇب،
ئەلگە لۇتفۇڭ خوب ئېسە، جانىمغە زۇلمۇڭ داغى خۇب.
مەيدىن ئول رۇخسار گۈلگۈن بەس مۇلايىمدۇركى بار،
ساف ئۆزرەكىم بىرۇ بىر تۈشسە گۈل يافراغى، خۇب.
لەئلى كۆڭلۈم ھالىنى سورغاچ، تىرىلدىم ھەجر ئارا.
نە بەلا بار ئېرمىش ئانىڭ لەئلىنىڭ سورماغى خۇب.
دېمە بۇ ئالەمدە ئول ئاي خۇب، يا جەننەتدە ھۇر،
كۆرمەمىشمەن ئانداغىن، بارى ئېرۇر مۇنداغى خۇب،
مېھرىغە كۆكتە شەفەق خۇب ئېرمەس ئاندا كىم ماڭا،
ماۋى تەرلىك ئۆزرە ئول ئايىنىڭ قىزىل شىرداغى خۇب.
تۇت يىگىتلىكنى غەنىمەتكىم، قېرىغاچ ئاڭلادىم،
كىم يىگىتلىك ئىشقى بار ئېرمىش يىگىتلىك چاغى خۇب.
زاھىدا، سەن بول رىيا ئەۋجى ئۆزە مەسنەد نىشىن،
كىم نەۋائىغە ئېرۇر فەقرۇ فەنا تۇفراغى خۇب.

* *

بىرەۋغە مۇسەللەم تەرىقى تەسەۋۋۇف،
كى زاتىدە مەۋجۇد ئەمەستۇر تەخەللۇف.
تەسەۋۋۇف رىيا ئەھلىدىن ياخشى ئەخلاق،
ئېرۇر ئىستىلاھاتى زىيبۇ تەكەللۇف.

تەسەۋۋۇف ئەمەس زوھدۇ تەقۋىيۇ تائەت،
كى ئاندا رىيا يول تاپار بىتەۋەققۇف.
ئېرۇر مەھز تەقۋى ۋە لىبكىن رىياسىز،
ئۇبۇدىيەت سەرفۇ ئەينى تەلەتتۇف.
نەئەل قەۋلۇ فېئىلىغە ئاندىن تەئەددى،
نە ھەق ئەمرۇ نەھيىغە ئاندىن تەسەررۇف.
ئۆزدىن ئۇيلە بىئىختىيار ئاگلا بانكىم،
نە قالىپ تەرەددۇد ئاگا، نە تەئەسسۇف.
قىلىپ ھەق ۋۇجۇددە مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،
نەۋائى، مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇف.

*   *

دېدى: كۆزۈم قىچىشۇر، ئايتدىمكى: بادە تامىز،
دېدى: نەھاجەت ئاگا بادە، مەست ئېرۇر ئانسىز
پۈتەر گۇل ئىچرە گەھى غۇنچە، لېك ئاچىلماس،
يۈزۈگدە تۇرفە دۇرۇر كۆلكۈسى بىلە ئول ئاغىز.
كۆزۈم ياشىم ئارتىپ گەر تۇگەنمەسە تاڭ ئەمەس،
ئەجەبدۇرۇر ساچىبان سۇۋىنى قۇرۇسا تېگىز.
يۈزۈڭ قوياشمۇ ئىكىن، يا قوياش يۈزۈگمۇ ئىكىن،
كى قايسى، قايسى ئىكىن، فەرق ئەمەس نېچۈككى ئىگىز.
ئىتىڭ ئىزىگە كۆزۈم سۈرتسەم غەرىب ئېرمەس،
كى ئەين شەكلى بىلە نەقش ئولۇر ئاياغدىن ئىز.
ھەلال ئانا سۈتىدەكدۇر گەر ئۇزبەكىم تۇتسا،
تابۇغ قىلىپ يۈكىنىپ تۇستىخان ئىچىندە قىمىز.
ھەممىشە مۇغبەچە يۇ زەر قىزى فىداسى بولاي،
كى دەير پىرىغە ئەرزىر بۇ نەۋ ئوغۇل بىلە قىز.
چۇ دەۋرى چەرخ ئېرۇر بائىسى غەمۇ مىھنەت،
كۆگۈل فەراغەتىنى جام دەۋرىدىن ئالگىز.
نېچۈك يىراق بولالى پىرى دەيرۇ مۇغبەچەدىن،
نەۋائىيا، چۇ ئالارنىڭ مۇرىدۇ بەندەسى بىز.

*   *

كۆيدى يۈز شامى ئەجەل زۇلفىن پەرىشان ئەيلەگەچ،

ئۆمر خۇرشدى ئۇياقتى چىھرە پىنھان ئەيلەگەچ.
سۇردى كۆڭلۆمنى بۇزۇپ خاكى تەنىم ئۆزرە سەمەند،
يەلگە بەردى تۇفراغىن، بۇ ئۆيىنى ۋەيران ئەيلەگەچ.
لەئلى ھەجرى قىلدى قان باغرىمنى غەمدىن لەخت ـ لەخت،
قەترە ـ قەترە تۆكتى كۆزلەر يولىدىن قان ئەيلەگەچ.
ئاھكىم، بەختىم ئاغىر ئۇيقۇسىدىن ئويغانمادى،
گەرچە يۇزمىڭ فىتنە ئويغاندى مەن ئەفغان ئەيلەگەچ.
قىلمايىن سەر خۇش ھانۇز، ئەي مۇغبەچە قويماق نەدۇر،
ئاللىمە زۇننارنى دەير ئىچرە مىھمان ئەيلەگەچ.
ئاشىق ئەتكەچ شۇھرەئى شەھر ئەتتى ئول كافىر مىنى،
شەھر كەزدۇرگەن كەبى كافىر مۇسۇلمان ئەيلەگەچ.
چەكمە، ئەي بۇلبۇل، نەۋائىدەك فىغانكىم، يانماسۇن،
سەير ئۇچۇن ئول سەرۋى گۇلرۇخ ئەزمى بوستان ئەيلەگەچ.

*           *

غۇنچە گۇل ئىچرە گەھى پەيدا بولۇر گۇلزاردا،
بولمادى ھەرگىز ئەيان ئاغزىڭ سىنىڭ رۇخساردا
زەئفدىن كۇلبەمدە قوپماق ئىستەسەم ئەيلەر مەدەد،
ئەنكەبۇتى رىشتە ئاسقان بولسا ھەر دىۋاردا.
كىم جۇنۇنۇمغە يازار تەئۇىز ئىسىنەك ئەشكۆيۇر،
گەر كىبرەك شىنگەرف بىرلە زەئفەران تۇماردا.
سىيلى ئەشكىمدىن دىمەكىم، مۇلك ئەمەس مەردۇم نىشىن،
بەلكى مەردۇم قالمادى بۇ دىيدەئى خۇنباردا.
دەير تۇفراغىدا پۇتمىش سەبزە دەر كۆرگەن كىشى،
زەڭگلىك يۇز نەۋكى پەيكان بۇ تەنى ناكاردا.
ھەر بىرىسىن ئاڭلا بىر كافىر جەفاسىدىن ھىساب،
بۇ گىرىھلەركىم تۇگۇپمەن رىشتەئى زۇنناردا.
سىنىسە ئىبرىقى ۋۇزۇ، ئاندىن ماڭا بەس بىر سەفال،
مەي گەدالىق ئەيلەمەككە كۇلبەئى خۇماردا.
چەرخ ئەيۋانى مۇنەققەشدۇر ۋەلي نەققاشى سۇنئ،
چەكمەدى نەقشى ۋەفا بۇ تاقى مىناكاردا.
ئەي نەۋائى، يەر يۇزىن ئەغيار تۇتسا، غەم يىمە،
بىر سەرى مۇ، گەر سىنىڭ فىكرىڭ بار ئىىرسە ياردا.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi

# لەيلى ۋە مەجنۇن

ئۆمەر باقى يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەب

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** ئەقىل پاراسەتلىك، باتۇرلۇق، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، مۇھەببەتكە سادىق بولۇش، فېئودال كۈچلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مەجنۇن (قەيس) بىلەن، گۈزەل پاك ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار لەيلى توغرىسىدىكى بۇ داستان شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىر گۈزەل مۇھەببەت ھېكايىسىدۇر. ئۇنىڭدا لەيلى - مەجنۇندىن ئىبارەت ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، فېئودال كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇق ۋە قارشىلىق قىلىشلىرى ئارقىسىدا ۋىسال ئارزۇسىغا يېتەلمەستىن، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلىقىدەك ئېغىر تراگېدىيە ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى، مۇھەببەتكە ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلىشتەك ئىستىكىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى، ۋەقەلىكىنىڭ تەسىرلىك بولۇشى، تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭقۇر بولۇشى، رومانتىك روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كېيىنكى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى تارىخنىڭ خىلمۇ خىل سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ ۋە سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

«لەيلى - مەجنۇن» رىۋايىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تۇنجى يازما ئەدەبىياتقا كىرگۈزگەن كىشى ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1203) بولدى. نىزامىدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇساپىلەر داۋامىدا خۇسرەۋ دېھلەۋى، خاتەفى، ئەمىر شەيخىم سۇھەيلى، ئابدۇراھمان جامى، ئەلىشىر نەۋائى، ئابدۇرەھىم نىزارى، موللا پازىل، موللا سىدىق يەركەندى، ئۆمەر باقى يەركەندى.... قاتارلىق شائىر ۋە يازغۇچىلار بۇ تېمىدا داستان ۋە قىسسەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پارس تىللىق شائىرلاردىن 35 كىشى، تۈركىي تىللىق شائىرلاردىن 13 كىشى، مەخسۇس

مۇشۇ تېمىدا ئەسەرلەر ئىجاد قىلغان①.

بۇ ئەسەر نەۋائىدىن 300 يىل كېيىن ئۇمەر باقى يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىيـ لەشتۈرۈلگەن.

ئۇمەر باقىنىڭ هايات ـ پائالىيىتى توغرىلىق يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت ئۇنىڭ 1792 ـ يىلى «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرهاد ۋە شىرىن» قاتارلىق ئىككى داستانىنى نەسرىي ئۇسۇلدا يېزىپ چىقىپ، بۇ ئىككى قىسسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن هۆكۈمدارى ئەۋەز بەگنىڭ هۇزۇرىغا تەقدىم قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى 1750 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن.

بۇ ئەسەردە ئۇمەر باقى نەۋائىنىڭ ئەسىرىدىكى ئاساسىي ۋەقەلىكنىڭ مۇهىم تەرەپـ لىرىنى، تىلىدىكى گۈزەللىكىنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن ئىپادىلەشكە تىرىشقان. شۇنداقلا، ۋەقەلىكنىڭ باش ئاخىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىغا، چېكىنمە باياناتلارنىڭ تەرتىپىگە، ۋەقەلىكنىڭ راۋان بولۇشىغا ئالاهىدە دىققەت قىلىنغان.

بۇ ئەسەر خوتەندىن تېپىلغان، 1224 ـ هىجرى (مىلادى 1810 ـ يىلى) كۆچۈـ رۈلگەن قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. داستاننىڭ باشتىكى هەمدۇ ـ سانا قىسمى قىسقارتىلدى. ئاخىرىدا بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كۆپ ياردەمدە بولغان ئۇستازىم ئابدۇرۇپ پولاتقا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

* *

هەممىگە مەلۇم بولسۇنكى، بارچەخالايىق ئۈچۈن بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە خىزمەت كەمىرىنى مەهكەم باغلاپ، بەندىلىك بۇرچىنى ئادا قىلمىقى زۆرۈردۇر. شۇ جۈملىدىن، ئىشىق يولىدا مۇهەببەت ئوتىدا كۆيۈپ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى پاك قىلمىقى بارچىدىن ئەلادۇر. لېكىن مۇنداق شەرەپكە هەممە ئادەم ئوخشاشلا مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدۇ، بەزىلەر مۇيەسسەر بولالىسا، بەزىلەر مەهرۇم قالىدۇ.

مۇشۇ هەقتە، بىرنەچچە داستان ئارقىلىق پاكلىق مەرتىۋىسىنى بايان ۋە ساپلىق دەرىجىسىنى روشەن قىلىپ، ئۇنى شىجائەتلىك ئادالەتپەرۋەر هىممەتلىك ۋە ياخشى نىيەتلىك هەزرىتى ئەۋەز بەگ (تەڭرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئالىي قىلسۇن) نىڭ هۇزۇرىغا تۆهپە قىلىش ئۈچۈن، كەمىنە پېقىر بىچارە ۋە ئېتىقادلىق ئۇمەر باقى «لەيلى ـ مەجنۇن» دىن بىرقانچە هېكايىنى نەسرىي يول بىلەن تۈزۈپ چىقتىم.

هەققەتنى بىلگۈچىلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەرەب قەبىلىسىدە بىر خوجا بار بولۇپ، ئۇ ناهايىتى باي، دۆلەتمەن كىشى ئىدى. ئۇ بىرنەچچە قەبىلىگە سەردار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى، ئۇ تەڭرىگە يالۋۇرۇپ، ئارزۇ ـ ئارمان بىلەن تىلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر پەرزەنت يۈزى كۆردى. بۇنىڭ ئۈچۈن خوجا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇنىڭغا «قەيىس» دەپ ئىسىم

① ئىراندا نەشر قىلىنغان «دەهخۇدا قامۇسى» ــ «لەيلى ـ مەجنۇن» سۆزىگە قاراڭ.

قويدى. ياخشى پەرۋىشلەر قىلىپ چوڭ قىلدى. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى. ئۆز قەبىلىسىدە لايىقراق مەكتەپ بولمىغاچقا، باشقا قەبىلىدىن مەكتەپ ئىزدىدى. شۇ ۋاقىتتا يەنە بىر قەبىلىدە تەقۋادار پەرھىزكار بىر موللا بار ئىدى. ئۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزى مەكتەپ ئاچقانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ مەھەللىدىكى باللارنىمۇ ئوقۇتاتتى. خوجا قەيسىنى شۇ ئالىمغا نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن ئاپىرىپ بەردى. ئالىم ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تەلىم بېرىشكە كىرىشتى. قەيس پەم-پاراسەتلىك زېرەك ئىدى. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۆپ بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدى.

بۇ ئالىمنىڭ «لەيلى» ئىسىملىك ساھىبجامال بىر مەسۇم قىز شاگىرتى بار بولۇپ، بىرنەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن، مەكتەپكە كېلەلمىگەنىدى. ئازراق ساقىيىپلا مەكتەپكە كېلىشنى ئىختىيار قىلدى. ئۆزىگە چىرايلىق زىبزىننەت بىلەن پەداز قىلىپ، يۈز ناز، مىڭ جىلۋە بىلەن دەرسكە باردى. ئۇ ئۆز ساۋاقداشلىرى بىلەن دەرس تەكرار قىلىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز قەيسنىڭ نەزەرى لەيلىنىڭ جامالىغا چۈشتى. لەيلىنىڭ يادەك ئىككى قېشىنىڭ ئاستىدىن گويا يۈرەكنى پارە-پارە قىلغۇچى ئوق ئېتىلىپ چىقىپ قەيسنىڭ كۆكرەك قەپىزىسىگە تېگىپ، ئۇنى تېشىپلا ئۆتۈپ كەتتى. قەيس ئاھ دېدىيۇ، بۇ ئىشنى كۆڭلىدە يوشۇرۇن تۇتتى. بىراق ئۇنىڭ ئەھۋالى يامانلاشتى.

لەيلى پاراسەت بىلەن قەيسنىڭ ئۆزىگە مەپتۇن بولغانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئالىم شاگىرتى لەيلىنى دەپ مەكتەپ باللىرىنى قويۇپ بەردى. لەيلى بارلىق ساۋاقداشلىرىنى چاھار باغقا باشلاپ باردى. قەيسنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ باردى. بارلىق قىزلار ئويۇنغا مەشغۇل بولدى. قەيسنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەمكىن ئىدى. لەيلىنىڭ كۆڭلى قەيسنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ئىنتىزار ئىدى. ئاخىرى لەيلى قەيسنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ئەي قەيس نېمە سەۋەبتىن پەرىشان بولدۇڭ، ياكى بىر كىشىنىڭ ئىشق ئوقى كۆڭلۈڭگە تەگدىمۇ؟!

قەيس بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ بىئارام بولدى. ئۇ لەيلىگە:

— ئەي سۇمبۇل چاچ، ئىشق بالاسى ماڭا سەندىن تەگدى، مۇھەببەت ئوتى سېنىڭ ھىجرىڭدىن تۇتاشتى. يەنە كىمگە بۆھتان قىلىسەن؟! — دەپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

دەرسەن: «قايسى پەرى تەلبە ئەيلەمىش»
ئەي باغرى تاش، بىلىپ يەنەنە سوئال ئىكىن؟

ئۇ بىر «ئاھ» ئۇردى-دە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. قەيسنىڭ بۇ ئەھۋالى لەيلىگە تەسىر قىلدى. لەيلىمۇ بىئارام بولدى-دە، ئۆزىنىڭ تىلىغا مۇنۇ شېئىرنى جارى قىلدى: بېيىت:

كۆڭۈلنى ئالدۇرۇبان ئىختىيارسىز بولدۇم،
كۆزۈم جامالىغا تۈشكەچ قارارسىز بولدۇم.

لەيلى بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، قەيسنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا تۇساتتىن لەيلىنىڭ ئىككى كېنىزىكى كېلىپ قېلىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆردى. لەيلى ناھايىتى خىجىل بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى ھەم كېنىزەكلىرىگە ئۆزرە ئېيتتى. ئۇلار لەيلىگە كۆپ كايىدى. بىراق، لەيلى بولغان ئەھۋالنى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا بايان قىلدى. كېنىزەكلەرنىڭ بىرى مۇھەببەت ئۈچۈن كۆپ ئازابلارنى چەككەندى. ئۇ دەرھال لەيلىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا تەسەللى ئېيتتى ئاندىن:

— سىز بۇ جايدا مۇنداق تۇرسىڭىز، سۆز-چۆچەككە قالىسىز، ئۆيگە بېرىڭ، — دېدى-دە، لەيلىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىر كېنىزەك قەيسنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ قالدى. كۈن كەچ بولدى. قەيس ھوشىغا كەلمىدى. ئۇ كېنىزەك بىر كىشىنى قەيسنىڭ قېشىدا قويۇپ، ئۆيىگە كەتتى. قەيس سەھەر ۋاقتى بولغاندا ھوشىغا كەلدى ۋە كۆپ نالە-زارلار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى. ئۇ قېشىدىكى كىشىدىن:

— بايىقى ھەمراھلار قېنى؟ مەن نېمە سەۋەبتىن بۇ جايدا يېتىپ قالدىم، لەيلى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

— سىز بىھوش بولۇپ يىقىلىپ قالدىڭىز، لەيلى بېشىڭىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى. كېنىزەك لەيلىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى، — دەپ بولغان ۋەقەنى باشتىن-ئاياغ بايان قىلدى.

قەيس يەنە بىر «ئاھ» تارتىپ بىھوش بولدى. قېشىدىكى كىشى ھەيران بولۇپ، قەيسنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا خەۋەر قىلغىلى ماڭدى.

قەيسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆيگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئۇ كىشى يېتىپ باردى-دە، قەيسنىڭ ئەھۋالىنى ئاتا-ئانىسىغا بايان قىلدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، قەيسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى. قەيس تېخىچە بىھوش ياتاتتى. ئۇلار كۆرۈپ كۆپ قايغۇردى. شۇ ئەسنادا قەيس ھوشىغا كەلدى. ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى خىجىل بولدى. ئۇلار قەيسنى دەرھال مەپىگە سېلىپ ئۆيىگە راۋان بولدى. ئۇنى ھۇجرىسىغا ياتقۇزدى. بارلىق كىشىلەر خۇشال-خۇرام تارقاشتى.

قەيسنى مۇھەببەت ئوتى ئۆرتىمەكتە ئىدى. بىئاراملىق ۋە بىقارارلىق ئىچىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايتتى. ئاخىرى ئۇ ئىشقىنىڭ كۈچى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ لەيلى تەرەپكە راۋان بولدى. قەيس يول بويى پىغان چېكىپ، مۇشەققەت بىلەن لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە يەتتى.

بۇ ۋاقىتتا لەيلىمۇ قەيسنىڭ پىراقىدا ئاجىز بولۇپ، ئۇيقۇسى كېلەمەي ئوي-ئويلاپ ياتاتتى. قەيسنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى لەيلىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. لەيلى قەيس كەلگەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قەيس تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ ۋاقىتتا لەيلىنىڭ بىر ئىنىك ئانىسى بار ئىدى. لەيلىنىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، لەيلىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئاخىر لەيلى قەيسنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىلىندۇردى. قەيس لەيلىنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ ئالدىغا قارشى ئېلىپ چىقتى. قەيس «ئاھ» تارتىپ، بىھوش بولۇپ

يىقىلدى. لەيلىمۇ «ۋاھ» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىھوش بولدى. لەيلىنىڭ ئىنىك ئانىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ ھالىغا زار-زار يىغلاپ، بىر سائەت ئولتۇرغاندى ئۇلار ھوشىغا كەلدى. ئىنىك ئانا:

— بۇ ۋەقەنى كىشى بىلسە يامان بولىدۇ، — دېدى ۋە قەيسنى بىر بۇرجەككە، لەيلىنى باشقا بىر جايغا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزدى.

بۇ ئارىدا كېچە-كۈندۈزگە ئالماشتى، قەيسنىڭ ئاتا-ئانىسى قەيسنى ھۇجرىسىدىن تاپالمىغاچقا، ئىزدەشكە كىشى ئەۋەتتى. بۇ كىشىلەر قەيسنىڭ ئىزىنى بويلاپ لەيلىنىڭ ئۆيى تەرەپكە راۋان بولدى. بېرىپ قارىسا، لەيلىنىڭ قەبىلىسىدىن بىر ئىز چىقتى. بۇ ئىككى ئىزنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن بېرىپ، بىر يەردە ئۇچرىشىپ ئەرز-ھالىنى بىر-بىرىگە ئېيتىشىپ بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئىزدىگۈچىلەر قەيس ياتقان يەرگە كەلدى، قارىسا قەيس بىھوش يېتىپتۇ. ئۇلار قەيسنى كۆتۈرۈپ ئاتىسى قېشىغا ئېلىپ باردى. ئاتا-ئانىسى بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن پەرىشان بولدى. بۇ ئارىدا قەيس ھوشىغا كەلدى، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئەمما پايدىسى بولمىدى.

قەيس مۇشۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. بىراق كېچە-كۈندۈز لەيلىنىڭ پىراقىدا بىھوش كىشىلەردەك يۈرەتتى. بەزى خەلق ئۇنى ئاشىق دەيتتى، بەزىلەر «دىۋانە» دەيتتى. كوچىغا چىقسا بالىلار: «جىن چاپلاشقان سارالڭ» دەپ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، بېشىغا توپا چېچىپ مەسخىرە قىلاتتى. ئەمما قەيس پەرۋا قىلمايتتى. بۇ سەۋەبتىن قەيسنى «مەجنۇن» (سارالڭ) دەپ ئاتىدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز لەيلىنى ئەسلەشتىن باشقا ئىشنى يادىغا كەلتۈرمەيتتى.

مەجنۇننىڭ لەيلىگە ئاشىقلىقى پۈتۈن كۆل ئەرەبىستانغا پۇر كەتتى. ئۇ يالاڭباشتاق ۋە يالىڭاياق يۈرەتتى. كىشىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمايتتى. شۇ ئەسنادا مەجنۇننىڭ ئەھۋالى لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالدى. لەيلىنىڭ ئاتىسى مەجنۇننىڭ بۇ ئەھۋالىغا كۆپ ئەپسۇسلاندى. ئۇ كىشىلەردىن:

— سىزلەر بىلدىڭىزلارمۇ؟ مەجنۇن بۇ جاپانى قايسى قەبىلىدىن، كىمدىن تېپىۋاپتۇ؟ كىمنىڭ پىراقىدا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

كىشىلەر ئىما-ئىشارەتلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ سەۋەبكارى لەيلى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇنى ئاڭلاپ، لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئەقلى لال بولدى. لەيلىنىڭ ئاتىسى خەلقنىڭ مۇنداق سۆزلىرىگە تاقەت قىلالمىدى. ئۇ مەجنۇننىڭ ئاتىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئوغلىغا ياخشىلىق بىلەن تەربىيە بەرسۇن، ئۇنى سۆزىگە كىرگۈزسۇن، كىرگۈزەلمىسە، سولاپ باقسۇن. ئۇنداق دىۋانىنى زەنجىر بىلەن بەند قىلىپ بېقىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئوغلىدىن ئۈمىد ئۈزسۇن. ناۋادا بۇ تەرەپكە كېلىپ قالسا، مەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن. ئەگەر ئۇنى باشقا قەبىلىلەردە كۆرۈپ قالسام، ئىزا-ئاھانەتكە تويغۇزىمەن» دېدى. بارغان كىشى بۇ سۆزلەرنى مەجنۇننىڭ ئاتىسىغا تولۇق يەتكۈزدى. مەجنۇننىڭ ئاتىسى بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئىنتايىن خاپا بولدى. ئامالسىز مەجنۇننى ئىزدەپ چىقىپ، ئۇنى باياۋاندىن تاپتى. مەجنۇننىڭ ھالىغا ناھايىتى كۆپ يىغلاشتى. ئاتا ئوغلىنى ئامالسىز بىر ھۇجرى-

رىغا سولاپ، مەھكەم باغلاپ باقتى.

مەجنۇننىڭ ئىشىق دەردى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇلار ئاخىر بىر دەرد كۆرمىگەن نادان تېۋىپنى تېپىپ، مەجنۇننى كۆرسەتتى. تېۋىپ مالىخۇليا دورىسىنى ياساپ بەردى. نەتىجىدە مەجنۇننىڭ دەردى ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە زىيادە بولدى. ئاتا باغلاقنى ئىلگىرىكىدىن زىيادىرەك چىڭ قىلدى. جەبىر-جاپا ئازاب كۈلپەت چېكىدىگە يەتتى. بىر كېچە ئۇ ئىشقىنىڭ سەۋداسىدا ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، بىر «ئاھ» تارتتى ۋە: «ئەي ئەزرائىل، قەيەردىسەن؟ مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن، ياكى تەڭرى مېنى بۇ باغلاقلاردىن ئازاد قىلسۇن، باياۋانغا چۈشۈپ ئىختىيارىمچە يۈرەي، ياكى بولمىسا بىرەر جەزىرىدە ئۆلۈپ كېتەي» دەپ نالە-پەرياد چەكتى. زار-زار يىغلاپ، دەردلىك دىلىدا چوڭقۇر بىر «ئاھ» ئۇردى-دە، ئورنىدىن يۈگۈرۈپ قوپتى. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن قول-پۇتىدىن زەنجىر ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى. مەجنۇن ناھايىتى خۇشال بولدى. تەڭرىگە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ھۇجرىنىڭ ئىشىكىمۇ ئېچىلىپ بەردى. مەجنۇن چىقىپ ئادەمنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان يەرگە بېرىپ، لەيلىنى ئەسلەپ، تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاھ پىغان بىلەن كىيگەن كىيىملىرىنى تاشلاپ، گادايلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈردى.

لەيلىمۇ مەجنۇننىڭ پىراقىدا ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئىشتىياقىدا كۆپ ياش تۆكۈپ، جىسمى ئاجىزلىشىپ، نىمجان بولۇپ قالغانىدى. بەزى-بەزىدە مەجنۇننى ئەسلەپ باغ ئارىلايتتى. بىر قېتىم سەيلىدىن يېنىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ باراتتى. بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن ئىبنى سالام دەپ بىر ياش كىشى بار ئىدى، ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۇنىڭدىن مالدار كىشى يوق ئىدى. شۇنداقلا دانىشمەن، پازىل كىشى ئىدى. ئۇ بىر ئىش بىلەن لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە كېلىپ، ئۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. تۇساتتىن لەيلىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئىبنى سالامنىڭ كۆڭلىگە لەيلىنىڭ ئىشقى نەقىشتەك چېكىلىپ قالدى. قايتىپ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن كۆپ بىئارام بولدى. ئۇنىڭغا چىدىماي لەيلىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆپ سوۋغا-سالام بىلەن بىر ئەلچىنى ئەۋەتتى. لەيلىنىڭ ئاتىسى ئىبنى سالامنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى-دە، چىقىپ ئىبنى سالامنىڭ كىشىسىنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن مېھمانخانىسىغا چۈشۈرۈپ، قىزغىن قارشى ئالدى. ئاخىرى ئەلچى مەقسىتىنى بايان قىلىپ، لەيلىگە سۆز ئاچتى. لەيلىنىڭ ئاتىسى ماقۇل كۆردى. بىراق لەيلىنىڭ تېنى زەئىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ساقايغىچە ساقلاشنى ئۆتۈندى. ئىبنى سالامنىڭ كىشىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قايتىپ بېرىپ، ئىبنى سالامغا لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئىبنى سالاممۇ خۇشال بولدى.

ئىبنى سالامنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى پاراڭ خەلق ئارىسىدا تارالدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، لەيلىنى كۆرگىلى كەلدى. ئاياللار لەيلىگە:

— بەختلىك قىز ئىكەنسىز، ئىبنى سالامدەك ئېسىل باي كىشىگە نېسىپ بولۇپسىز، — دەپ سالدى.

لەيلى بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ:

— بۇ قانداق گەپ! — دەپ ناھايىتى

كۆپ چېچىلدى. گويا يۈرىكىگە خەنجەر
ئۇرغاندەك ئازابلاندى. بۇ ئايالالار تارقىدى.
لەيلى يوشۇرۇن جايغا كىرىپ، زار-زار
قاخشايتتى. ئۇنىڭ ئىنىك ئانىسى لەيلىنىڭ
پەرىشان هالىغا ئىچى ئاغرىپ يىغلايتتى.
مەجنۇندىن هېچ خەۋەر يوق ئىدى.

بۇ ئەسنادا، مەجنۇن باياۋانلاردا يۈ-
رەتتى. مەجنۇننىڭ ئاتىسى باشلىق ئۇرۇق-
تۇغقانلار ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر
سەھرادا تاپتى. مەجنۇننىڭ بۇ پەرىشان
ئەهۋالىغا هەممە يىغلاشتى. بۇلارنىڭ ئى-
چىدىن بىر كىشى:

— هەج ۋاقتى بولۇپتۇ، مەجنۇننى
مەككىگە ئېلىپ بارساق تەڭرى ۋە پەيغەم-
بەر ئەلەيهىسسالامدىن يالۋۇرۇپ تىلىسەك،
ئۇنىڭ سەۋدايىلىقى ئوڭشالسا ئەجەپ ئە-
مەس، — دەپ مەسلىهەت كۆرسەتتى. هەممە
خەلقىقە بۇ سۆز ماقۇل كەلدى، ئاتا مەج-
نۇننى ئېلىپ، مەككىگە راۋان بولدى.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ،
مەككىگە يەتتى. كىشىلەر ناهايىتى كۆپ
توپلاشقانىدى. مەجنۇن كىشىلەرنىڭ ئارى-
سىغا كىرىپ، مەككىنى تاۋاپ قىلىپ يۈ-
رەتتى. ئۇنىڭ تۈيۈقسىز كىشىلەر ئارىسىدا،
ئۆزىگە ئوخشاش بىر هالى پەرىشان كى-
شىگە كۆزى چۈشتى-دە، ئاھ پەرياد تار-
تىپ، مەككەئى شەرىپنى چۆگىلەشكە باش-
لىدى. ئۇ تەڭرىگە مۇنداق مۇناجات قىل-
دى: «مەندەك مەجنۇننىڭ خامىنىغا ئوتنى
ياققان ۋە هىجران دەشتىدە ئېرىب سەر-
گەردان قىلغان، ئايرىلىش جاپاسىدا ئۆي-
ئوچاقلىرىدىن ئايرىغان، دەرد-مۇشەققەتتە
ئىختىيارسىز قىلغان، ئەي تەڭرى، لەيلى-
نىڭ هۆسن-جامالىنى هەمىشە زىيادە قىل-
غايسەن، ئۇنىڭ ئىشقىدا مېنى سادىق قىل-
غايسەن. يالغانچى قىلمىغايسەن. ئۇنىڭ پى-
راقىدا دەرد-مۇشەققەتلەرنى زىيادە قىل-
غايسەن. ئاشىقلىق يولىدا مەقسىتىمگە يەت-
كۈزگەيسەن» ئۇ بىر تەرەپتىن تەڭرىگە مۇ-
ناجات قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «لەيلى»
دەپ توۋلىغىنىچە مەككىنى چۆگىلەيتتى.
مەجنۇننىڭ هالىغا كىشىلەر هەيران بولات-
تى. مەجنۇن بۇ ئارىدا، «ئاھ لەيلى» دەپ
بىر ئاھ ئۇردى-دە، بىهوش بولۇپ يى-
قىلدى. بۇ هالنى كۆرگەن ئاتىسى باشلىق
هەمراهلىرى «ساقىيىش ئېهتىمالى يوقكەن»
دەپ هۆكۈم قىلىپ، ئۈمىد ئۈزدى ۋە قاي-
تىشقا ماڭدى. مەجنۇن يولدا كەلگۈچە بايا-
ۋانغا چۈشۈپ كەتتى.

## مەجنۇننىڭ چۆلدە نەۋفەلگە ئۇچرىغانلىقى

هەقىقەت ئەهلىلىرى بۇ قىسسىنى
مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

مەجنۇن، لەيلىنىڭ پىراقىدا دائىم
يىغلاپ، باياۋاندا يۈرەتتى. نۇرغۇن ياۋايى
هايۋانلار مەجنۇن بىلەن ئۈلپەتلىشىپ، قە-
يەرگە بارسا ئەگىشىپ يۈرەتتى.

شۇ زاماندا ئەرەب قەبىلىسىدە نەۋفەل
دەپ بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ هەممە كى-
شىلەرنىڭ سەردارى ئىدى. ئۆزى قەهرىمان
ۋە باتۇر كىشى ئىدى. ئۇ ئوۋغا چىققانىدى،
بىر توپ كېيىك، قۇلان ۋە ياۋايى هاي-
ۋانلار كۆرۈندى. نەۋفەل هەمراهلىرى
بىلەن كېلىپ، بۇ هايۋانلارنى قورشىدى.
بۇ هايۋانلار قورشاۋدىن چىقىپ، مەجنۇن-
نىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ، ئۇنىڭدىن پاناھ-
لىق تىلىدى. نەۋفەل كېلىپ سالام قىل-
دى. مەجنۇن سالامنى قوبۇل قىلدى. نەۋ-
فەل بۇ ياۋايى هايۋانلارنىڭ قىلىقلىرىغا
ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى. مەجنۇن كۆڭلى
بۇزۇلغان هالدا، نەۋفەلدىن هايۋانلارغا

ئازار بەرمەسلىكنى سورىدى. نەۋفەل قوبۇل قىلىپ، ھايۋانلارغا ئازار بەرمىدى.
نەۋفەل:

— بۇ كىمدۇر؟ بۇ جانۋارلار بۇنىڭغا بۇنچە رام بولۇپتۇ. بۇ قانداق ئەھۋالدۇ؟ — دەپ ئەجەبلەندى.

نەۋفەلنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا بىر كىشى بار ئىدى، مەجنۇننىڭ ھال-ئەھۋالىنى ياخشى بىلەتتى. نەۋفەلگە ئەھۋالىنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ، مەجنۇننىڭ لەيلى پىراقىدا قەددى پۈكۈلۈپ، چىرايى ساماندەك بولغانلىق ئەھۋالىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. نەۋفەلمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىشىق ئوتىدا كۆپ ئازابلار تارتقانىدى. مەجنۇننىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىدى.

نەۋفەل:

— ئەي مەجنۇن، مەن سېنى مەھبۇبۇڭنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزەي، ئەگەر پۇل-مال بىلەن بولسا ئۇنىڭ بىلەن، ئەگەر پۇل-مال بىلەن بولمىسا كۈچ بىلەن يەتكۈزەي، — دەپ كۆپ ۋەدىلەر قىلدى. مەجنۇن بۇ سۆزلەرگە كۆپ خۇرسەن بولدى.

ئاخىرى نەۋفەل مەجنۇننى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۆيگە بارغۇچە، مەجنۇننىڭ يول بويى چەككەن ئاھى نەۋفەلگە تەسىر قىلدى، كۆڭلى مۇمدەك يۇمشىدى. نەۋفەل دەرھال لەيلىنىڭ ئاتىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى. نەۋفەل: «ئەي لەيلىنىڭ ئاتىسى، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، قەيس ناھايىتى بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەن، لەيلىنىڭ پىراقىدا سەرگەردان بولۇپتۇ. سەن نېمە ئۈچۈن نامەردلىك قىلىپ، قەيستەك يىگىتنى قويۇپ، باشقىنى ئىختىيار قىلىسەن؟ مەيلى قانداق بولسۇن، سەن بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلىپ، قەيسكە لەيلىنى بەر، ئەگەر بىزنىڭ يۈز-خاتىرىمىزنى قىلمىساڭ، دەيدىغىنىڭنى دە» دەپ مەكتۇپ يېزىپ، ئەلچىگە بېرىپ، بۇ سۆزنى لەيلىنىڭ ئاتىسىغا بايان قىلدى. لەيلىنىڭ ئاتىسى ئادەت بويىچە ئىھتىرام بىلەن ئەلچىگە:

— مېنىڭ بۇ قىزىم بىرسىگە سۆزلۈك ئىدى. بولمىسا، قەيسكە بەرمەي كىمگە بېرەي، ھازىرمۇ ھەم ئۇ سۆزلۈك كىشى رۇخسەت قىلسا، بۇئىش راۋا بولىدۇ. ئەگە رۇخسەت بەرمىسە، ئامالىمىز يوق. قانداق قىلىشلىرى ئۆز ئىختىيارلىرىدا» دەپ نەۋفەلنىڭ ئەلچىسىنى ياندۇردى.

ئەلچى لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى نەۋفەلگە بايان قىلدى. نەۋفەل قاتتىق غەزەپلىنىپ، قەبىلىسىنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ، مەردانىلىق بىلەن، لەيلىنىڭ قەبىلىسى تەرەپكە راۋان بولدى. نەۋفەل مەجنۇننى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈردى. نەچچە كۈندىن كېيىن، لەيلىنىڭ قەبىلىسىگە يېتىپ باردى. ئىككى تەرەپتىن سەپ تارتىپ، جەڭگە تۇتۇندى. نەۋفەلنىڭ لەشكىرى كۆپ ئىدى. لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ لەشكىرى ئازراق ئىدى. شۇڭا ئۇ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. لەيلىنىڭ ئاتىسى قورقۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلدى. تۇغقانلار:

— لەيلىدەك جاندىن ئەزىز بىلىپ پەرۋىش قىلغان پەرزەنتىڭنى، قەيستەك ساراڭغا بېرەمسەن؟! بۇ مىڭ نومۇس ئەمەسمۇ؟! ئەرەبلەر ئارىسىدا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرىسەن؟! — دەپ كۆپ مالامەت قىلدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى:

— بۇنداق كۆپ دۈشمەنگە بۈگۈنچە سەۋر قىلىپ تۇرغىنىم ياخشى، — دەپ

مەسلىھەت كۆرسەتتى.

ئەتىسى يەنە جەڭ قىلىغىلى سەپ
تارتتى.

مەجنۇن لەيلىنىڭ پىراقىدا بىر تۇ-
رۇپ پەرىشان بولۇپ، بىر تۇرۇپ يەنە
ۋىسال ئۇمىدىدىن خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئۇخ-
لاپ قالدى. شۇ زامان چۈشىدە، ئۇ جانىنى
يۈز ھەسسە كۆيدۈرگۈچى ئاي يۈزلۈك
دىلبەر، ئاجىزەلىك بىلەن مەجنۇن تەرەپكە
كېلىپ: «ئەي ئاشىقلىق يولىدا سادىقلىق
قىلغان ۋەيرانلىق جاپاسىغا رازى بولغان
مەجنۇن. مەن سېنىڭ پىراقىڭدا كۆپ كۆيـ-
دۈم. مېنىڭ ئۇمىدىم — سېنى ئەسلەش
بىلەن جانىنى ئۆزمەكتۇر. خۇداغا شۈكرى،
مەن ئەمدى مۇرادىمغا يېتىدىغان بولدۇم
دەپ كۆپ ئىلاجلار قىلدىم. مېنى سېنىڭ
سەۋەبىڭدىن ئۆلتۈرمەكچى. دادام باشلىق
بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز مۇشۇنداق مەس-
لىھەت قىلىشتى. سېنى تەڭرىم سالامەت
ساقلاپ، مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، مەن ئەمدى
كېتىمەن، سەن بىلەن دىدارلىشىپ قايتاي
دەپ كەلدىم» دەپ مەجنۇننى قۇچاقلاپ،
زار-زار يىغلاپ، كۆزىدىن غايىب بولدى.
مەجنۇن بىر «ئاھ» ئۇرۇپ ئويغاندى. ئۇ
تاقەتسىزلىنىپ، نەۋفەلنىڭ قېشىغا باردى.
ۋە نەۋفەلگە:

— مېنىڭ ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ
كەلدىڭىز، تەڭرى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۇن.
ئەمدى سىزگە ئىلتىماسىم شۇكى، مېنىڭ
سەۋەبىمدىن ئۇلارغا تولا ئازار بەرمەڭ —
دەپ كۆپ يېلىندى.

نەۋفەل:

— نېمە سەۋەبدىن مۇنداق دەيسەن؟ —
دەپ سورىدى.

مەجنۇن چۈشىدە كۆرگەن ئەھۋاللار-
نى بايان قىلدى. نەۋفەل مەجنۇننىڭ
كۆڭلىنىڭ پاكلىقىنى، ۋىجدانىنىڭ ساپلىـ
قىنى بىلىپ، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

نەۋفەل:

— ئىش مۇنداق بولسا بىز يانايلى، —
دەپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، قەبىلىسى
تەرەپكە راۋان بولدى. مەجنۇن نەۋفەلدىن
رۇخسەت تىلەپ، يەنە بىر تەرەپكە راۋان
بولدى.

لەيلىنىڭ قەبىلىسى نەۋفەلنىڭ مۇ-
شۇنداق غەلىبە قىلىپ تۇرۇپمۇ قايتىپ
كەتكەنلىكىگە ھەيران بولدى. بەزىلەر:

— بىزگە ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتىدۇ،
بۇلار يەنە كېلىدۇ، — دەپ ئىشەنمەي،
باشقا تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى.

مەجنۇن باياۋاندا كېتىۋاتاتتى. ئالدىغا
قوي تېرىسى يېپىنچا قىلغان بىر كىشى
يولۇقتى. مەجنۇنغا سالام قىلدى. مەجنۇن
ئىلىك ئېلىپ، ئۇ كىشىنى ئۆزىدەك غې-
رىپ چاغلاپ، ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئەركىن ئادەم، قاياقتىن كەل-
دىڭىز ۋە قاياققا بارىسىز، نام-نەسەبىڭىز
كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

— مەن لەيلىنىڭ قەبىلىسىدىن بو-
لىمەن. ئىسمىم زەيد، كەسپىم تىلەمچىلىك-
تۇر. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتىم.
نەۋفەل دېگەن بىر زالىم، مەجنۇن ئۈچۈن
كېلىپ، بىر نەچچە كۈن جەڭ قىلىپ، غە-
لىبە قىلغۇدەك بولغاندا، ئۆزىچە يېنىپ
كەتتى. بىز ئۇنى بۇنداق بىسەۋەب قايتىپ
كەتمەس، بىزگە مىكرى قىلۇرمىكىن» دەپ
قورقۇپ، يۇرتىمىزنى تاشلاپ، كۆچۈپ ماڭ-
غاندۇق. مەن يولدىن ئېزىپ قىلىپ، نەۋ-
فەلنىڭ كىشىلىرىگە ئۇچرىپ قالدىم، ئۇلار

ماڭا كۆپ زۇلۇملارنى سالدى. ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېلىپ، مانا سىزگە ئۇچرىدىم، ئەمدى قەبىلىنى ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن، — دېدى.

مەجنۇن دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆزىنى زەيىدنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ:

— ئەي زەيىد، مەجنۇن دېگەن سەرگەردان مەن بولىمەن. مېنىڭ سەۋەبىمدىن ساڭا مۇنداق جاپالار يەتكەن بولسا، مېنى نېمە قىلىشنى خالىساڭ شۇنداق قىلغىن، — دەپ كۆپ نالە قىلدى. ئۆزىنىڭ ئېتىنى زەيىدكە بەردى. زەيىد خۇشال بولۇپ:

— ئەي مەجنۇن، مەن لەيلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىمەن. ئۇ سېنىڭ پىراقىڭدا سەندىن زىيادىرەك كۆيۈۋاتىدۇ. ئەگەر خالىساڭ، گېپىڭ بولسا دېگىن، لەيلىگە يەتكۈزەي. ئۇ ماڭا سەندىنمۇ زىيادىرەك ئىنئام بېرىدۇ. سۆزۈڭ بولسا ئېيتقىن، — دېدى.

مەجنۇن:

— ئەي زەيىد، مەندە سۆز ئېيتقۇچىلىك ماجال يوق. ئەھۋالىمنى كۆرۈۋاتىسەن، ئۆزۈڭ بىلىپ سۆز ئېيتقىن، — دېدى.

مەجنۇن زەيىد بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ لەيلىنىڭ قەبىلىسى كۆچكەن يەرگە بېرىپ، لەيلىنىڭ بارگاھى ئورۇنلاشقان جاينى تېپىپ، يۈزىنى شۇ يەرگە قويۇپ، شۇنداق يىغلىدىكى، بۇ ھالنى كۆرۈپ، ھاۋادىكى قۇشلار ۋە دەريادىكى بېلىقلارمۇ پەرياد كۆتۈرۈپ كېتىشتى.

بۇ ئەسنادا زەيىد لەيلىنىڭ بارگاھىغا باردى. مەھرەم كېنىزەكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، لەيلىنى بىر خىلۋەت جايغا كەلتۈرۈپ، مەجنۇننىڭ سالامىنى ۋە بارلىق سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. لەيلى كۆپ خۇرسەن بولۇپ، زەيىدكە نۇرغۇنلىغان ئىنئاملارنى بەردى.

— ئەگەر يەنە مەردانىلىك قىلاي دېسەڭ، — دېدى لەيلى ئۇنىڭغا، — مەجنۇنغا مېنىڭ خەۋىرىمنى يەتكۈزگىن.

زەيىد بەجاندىل قوبۇل قىلدى. لەيلى دەرھال خەت يېزىپ، زەيىدكە بەردى. زەيىد خەتنى ئېلىپ، مەجنۇن قېشىغا راۋان بولدى.

زەيىد ئاخىرى مەجنۇن قېشىغا يېتىپ باردى. مەجنۇن زەيىدنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ ئايىغىغا سۆيدى. ئاندىن زەيىد لەيلىنىڭ خېتىنى مەجنۇنغا بەردى. مەجنۇن لەيلىگە بىر پارچە خەت يازدى. زەيىد خەتنى ئېلىپ، لەيلى تەرەپكە راۋان بولدى. مەجنۇن ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە زىيادىرەك دەرت-ئەلەم بىلەن ئۆز جايىدا قالدى. زەيىد خەتنى ئېلىپ بېرىپ لەيلىگە بەردى. لەيلى خەتنى ئېلىپ بىر خىلۋەت جايغا كىرىپ، تولۇق ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغاندى: «ئەي نازاكەت بوستانىنىڭ نازۇك نوتىسى، جەننەت بېغىنىڭ ساھىبجامالى، ھۆسن ئىقلىمىنىڭ تاجدارى، گۈزەللەر ئېلىنىڭ شەھىنشاھى، سىز پەرىنىڭ ئىشق ئوتىدا كاۋاپ بولغان، ئازابلاردا خاراب بولغان، جۇدالىق ئەلەمدە دىۋانە بولغان، ئايرىلىش ئازابىدىن ۋەيرانە بولغان مەن بىمار، مۇساپىر ۋە بىچارە مەجرۇھنىڭ يۈز مىڭ سالامىدىن كېيىن، ئەرزىم بۇكى، ئۇ كۈنى يازغان خېتىڭىز ماڭا تەگدى. جان دىلىم بىلەن خۇشال بولدۇم. بىراق ئۇ خەتتە مۇنداق

ئىككى مەسلىنى بايان قىلىپسىز، بۇنىڭ
ئۈچۈن كۆپ پەرىشان بولدۇم. كۆڭلۈم
بەك ئازابلاندى. بىرى: مېنى نەۋفەل
بىلەن بىرلىشىپ، بىزگە قارشى تىغ كۆتۈ-
رۈپ كەلدىڭ، دەپسىز، مەن نېمە ئۈچۈن
سىزگە تىغ تارتاي؟ نېمە ئۈچۈن سىزگە
قارشى ئۇرۇش قوزغاي؟! مەن ھىجران
غېمىدە خاراب، پىراق ئوتىدا كاۋاپ
بولۇپ، بىر دەشت باياۋاندا يۈرەتتىم.
نەۋفەل ئۇۋغا چىققاندىكەن، مېنىڭ ئەھ-
ۋالىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى. ئۇ: «ئەي
مەجنۇن نېمە سەۋەبدىن مۇنداق زەئىپ
ۋە ئاجىز بولدۇڭ؟ دەپ سورىدى. مەن
جاۋاب بەرگىنىم يوق. قېشىدىكى قوغدى-
غۇچىلىرى: «لەيلىنىڭ پىراقىدا شۇنداق
بولغان» دەپ جاۋاب بىرىپتۇ، ماڭا ئىچ
ئاغرىتىپ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، سىزنى
مۇيەسسەر قىلىش ئۈچۈن، كۆپ ۋەدىلەر
قىلىپ، ئاخىرى لەشكەر تارتىپ كەلدى.
رەسمىي ئۇرۇش يوسۇندا تىغ تارتىپ
ھازىرلاندى. مەن بۇنى يامان دەپ قاراپ،
يۈز مىڭ مۇششەققەت بىلەن نەۋفەلنى
يانماققا ماقۇل كەلتۈردۈم. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن خىجالەتتىن بېشىمنى كۆتۈرەل-
مەيمەن. يەنە بىرى: نەۋفەلنىڭ قىزىغا
سۆز سالدى، دەپ ئاڭلاپسىز. مۇنداق
سەرگەردان بىچارە ۋاقتىمدا، بۇ ماڭا
چاپلانغان بىر بەدنامدۇر. مېنىڭدەك ئىشق-
نىڭ ئوتىدا كۆيۈپ سورۇلغان بىر ئادەمنى
ئۆلتۈرمەك راۋامۇ-ھە؟!» لەيلى خەتنى
تولۇق ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ دېگەنلىرى ئۈچۈن قاتتىق
پۇشايمان قىلىپ، پەرىشان بولدى.

## مەجنۇننىڭ نەۋفەلنىڭ قىزى بىلەن سۆزلەشكەنلىكى

ھەقىقەت ئىگىلىرى بۇ ئىشنى مۇن-
داق ھېكايە قىلىدۇ:
بۇ ئەسنادا، مەجنۇن تاغلاردا،
باياۋانلاردا يۈرەتتى. ياۋايى جانىۋارلارنى
ئۆزىگە ئۈلپەت قىلىپ، كېچىلىرى شۇلار
بىلەن بىر يەردە يېتىپ قوپاتتى. مەجنۇ-
نىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ پىراقىدا سەرگەردان
بولدى. مەجنۇننىڭ ئاتا-ئانىسى دەشتمۇ-
دەشت كېزىپ، مەجنۇننى بىر ۋەيراندە تاپتى.
مەجنۇن گاھ نالە-پىغان چېكەتتى، گاھ زار-زار
يىغلاپ يىلىناتتى. بەزىدە كىچىك باللاردەك
ئۆيدىن-دۆڭگە، دۆڭدىن-ئۆيگە چېپىپ
يۈرەتتى. مەجنۇننىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلى-
نىڭ بۇنداق ئەھۋالىنى كۆرۈپ، كېلىپ
مەجنۇننىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ:
— ئەي غەم بۇلۇڭلىرىنى ماكان قىل-
غان بالام، ئەي پىراق دەشتىدە ئۆستى-
باشسىز يۈرگەن بالام، ئەي ھىجران ئەل-
مىدە قان يۇتقان بالام، — دەپ دەرت بى-
لەن يىغلىدى. ئۇلارنىڭ يىغىسىنىڭ
تەسىرىدىن تاغلارمۇ ئېرىپ كەتتى. مەج-
نۇنمۇ ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا ئېسىلىپ يىغ-
لىدى. ئۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ، ئاسماندى-
كى قۇشلارمۇ يىغلاشتى. ئاتىسى ئوغلىغا
كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ
باردى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى مەجنۇننى كۆر-
گىلى كەلدى. ئۇلار مەجنۇنغا كۆپ نەسىھەت-
لەرنى قىلىپ، ئۈستىباش كىيدۈرۈپ،
مېھمان قىلدى. شۇنداق قىلىپ مەجنۇن
رەسمىي ئەلنىڭ قاتارىغا كىردى. بۇنىڭ
ئۈچۈن بارچە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى خۇشال
بولدى. ئۇلار:
— «مۇنداق ساقىيىپ ياخشى بولۇپ
قالغاندا، ئۆيلەپ قويغان بولساق» دەپ
مەسلىھەت قىلىشتى. لايىق كىشى ئىزدىدى.

بۇ ئەسنادا نەۋفەل مەجنۇننىڭ مۇنداق ئۇستىباش كىيىپ، ئۇكشىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۇنى كۆرگىلى كەلدى، مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى نەۋفەلنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ، كۆپ مېھماندارچىلىق قىلدى.

ئەسلىدە نەۋفەلنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، ناھايىتى گۈزەل، ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىزنى مەجنۇنغا ئېلىپ بېرىشكە مەسلىھەتلەشىپ، نەۋفەلگە ئەلچى ئەۋەتتى. نەۋفەل ئۇلار ئەۋەتكەن كىشىگە ئۆزىنىڭ قوشۇلۇش پىكىرىنى بەردى. مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى:

— يەنە ئۆزىمىز بېرىپ، نەۋفەل بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزنى بىر يەرگە تۈگۈپ كېلەيلى، — دەپ نەۋفەل قېشىغا كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا، مەجنۇن ئۆيىدە يالغۇز قالغانىدى. لەيلىنىڭ پىراقىدا ئۇنىڭ سەۋدايىلىقى تۇتۇپ، ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قاتتىق يىغلاپ، باياۋان تەرەپكە قاراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ دەشتتىن - دەشتكە ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. شۇ ئارىدا ئالدىغا بىر توپ قوي ئۇچرىدى. مەجنۇن قوي توپىغا يېقىن باردى. قويچى مەجنۇننى تونۇدى. ئۇ مەجنۇننى لەيلى بىلەن بىرگە مەكتەپكە كېتىۋاتقاندا كۆرگەنىدى. كېلىپ مەجنۇنغا سالام قىلدى. كۆپ ئىززەت ئىكراملار قىلدى. مەجنۇنغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ:

— مەن لەيلىنىڭ قويچىسى بولىمەن، سېنى مەن لەيلىگە ئۇچراشتۇراي، — دەپ مەجنۇننى كۆپ خۇرسەن قىلدى. مەزكۇر قويچى مەجنۇننى ئېلىپ لەيلىنىڭ قەبىلەسىگە يېتىپ كەلگەندە، مەجنۇنغا بىر قوي تېرىسى بەردى. مەجنۇن بۇ تېرىنى ئۇچىسىغا كىيىپ، قوي سۈرىتىدە بولۇپ، قوتانغا كىردى. قويچى:

— ئەي مەجنۇن، لەيلى ھەر كۈنى كەچتە قويلارنى كۆرگىلى قوتانغا كىرىدۇ، شۇ ۋاقىتتا كۆرۈشۈۋالغىن، — دېدى.

شۇ ئەسنادا لەيلى قىزلار بىلەن بىرگە قوتانغا كىرىپ كەلدى. مەجنۇن لەيلىنى كۆرۈپلا تاقەتسىزلىنىپ، بىر «ئاھ» ئۇردى - دە، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. لەيلى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قوي سۈرىتىلىك مەجنۇننىڭ يېنىغا كەلدى. لەيلى مەجنۇننى تونۇدى. لەيلىمۇ بىر «ئاھ» تارتىپلا بىھوش بولۇپ مەجنۇننىڭ ئۈستىگە چۈشتى. كېنىزەكلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، يېقىن كېلىپ، مەجنۇننىڭ بوغۇزلانغان قويدەك تېرە ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار كۆپ قايغۇردى. لەيلىنى مەپىگە سېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

بۇ ئەسنادا، مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسى نەۋفەل قېشىدىن يېنىپ ئۆيىگە كەلدى. مەجنۇننى ئۆيىدىن تاپالمىدى. ئۇلار كۆپ قايغۇردى. ئۇنىڭ ئىزىدىن ئىزدەپ بۇ قوتاندىن تاپتى. مەجنۇننى تۆگىگە ئارتىپ، ئۆيىگە راۋان بولدى. ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەجنۇن ھوشىغا كەلدى. دەرت - ئەلىمى ئىلگىرىكىدىن زىيادە بولدى. ئەمما خىجالەتتىن بىلىندۇرمىدى. ئاتا - ئانىسى مەجنۇنغا كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى ۋە:

— بىزنىڭ سىزگە بىر سۆزىمىز بار.

ئېيتايلى، ئەگەر ئۇنىمىسىڭىز بىز سىزدىن رازى بولمايمىز، ــ دېدى.

مەجنۇن ئامالسىز:

ــ ماقۇل ئاڭلاي، ــ دېدى.

مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى:

ــ بىزنىڭ سۆزىمىز شۇكى، نەۋفەل دېگەن ئەرەبلەر ئىچىدە ناھايىتى ئىززەتلىك ۋە مۆھتەرەم كىشىدۇر. نەۋفەل سىزگەن ناھايىتىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇنىڭ بىر قىزى بار. ئۇ ھۆسن ـ جامال، ئەقىل پاراسەتتە تەڭدىشى يوق قىزدۇر. نەۋفەل ئۇ قىزنى سىزگە بېرىشنى خالايدىكەن. ھالبۇكى نەۋفەلدەك كىشى سىزنى خالىسا، نېمە ئۈچۈن پەخىرلەنمەيسىز. ھازىرمۇ بىزنى رازى قىلاي دېسىڭىز، نەۋفەلنىڭ قىزىغا ماقۇل بولۇڭ، ــ دېدى.

مەجنۇن ئامالسىز قوبۇل قىلدى. بۇلار ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قەبىلىسىنى يىغىپ تويغا تەييارلىق قىلدى. مەجنۇنغا شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، نەۋفەل تەرەپكە راۋان بولدى. نەۋفەلگە خەۋەر يەتتى. نەۋفەل خۇشال بولۇپ، قەبىلىسىنى يىغىپ، تەييارلىق قىلىپ تۇردى. ئۇلار يېتىپ باردى. خۇشاللىق بىلەن بىر نەچچە كۈن بەزمە قىلىپ بەردى. ئاخىرى تويغا تۇتۇندى. ئىككىيلەننى نىكاھ قىلىپ ئۇستىباش كىيىندۈردى. ئاخىرى ئۇلارنى بىر ھۇجرىغا چۈشۈرۈپ، ئۆيىگە كىرگۈزدى. بارچە كىشىلەر تارقىدى.

شۇ ۋاقىتتا نەۋفەل باشقا جايدا بەزمە قىلىۋاتاتتى. كۆڭلىگە ھەر خىل ئويلار يەتتى. بەزمە ئەھلىنى تارقىتىپ، ئاستا مەجنۇن بىلەن قىزنى چۈشۈرگەن ئۆيىگە كەلدى. يەڭگىسى ئۇخلاپ قاپتۇ.

نەۋفەل بىر تەرەپتە تۇرۇپ، ئۆينى كۆزىتىشكە باشلىدى. قارىسا مەجنۇن بىر بۇلۇڭدا، قىزى بىر بۇلۇڭدا غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ. قاراپ تۇرسا نەۋفەلنىڭ قىزى مەجنۇننىڭ قېشىغا كەلدى ۋە مەجنۇنغا:

ــ ئەي ئىشق دەشتىدە يېگانە، مۇھەببەت ۋادىسىدا ئەقىلدىن بىگانە، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئىختىيارى بىلەن مېنى سىزگە جۇفت قىلدى. ئەمما سىز لەيلىنىڭ پىراقىدا، ئۇنىڭغا شەيدا بولغىنىڭىز ھەممە كىشىگە ئاياندۇر. مېنىڭمۇ بىر بىچارە ئاشىقىم بار ئىدى، ئۇمۇ مېنىڭ پىراقىمدا بىقاراردۇر. مەنمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا بىتاقەتمەن. ھالبۇكى، مېنى سىزگە جۇفت قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغاندۇر، ــ دەپ ئاھ ئۇردى.

مەجنۇنمۇ لەيلىنى ئەسلەش بىلەن پەرىشان ئولتۇراتتى. قىزنىڭ بۇ سۆزلىرى مەجنۇنغا تەسىر قىلدى ۋە:

ــ مەنمۇ لەيلىنىڭ پىراقىدا بۇ سۆزنى سىزگە ئېيتالماي تۇرغانىدىم. ئەگەر سىز خالىسىڭىز، مەن بۇ مالامەتنى بېشىمغا ئېلىپ، لەيلىنىڭ يېنىغا باراي، سىزمۇ ئۆز ئىختىيارىڭىزچە بولۇڭ، ــ دەپ ۋەدە قىلىپ، باياۋان تەرەپكە يۈزلەندى.

دېگەندەك بۇ قىزنىڭ بىر ئاشىقى بار ئىدى. ئۇ مەشۇقىنىڭ تويى بولغىنىنى ئاڭلاپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ، توي سورۇنى ئادەملەردىن خالىي بولغاندا، ئىككىسىنى ئۆلتۈرەي، دەپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ماراپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ قىز بىلەن مەجنۇننىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، مەھبۇبىنىڭ

قېشىغا كىردى. قىز ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. ئىككىيلەن زار-زار يىغلاپ، ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈلۈپ ئۇخلاشتى. ئوغۇل سەھەرگە يېقىن چىقىپ كەتتى. قىز ئۆز ئورنىدا قالدى. ئەتىسى مەجنۇننىڭ تۇغقانلىرى مەجنۇننى يوقلىغىلى كىردى. قارىسا، مەجنۇن يوق، قىز يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، يېنىپ چىقىپ، نەۋفەل قېشىغا كىردى. ئۇلار نەۋفەلگە كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى. نەۋفەل:

— ئەي تەڭرىم، تەقدىرگە چارە يوق ئىكەن. بىز نەچچە قېتىم تەربىيە قىلدۇق، بولمىدى. ئەمدى سىزلەر يېنىپ، ئۆز جايىڭلارغا بېرىڭلار، — دەپ رۇخسەت بەردى. بۇلار يېنىپ ئۆز مەنزىل ماكانلىرىغا كېلىپ چۈشتى. ئىبنى سالامۇ لەيلىگە تويلۇق ئېلىپ كەلگەندى. تويىنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، نىكاھ قىلىپ بەردى. ئىبنى سالام لەيلىنى ھۇجرىسىغا چۈشۈردى.

لەيلى: «مەجنۇن مەن ئۈچۈن باياۋانلاردا يۈرسە، مەن بۇ جايدا بىرىنىڭ قوينىدا ئىشرەت قىلمىقىم ۋاپادارلىق نىزامىغا راۋا كەلمەيدۇ. مۇنداق بولغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ ئويلىدى. مۇبادا ئىبنى سالام قول ئۇزىتىپ قالسا، ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، بىر خەنجەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يۈردى.

ئىبنى سالام بىر قېتىم ھاراق ئىچسە، ئىككى ئۈچ كۈن خاپىغان بولۇپ يىقىلىپ قالىدىغان ئادەم ئىدى، شۇ كۈنى ئۇ كۆپ ئىچتى. شاراب باشقا چىققاندىن كېيىن، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا «ئاغرىق تەگدى» دەپ ئويلاپ، باشقا ئۆيگە ياتقۇزدى. كىشىلەر ئىبنى سالام بىلەنلا بولۇپ كەتتى. لەيلى بىلەن ھېچ كىشىنىڭ كارى بولمىدى. لەيلى ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆيدىن چىقىپ بىر باياۋانغا قاراپ راۋان بولدى. بىرنەچچە پەرسەڭ يول يۈرگەندىن كېيىن قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازغا ھەيران بولۇپ، قۇلاق سالسا، بىر كىشى دەرت بىلەن يىغلاۋاتاتتى، ئۇ ئاۋاز مەجنۇننىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. لەيلى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ قارىسا، مەجنۇن قىزىل يۈزىنى قارا يەرگە قويۇپ، باش باھارنىڭ يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ يىغلاۋېتىپتۇ. مەجنۇن لەيلىنىڭ ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتەردى ۋە لەيلىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەجنۇن ئىختىيارسىز ئورنىدىن قوپۇپ لەيلىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ قېلىشتى. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ھال مۇڭلىرىنى بايان قىلىشتى. ھەرقايسى ئۆز بېشىغا كەلگەننى ئېيتىشىپ، گاھى يىغلاپ، گاھى تەڭرىنىڭ تەقدىرگە ئاپىرىنلار ئوقۇپ، خۇشال بولۇپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىدى. لەيلى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇردى. لەيلىنىڭ بۇ ئىشىنى ھېچكىم بىلمىدى. سەرگەردان مەجنۇن نالە بىلەن يىغلاپ پەرىشان بولۇپ باياۋاندا قالدى.

## لەيلىنىڭ پىراق دەشتىدە مەجنۇن ئۈچۈن جېنىنى ھەدىيە قىلغانلىقى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

مەجنۇن نەۋفەلنىڭ قىزى يېنىدىن چىقىپ، باياۋانغا يۈزلەندى. بۇ ئىش ئەتىسى بارلىق خالايىققا مەلۇم بولدى. مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى نەۋفەل ئالدىدا ئۆزرىلەر ئېيتىپ، ئۆيگە ياندى. مەجنۇننىڭ ئاتىسى ئۆيىگە بارغىچە ئاغرىپ قالدى. نەچچە تېۋىپقا داۋالاتتى، ساقايمىدى. كۈندىن ـ كۈنگە كېسەلى ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى بۇ ۋاقىتلىق دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئالەمگە سەپەر قىلدى. كىشىلەر مەجنۇننىڭ دادىسىنى كۆپ پەرىشانلىق ئىچىدە دەپنە قىلدى.

مەجنۇننىڭ ئانىسىمۇ ئىككى كىشىنىڭ پىراقىدا زەئىپ بولۇپ، بىرنەچچە كۈن يېتىپ، ئاخىر ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى، جامائەت يىغلىشىپ يەرلىكتە قويدى.

بۇ ۋاقىتتا، مەجنۇن نەجد تېغىدا يۈرەتتى. ئۇ ئاردا ئۇخلاپ قېلىپ، چۈش كۆردى. چۈشىدە مۇنداق ۋەقەنى كۆردى: «ئىككى كەپتەر بىر ئۇۋىدا باچكۇلارمىش، بۇ باچكۇ چوڭ بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىغا پەرۋا قىلماي ئۇچۇپ كېتىپ، ياۋا كەپتەرلەرگە قوشۇلارمىش. شۇ ئەسنادا ھاۋادا بىر قارچىغا پەيدا بولۇپ، ئىككى كەپتەرنى چاڭگاللاپلا ئېلىپ كەتكۈدەكمىش». مەجنۇن بۇ ئەيمىنىشلىك چۈشتىن قورقۇپ ئويغاندى. ئۇ بۇ چۈشنى ئۆزىگە تەدبىقلىغان ھالدا مۇلاھىزە قىلىپ «ئۇ ئىككى كەپتەر ئاتام بىلەن ئانام، ھاۋادىن كېلىپ ئېلىپ كەتكەن قۇش ئەزرائىل بولغاي» دېدى ـ دە، ئۆي تەرەپكە راۋان بولدى. قەبرىستانلىققا كەلگەندە قارىسا، ئىككى قەبرە كۆرۈندى. ئاتام بىلەن ئانامنىڭ قەبرىسى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ: «ئەي ئاتام، ئەي ئانام، سىلەرگە ئوغۇل بولۇپ سىلەرنىڭ يىرىقڭلارنى يېقىن قىلالمىدىم، سىزلەرنىڭ ئىستائىتىڭلاردا بولۇپ، پەرمانىڭلارچە ئىش قىلمىدىم. ئاخىرقى ئۆمرۈڭلاردا بىر كۈنلۈك مەرىكەڭلەرگە يارىمىدىم. قايسى تىلىم بىلەن سىزلەرگە ئۆزرە ئېيتاي؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ جىگەر پارەڭلەرنى كەچۈرۈپ، رازى بولۇڭلار» دەپ باغرىنى پارە ـ پارە قىلىپ، ئاھۇ ـ ئەفغانلار بىلەن يىغلىدى. خەتمە قۇرئان قىلىپ، يۈزىنى قەبرىگە ياقتى.

لەيلى مەجنۇندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ناھايىتى پەرىشان بولدى. «مەجنۇننىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ» دەپ ئويلاپ، نالە ـ پىغان چەكتى. ئاخىر ئۇ دەردىنىڭ زىيادىلىكىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالدى. تېۋىپلارغا شۇنچە كۆپ داۋالاتتى، بارغانچە تېنى زەئىپلىشىپ كەتتى.

— ئەي ئاتا ـ ئانا، — دېدى ئۇ ئىلتىماس قىلىپ، — ئاغرىقىمنىڭ باشقا ئىكەنلىكىنى بىلمىسىزلەر. ئەمدى مەندىن ئۈمىد ئۈزۈڭلار، مەندىن رازى بولۇڭلار، مېنى پىنھان جايغا ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى. لەيلىنى تەنھا ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. لەيلى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ:

— مېنىڭ بىر ۋەسىيىتىم بار، ئۇنى ئېيتاي، سىلەر مېنى رازى قىلساڭلار، — دېدى.

ئاتا ـ ئانىسى جان دىل بىلەن قوبۇل

قىلدى. لەيلى:

— ۋەسىيىتىم شۇكى، مىنىڭ مەڭگۈ-
لۈك ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقىمنى ئاڭلىسا،
مەجنۇن دەرھال يېتىپ كېلىدۇ، ئۆزىنى
پارە-پارە قىلىدۇ. ئۇنى قوغلىماڭلار.
مىنىڭ پىراقىمدا ئۇنىڭ ئۇستىباشسىز
بولغانلىقى ھەممىڭىزلەرگە مەلۇم. ئەمما
ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە دىيانىتى ماڭىلا مەلۇم.
ئۇ ماتەمگە ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتى-
لاقتەك ئىڭىلىپ كەلسە، ئازار بەرمەڭلار.
ئۇمۇ جان پىدا قىلىپ، مىنىڭ روھىمغا
قوشۇلىدۇ. ناھايىتى ئىززەت ئىكرام بىلەن
مىنىڭ قەبرەمگە قويۇڭلار، ئەگەر مۇنداق
قىلمىساڭلار، مىنىڭ پاك روھىم سىزلەر-
دىن خۇشال بولمايدۇ. يېنىم يەرگە تەگ-
مەيدۇ. ئۇ بىچارە غېرىب بولۇپ قال-
دۇ، — دېدى. ئۇ ۋەسىيەتلەرنى تامام
قىلىپلا: «ئاھ مەجنۇن» دەپ بىر ئاھ ئۇر-
دى-دە، جاننى تەڭرىگە تاپشۇردى. ئىبنى
سالام بەختسىزلىكتە قالدى. بارچە خالا-
يىق كۆپ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە زار-زار
يىغلاشتى.

بۇ ۋاقىتتا، مەجنۇن ئاتا-ئانىسىنىڭ
قەبرىسىگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا
سېغىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن
بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەجنۇن بىر ئاھ
تارتىپ، مەست تۆگىدەك ئىڭىلىپ،
لەيلى تەرەپكە راۋان بولدى. مەنزىلگە
يېتىپ كېلىپ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى
كۆردى. بۇمۇ لەيلىنىڭ يادىدا ئاھ چەك-
كىنىچە جېنىنى تەڭرىگە تاپشۇردى. بۇ
ھالنى كۆرگەن خالايىق تېخىمۇ زىيادى-
رەك ماتەمدار بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ
ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ سادىقلىقى پۈتۈن
كۆل خەلق ئارىسىغا پۇر كەتتى. ئىككىسىگە
بىر كېپەن تىكىپ، بىر جىنازىغا سېلىپ،
نامىزىنى بىرگە چۈشۈرۈپ، بىر گۆردە
قويدى. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىشقى
مەجازى ئىشق ئىدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ
پاكلىقىدىن، ئۆز ئارا مۇھەببىتىنىڭ زى-
يادىلىكىدىن، ئۇلارنىڭ ئىشقىنى ھەقىقىي-
لىككە ئايلاندۇردى. ئۇلار مۇرادلىرىغا
يەتتى. ھەر بىر كىشى پاكلىق ۋە چىن
ئېتىقاد بىلەن مەنزىلگە قەدەم قويسا، تەڭ-
رى ئۇنى مەھرۇم قويمايدۇ ۋە ھەركىم
ئۆز كۆڭلىنى دىيانەت بىلەن پاكلىسا،
«مەجازى ئىشق» ھامان ھەقىقىي ئىشققا
ئايلىنىدۇ.

# يۇسۇپ - زلەيخا

## دۇربېك

**مۇھەررىردىن:** ئەسىرلەرنىڭ قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىپ، قەلبلەرنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالماقتا. بۇ يىل يولداش ئابدۇقادىر سادىر تەرىپىدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدىن تېپىلغان «يۇسۇپ - زلەيخا» ۋە «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانلىرىنىڭ قول يازمىسى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يېقىندىن تېپىلغان بۇ قول يازمىنىڭ ھەجمى 17.5 × 12.5 س م بولۇپ، مىسرالار ھەر-بىر بەتكە ئىككى قاتار قىلىپ يېزىلغان. ھەر ئىككىلا داستان بىر كاتىپ تەرىپىدىن خۇشخەت بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، بىر كىتاب سۈپىتىدە تۈپلەنگەن.

«يۇسۇپ - زلەيخا» داستانىنىڭ بۇ قول يازمىسى تولۇق ئەمەس، كاتىپنىڭ نامى، كۆچۈ-رۈلگەن ۋاقتى نامەلۇم. قول يازما جەمئىي 62 بەت بولۇپ، 720 مىسرادىن ئارتۇق.

تەكشۈرۈش جەريانىدا مەزكۇر داستان دۇربېك نامى بىلەن ئاتالغان «يۇسۇپ - زلەيخا» داستانىنىڭ قول يازمىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. گەرچە «يۇسۇپ - زلەيخا» داستانى دۇربېك نامى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، قول يازمىدا «دۇربېك» دېگەن نام كۆزگە چېلىقمايدۇ.

بەزى مەنبەلەردە بۇ داستاننىڭ ھىجرىيە 812 (مىلادىي 1409 -) يىلى يېزىلىپ تاماملانغانلىقى قەيد قىلىنغان. ئەمما، داستاننىڭ يېڭى تېپىلغان بۇ نۇسخىسىدىكى «سۇلتاننىڭ مەدھى» دېگەن بابىدا:

«شاھ ئەبۇلغازى سۇلتان ھۆسەين،　　سەلتەنەتى دۇنيەدە تۇتسۇن ئورۇن»
تاپسۇن ئۇشال ئەيشى بىلە زىب - زىن.　　«يارلىغى ئېرۇر بارىغە فەرزى ئەين،
تاپسۇن ئۇشال جۇملە مۇرادىن بۇ كۈن،　　شاھ ئەبۇلغازى سۇلتان ھۆسەين».

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. بۇ ھال، ئەسەرنىڭ سۇلتان ھۆسەين بايقارا دەۋرىدە يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ.

«يۇسۇپ - زلەيخا» داستانىنىڭ قول يازما نۇسخىلىرى تاشكەنت، پارىژ، ئىستانبول كۈ-تۈپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

يېقىندىن تېپىلغان بۇ نۇسخىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

①.....................................

قىلدىلار ئادەمغە مەلائىك سۇجۇد،
ئىشق ئېرۇر ھاسىلى كەۋنۇ مەكان.

پەرتەۋى ئىشقدىن ئېرۇر با خەبەر،
ھەر نەكى مەۋجۇد بولۇر سەربەسەر.
ئىشقۇ مۇھەببەت يولىدىن كىردىگار،
قىلدى ھۇسنىنى سۆيۈپ ئاشكار.

## نەئت ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئەھمەدۇ مەھمۇد بىر ھەبىبى ئىلاھ،
سايە ھەق بارچەئىغە پۇشتۇ پەناھ.
ئادەمۇ ئالەم ئىدىلەر بىنىشان،
تەكرى ھەبىبىم دېدى ئانى ئەيان.
ئادەمى خاكىگە ئالار نەسل ئېرۇر،
بىلكى ھەقىقەت يولىدىن ئەسل ئېرۇر.
كۇنتۇ نەبىيغە دېدى بۇ مەئنىدىن،
ئانداكى ئادەم ئىدى دەرما ۋەتىن.
ئادەمۇ ئالەمغە ئېرۇر پىشۋا،
بارچەغە ئول راھبەرۇ رەھنەما.
ئول ئىدى گەنجىنەئى ئەسرارى ئىشق،
ئاندىن ئېرۇر رەۋنەقى بازارى ئىشق.
سىدق ئىلە سىددىق ئاڭا يار ئىدى،
بىلكى ئۇمەر قاتىلى كۇففار ئىدى.
جامىئى قۇرئان ئىدى ئۇسمان يەقىن،
ئېردى ئەلى سۇبھەئى ھەق شاھى دىن.
ئالىئى ئەسھاب ئېرۇر سەربەسەر،
ۋادىئى شەرئى ئىچىدە راھبەر.

## سۇلتانىنىڭ مەدھى

ھەمد ھەققى نەئتى نەبىدىن كېيىن،
بۇلبۇلى جان، شاھ دۇئاسىن دېگىن.
شاھى زەمان سايەئى لۇتفى ئىلاھ،
كەتتى دۇنيادىنكى ئول پۇشتى پەناھ.
يارلىغى ئېرۇر بارىغە فەرزى ئەيىن،
شاھ ئەبۇل غازىئى سۇلتان ھۇسەيىن.
يۇسۇف ئېرۇر مىسرى جەھانغە بۇ دەم،
سۆزى مەسىھا دەمىدۇر دەم بەدەم.
دۇنيادە ئولدۇر چۇ سۇلەيمانى ئەسر،
رويى زەمىن بولدى ئاڭا بارچە قەسر.
ۋارىس ئېرۇر مۇلكىگە سۇلتانىدىن،
مەلىك ئېرۇر جۇملەئى رويى زەمىن.
فەررى فەرىدۇن يۈزىدە ئەيان،
خادەم ئېرۇر قەيسەرۇ نۇشىرەۋان.

.................................

ھىلم بىلە كىردى ئۇلۇس ئىچكەرى،
ھاسىلى ئۇمرىن. قويۇبان تاشقارى.
شەھر خۇد دەۋزەخ كەبى زىندان ئىدى،
تاشقارى چۇن رەۋزەئى رىزۋان ئىدى.
تاشقارى ئېردى بارى پايەندە باغ،
شەھر ئىچىندە ھەسرەت ئىدى دەردۇ داغ.
تاشقارى ئېردى بارى نازۇ نەئىم،
شەھر ئىچىندە ئېردى ئەزابۇ ئەلىم.
تاشدا ئىدى سەبزەۋۇ ئابى رەۋان،
شەھر ئىچىندە ئېردى يۈز ئاھۇ فىغان.
تاشدا ئىدى جۇملەئى ئەيشۇ تەرەب،

① قول يازمىدا بۇ ئورۇندىكى بىرتانچە بەت يوقالغان. داستاننىڭ كېيىنكى قىسمىدىكى يوقالغان جايلارمۇ كۆپ چېكىت بىلەن ئېلىنىدى.

شەھر ئىچىندە بار ئىدى شورۇ شەئەب.
ئۇچار ئىدى كۆزلەرىدىن ئاشۇ نان،
كۆز ياشىدىن ئېردى چۇ ئابى رەۋان.
بارچەسى ھەسرەت بىلە لەيلۇ نەھار،
دەر ئىدىلەر بالەۋۇ ئالۇ ئانار.
ئۇشبۇ قەبىل خەلق ئۇچ ئاي تەمام،
يەر ئىدىلەر غۇسسەۋۇ غەم سۇبھۇ شام.
بەندە ئۇلار بىرلە گىرىفتار ئىدىم،
بارچەسىدىن ۋاقىفى ئەسرار ئىدىم.
كۇلبەئى ئەھزان قىلىپ ئېردىم ۋەتەن،
كۆڭۈل ئىدى دەرغەمۇ جان مۇمتەھەن.
گاھى ئىدىم مەشغۇلى جان بىرلە زىكر،
گاھى ئىدىم غەرقەئى ئەندۇھۇ فىكر.
گاھ ئوقۇر ئېردىم زى كىتابى «قىسسەس»،
گاھ ئىچەر ئېردىم زى شەرابى غۇسسەس.
لېك «قىسسەس» ئىچرە ۋەلې مەيلى جان،
«قىسسەئى يۇسۇف» ئىدى ئەندەر زەمان.
ئول ئىدى ئول دەمدە چۇ مەھبۇبى دىل،
ئول ئىدى بۇ قىسسەدە مەھبۇبى دىل.
بەندەئى بىچارەغە شامۇ سەھەر،
«قىسسەئى يۇسۇف» ئىدى ئەندەر نەزەر.
بار ئىدى كۆڭۈلدە بۇرۇندىن بۇ غەم،
تۈركى تىلى بىرلە مۇنى قىلسە نەزم.

ئۇشبۇ مەزگىلدە ماڭا بائىس مەگەر،
بولدى يەنە بىر نەچە ساھىب ھۇنەر.
بەندەغە دېدىلەر ئالاركىم بۇ دەم:
«بولغىل ئۇشال قەۋلىگە ساھىب قەدەم.
قويما تەلەب يولىدا تەبئىڭنى پەست،
ئەيلە بۇ ئەزمىڭنى تەمامى دەرەست.
‹قىسسەئى يۇسۇف› نى تەمام ئەيلە نەزم،
تۈركى تىلى بىرلە قىلىپ ئەزمى جەزم.
قالغاي ئۇشال سەفھە سەندىن يادكار،
سەندىن ئۆتۈپ ئاخىرى بىل روزكار.»
بەندە ئۇشال ھالدا قىلدىم شۇرۇھ،
شۇكر قىلىپ تەڭرىگە ئەيلەپ رۇجۇئ.
ئالدىم ئۇشال لەھزە دۇۋاتۇ قەلەم،
سەفھەئى كاغەز ئۆزە ئوردۇم رەقەم.
دەۋلەتى تەۋفىقنى ئىستەپ مۇدام،
تەڭرى تەئالادىن ئۇشال سۇبھۇ شام.
ئېردى چۇ خاتىردە دائىم بۇ ئەزم،
ئەيلەدى بۇ قىسسەئى دۇرسىلكى نەزم.
ئۇشبۇ كۆڭۈلدە تەقى ئەيىيامى چەند،
قىلدى قەلەم نەۋكى بىلە سۆزنى بەند.
كىمكى ئوقۇساۋۇ ئىشىتسە مۇنى،
فاتىھە بىرلە چۇ ساغىنغىن مېنى.

## ھەزرەتى يۇسۇفنىڭ قىسسەسىن ئىبتىدا قىلغانى

پىرى خىرەدكىم ئېرۇر ئۇستادى كار،
دېدى ھەر كۆڭۈلگە زەررە ئېئتىبار.
جۇملە «قىسسەس» ۋاقىئەسىن سەر بەسەر،
تەڭرى كەلامىدا بېرىپتۇر خەبەر.
بار ئىدى كەنئان ئۇلۇسىدىن مۇدام،
ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام.
خەلق ئۆزە پەيغەمبەرى بەرھەق ئىدى،
دىن يولىدا ھاكىمى مۇتلەق ئىدى.
كېلىۈر ئىدى ئاڭا چۇ ۋەھيى دەلىل،

تەڭرى تەئالا قاتىدىن جىبرەئىل.
تەڭرىنى ئەمرىن سورار ئېردى مۇدام،
جۇملەئى ئۇممەتلەرىغە سۇبھۇ سام.
ئۆزى رىسالەتدە بولۇپ ئېردى پىر،
بار ئىدى ئوغلانلارى بەس دىلپەزىر.
بىر ئانادىن ئون ئىدىلەر سەر بەسەر،
تەڭرى يولىندا بارىسى راھبەر.
بىر ئانادىن يۇسۇفۇ ئىبنى يەمىن،
ئىككى قارىنداش ئىدىلەر پاك دىن.

يۇسۇف ئىدى ئورتادە چۇن شەمئ جەمئ،
ئۆزگەسى پەرۋانەۋۇ ئول ئېردى شەمئ
ئۆزگەلەرى كەۋكەبۇ ئول ماھ ئىدى.
ئۆزگەلەرى خادەمۇ ئول شاھ ئىدى،
ئۆزگەلەرى زەررەۋۇ ئول ئافتاب.
بارچە سەدەف ئول ئىدى دۇررى خۇشاب،
........................................
تەگرى بىرۇر ساڭا تۇمەن ئىززۇ ناز،
دېمە كىشىگە بۇ سۆزۈك ساقلا راز.
دەۋلەتۇ نۇسرەت تۇشىدۇ ئۇشبۇ تۇش،
تەگرى ئەزەلدىن ساڭا بەرگەن ئۇلۇش.
لېك بۇ تۇشدىن ماڭا جانۇ جەھان،
مېھنەتۇ غەم ئىدى كېلۇر ھەر زەمان.

## ھەزرەتى يۇسۇفنىڭ تۇشىدىن ئاغالارى خەبەر تاپقانى

يۇسۇفى سىددىق ئويۇنۇپ مەگەر،
قىلدى ئاغالارىغە تۇشىدىن خەبەر.
بارچە ھەسەد ئوتى بىلە كۆيدىلەر،
جانۇ جەھان ئېرتەيىندىن تويدىلەر.
قىلدى ئالار فېئلىگە شەيتان مەدەد،
بىر يولى كۆچلەندى ئۇلارغە ھەسەد.
بارچە يامانلىق قىلىچىن تەبرەتىپ،
بارچە ئەداۋەت ئوتىن ئەنگىز ئېتىپ.
كەلدىيۇ قىلدى ئاتاسىغە سەلام،
ھەر بىرىسى قىلدى تۇمەن ئېھتىرام.
بارچە تۇرۇپ خىزمەتىگە بىدەۋار،
تىللارىگە مەكرۇ كۆڭلىگە غۇبار.
دېدىلەر: «ئەي پاك رەسۇلى خۇدا،
ھەم ئاتامىز سىز داغى ھەم پىشىۋا.
ھاجەتىمىز باردۇر، ئايا پاكى دىن،
ھەزرەتىڭگە ئەرز قىلالى يەقىن.
بولدى جەھان باغىدا فەسلى بەھار،
يەر يۈزىدە سەبزە ئېرۇر لالەزار.
سەفھەئى سەھرا بارى گۈلزار ئېرۇر،
باغى ئىرەم نەقشى نەمۇدار ئېرۇر.
يۇسۇف ئېرۇر بىزگە چۇ كۆز مەردۇمى.
مېھرى ئېرۇر جانۇ كۆڭۈل ھەمدەمى.
بەرگىل ئىجازەت بىلە، ئەي پاكى دىن،
كۆرسۇن ئوشۇل يەر يۈزە گۈللار يۈزىن.
كۆڭلى ئاچىلسۇن بۇ تەماشا بىلەن،
ئويناسۇن ئول لالەۋۇ رەيھان بىلەن.
نېچە قىلۇرسەن ئانى مەھبۇسى شەھەر،
ياخشى - يامان قىلسا تەماشايى دەھر.
ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام،
باشلادى ئوغلانلارى بىرلە كەلام.

## ھەزرەتى يەئقۇب ئوغلانلارى بىرلە سۆزلەشكەنلەرى

........................................
مالىكى تاجىرىنە سالدى كۆزىن،
كۆرمەدى تىۋە ئۆزە يۇسۇف ئۆزىن.
دېدىكى: «قاچتى يەنە كەنئانى قۇل،
ئاياغىندە كىشەنۇ بويىندا غول.
راست ئىمىش خۇلفەلەرىنىڭ سۆزى،
يولنى كۆرۈك قايدا بارىپتۇر ئىزى.»
بىر ھەبەشى قۇل ئىدى بەس نامدار،
دېدىكى: «جانبارغە بولغىل سەۋار.
سۇرگىل ئوشال يول بىلە سەن تۇندۇ تىز،
تۇتقىن ئوشال قۇلنى زى راھى گۇرىز.
قايداكى تاپساڭ ئانى قىلغىل ئىزا،
ماڭا ئالىپ كەل بېرەيىن مەن جەزا».
سۇردى چۇ جانبارە مىنىپ ئول ھەبەش،
ئاغزىدە سەۋگۇنىچ ئىدى كۆڭلىدە غەش.
يەتتىيۇ كۆردى يۇسۇف دىلخەستەنى،

بەندى بەلا ئىچىدە ۋابەستەنى.
يۈزىنى سۈرتەر ئىدى بىر قەبرىغە،
ئۆزگە مەجال يوق ئىدى ئول جەبرىغە.
يەتكەچ ئاچچىقلانىپ ئۇشال نابكار،

سۆدرەدى يۇسۇفنى تۇتۇپ خارۇ زار.
كاج ئۇرۇپ تىۋەگە سالدى ئانى،
دېدىكى: «قاچقاق يولۇڭنى تانى،

## ھەزرەتى يۇسۇف تەڭرى تەئالاغە مۇناجات قىلغانى

يۇسۇف ئۇشال لەھزە دېدى: «يا رەھىم،
نېچە چېكەيىن بۇ ئەزابۇ ئەلىم.
نېچە ئېسەم ئاسىيۇ خارۇ زەلىل،
جەددىم ئېرۇر پاك رەسۇلۇك خەلىل.
نېچە كۆرەيىن بۇ ئەلەمنى ئىلاھ،
سەندىن ئۆزگۈن يوق ماڭا پۇشتۇ پەناھ.
كىمگە دەيىن دەردۇ ئەلەم، ئەي كەرىم،
سەن بىلۇرسەن رازى دىلىم، ئەي رەھىم.

قىلدىم ئىكىن تىلمەگەنىمدىن گۇناھ،
لۇتفۇ كەرەم بىرلە كەچۈر، يا ئىلاھ.
بەندىلەر بىرلە گىرىفتارمەن،
بۇتەئى ھىجران ئېلىدىن زارمەن.
ھەرنېچە كىم ئاجىزۇ دىلخەستەمەن،
بەندۇ بەلا ئىچىندە ۋابەستەمەن.
جەددىم ئېرۇر پاك رەسۇلۇڭ سىنى
.................................

## ئەلچى شادىمان بولۇپ يانغانى

قىلدىم ئۇشال نامدا تەڭرى ئىلاھ،
بولسا ماڭا سىز كەبى پۇشتۇ پەناھ.
كەلگەن ئۇشال ئەلچى بەسى شادىمان،
ئىززەتۇ ھۆرمەت بىلە ياندى رەۋان.
ياندى ئۇشال ئەلچىئى نىكۇ پەيام،
يۈرۈدىلەر تىنماي ئۇشال سۇبھۇ شام.
چىقتى بەسى مېھنەتۇ رەنجى سەفەر،
قەلئەئى مەغرىبقە يېتىشتى خەبەر.
نامە جەۋابىنى چۇ تەيمۇس شاھ،
ئالدىدا كەلتۈردى قىلىپ قەتئى راھ،
نامە جاۋابىنى چۇ ئەلچى رەۋان،
ئېلىگە كەلتۈردى بولۇپ شادىمان.
ئاچتى خەزايىن ئىشىكىن سەر بەسەر،
قىلدى جەۋاھىر داغى ئالتۇن بەدەر.

ھەرنە كېرەكلىك ئىدى تۈرلۈك قۇماش،
قىلدى چىقارىپ بارىسىن چاش-چاش.
خەيمەئى خىرگاھۇ سەراپەردەلەر،
ياساتىپ ئول تۈزدە بىر ئۇلۇغ چادەر.
مىڭ تىۋەگە يۈكلەدى تۈرلۈك ئەساس،
يوق ئىدى ئول مالغە ھەددۇ قىياس.
بەگلەرىنۇ بىر نەچە سەردارنى،
ئۆزىنىڭ ئول خاسەئى جاندارىنى.
جەمئى ئاناكاۋۇ ئىناكا بەھەم،
كىم ئىدىلەر بارىچەسى خاسى ھەرەم.
بەختۇ سەئادەت قىلىپ ئېردى مەدەد،
تۈزۈدى ئەساسۇ ھەشەم بىئەدەد.
مىسرغە كۆچۈردى زىلەيخانى شاھ،
قىلدى زىلەيخا سۆيۈنۈپ ئەزمى راھ.

## زلەيخادى مسرغە كۆچۈرگەنى

مسر سارى بولدى زلەيخا رەۋان،
چىقتى ئاتاسى ـ ئاناسدىن فىغان.
دېدىلەر: «ئەي جانى جەھان دەم بەدەم،
ئاھۇ فىراقىڭدە كۆرەربىز ئەلەم.
تەگمەسۇن ئول ئاي يۈزۈڭگە غۇبار،
باردىڭ، ئايا جانى جانىم، ياخشى بار.
تەبرەدى ئول ئوردە كۆچۈپ سەرسەبەر،
راست قىلىپ بارچەسى زادى سەفەر.
جۈملەئى ئىشلارى سەرەنجام ئىدى،
بەختى مەدەدكارۇ فەلەك رام ئىدى.
يۈرۈدىلەر كېچەۋۇ كۈندۈز مۇدام،
زەۋقۇ تەرەب بىرلە بارى سۇبھۇ شام.
دەۋلەتۇ نۇسرەت ئىدىلەر راھبەر،
ھەمراھ ئىدى بارچەغە فەتھۇ زەفەر.
ئاقىبەتۇل ـ قىسسە ئۇشال ھۈرى ئەيىن،
ئوردىسى چۈن مسرغە يەتتى يەقىن.
مسر ئەزىزى تاپىبان بۇ خەبەر،
مسرنى ئايىن قىلىبان سەربەسەر.
ئۇتۇرۇ چىقىپ كەلدى قىلىپ يۈز ئەساس،
كەلمەس ئانىڭ شەرھى، بىھەددۇ قىياس.
ئىككى چاقىر ياندىشە تۈشتى بەھەم،
كەلدى فەرەھ نەۋبەتى، ئۆتتى بۇ غەم.
كەلدى ئەدەب شەرتى بىلە ئول زەمان،
مسر ئەزىزى بۇ چاقىرغە رەۋان.
بەگلەر ئۇچۇن كەلدى ئالىپ پىشكەش،
چەرخ فەلەك كۆركى يەنە باشلادى غەس.

## زلەيخا مسر ئەزىزى سارى نەزەر قىلغانى

ئۇشبۇ مەھەل ئىچرە زلەيخا مەگەر،
مسر ئەزىزى سارى سالدى نەزەر.
بولدى سەراپەردەدە بىخۇد بۇ دەم،
باشتىن ئاياق بولدى ۋۇجۇدى ئەدەم.
بارچە ئىناكا بىلە ئۆي قىزلارى،
قان ساچا باشلادى باقىپ كۆزلەرى.
ايىھە كەلتۈردىلەرۇ ھەم گۇلاب،
پتى زلەيخا يۈزىگە ھەم گۇلاب.
ى گۇلاب ئىشى ئەسەر يۈزىگە،
رەۋان سەسكەنىپ ئول ئۆزىگە.
زىزى ئەمەس ئول يۇسۇفىم،
دە سالدىم ئۆزۈمنى ئۆزۈم.
ىام ئويى ئامىنى بارى،
ئەمدى نېتەيىن، بارايىن قاي سارى.
يايدى قارا زۇلفىنى گۇل يۈزىگە،
تولدى رەۋان ياش گۈزەرۇ كۆزىگە،
گۇل بەدەنىن تاشلادى بە رويى خاك،
ئالدى پىچاق سىينەسىنى قىلدى چاك.
«ئاھ نېتەيىن ئەمدى قايان بارغامەن،
كىمنى كۆرۈپ سوراغىنى سورغامەن.
..................................
قىلدى زلەيخاغە سىپاردىش ئانى،
دېدىكى: «سەن يىلداغى ئاسرا مۇنى.
باغلادى خىزمەتقە چۇ يۇسۇف كەمەر،
يۈرۈر ئېردى غەمزەدە شامۇ سەھەر.

## يۇسۇفنى ئەزىز «فەرزەند» دەپ زلەيخاغە تاپشۇرغانى

لېك زلەيخا ئىدى بىخوردۇ خاب،
ئىشق ئوتىدىن ئىدى بەغرى خەراب.
دېدى ئىناكەگە: «ئايا ھەمدەمىم،
بولدى فۇزۇن مېھنەتۇ دەردۇ غەمىم.
ئىشق ئوتى ئۆرتەيدۇرۇر مېنى بۇ دەم،
جان ئىچىندە شۇئلەسى تارتار ئەلەم.

جۇملەئى ھالىمدىن ئاگا قىل خەبەر،
كۆز ئۇچىدىن بىر ماگا قىلسۇن نەزەر.
بارغىلۇ يۇسۇفنى كۆر ئۇشبۇ زەمان،
قىل بۇ تۇشۇم قىسسەسىن ئاگا ئەيان.
تۇتقىل ئۇشال رازنى مەستۇرسەن،
قىلما بۇ ئەسرارنى مەشھۇرسەن.
ساقلاماساڭ ئۆزۈڭگە نامۇسنى،
شاھ قىلۇركىم دۇشمەنى مەھبۇسنى.
تاپماسۇن ئول مىسىر ئەزىزى خەبەر،
بىزنى قىلۇر ئۇشبۇ ئۇلۇسدىن بەدەر».
«بارچەنى ئۆلۈمگە بېرۇرسەن بۇدەم،
قىل بۇ بەلا ئىچرە تەھەممۇل بالەم».
باردى چۇ يۇسۇفقە ئىناكە نىھان،
دېدىكى: «يۇسۇف، ساگا ئەيلەي ـ ئەيان:
سەككىز يىل ئېرۇركى زىلەيخا ئەلەم
بىلكى فىراقىڭدا چېكەر دەم بەدەم.
سېنى تۇشىدە كۆرۈپ ئول ناتەۋان،
ئەيلەدى پەدرۇد بارى ھەم خانۇمان.
سېنى تىلەي مىسرغە تۇشتى ئەسىر،
قىلدى فىراقىڭ ئانى زارۇ زەخىر.
سالغىل ئۇشال سۇختە دىلغە نەزەر،
ياخشى ئېرۇر ۋۇسلەتى شەمسۇ قەمەر».
يۇسۇف دېدىكىم: «ئايا خۇش پەيام،
مەن ئىدىم ئازاد، بولۇپمەن غۇلام.
مەن ئىدىم ئۆز مەملىكەتىمدە ئەمىر،
مۇندا بۇ كۈن خار ئېرۇرمەن ھەقىر.
مېنى فەلەك قىلدى ئىلىمدىن جۇدا،
شاھ ئىدىم ئەمدى بولۇپمەن گەدا.
كۆردى تۇشىدە چۇ زىلەيخا مېنى.
مەن داغى تۇشۇمدە كۆرۈپمەن ئانى.
بەسكى فەلەك گەردىشىدىن رەنجۇ غەم،
كۆركۈمىز ئول مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم.
بەسكى خەلايىق ئىچىندە خارۇ زار،
بولغۇمىز جانۇ كۆڭۈللەر فىگار.
بەسكى زەمانە ئىلىكىدىن مەھال،
چەككۈمىز، ئەي دوست، بەسى ماھۇ سال.
قىلغۇسىدۇر تەڭرى چۇ لۇتفۇ كەرەم،
ئاقىبەتۇل ـ ئەمر بولۇرمىز بەھەم.
سەبر بىلە ئەيلەلى ئەندىشەنى،
ئۇرمالىڭ ئاياقە بۇ كۈن تىشەنى.»

## ئىنكا يۇسۇفدىن جەۋاب ئالىپ زىلەيخاغە ئايتقانى

كەلدى ئىناكا دېدى: «ئەي گۇلئۇزار،
جانى ئەزىزىم ساگا بولسۇن نىسار.
كۆردۇم ئۇشال يۇسۇفى دىلخەستەنى،
چەرخى فەلەك جەۋرىنە ۋابەستەنى.
جۇملە ھىكايەتنى ئاگا سەر بەسەر،
ئايتتىم ئېسە دېدىكى: شامۇ سەھەر.
مەن داغى ھىجران ئوتىدىنمەن كەباب.
سەبر قىلىپمەنكى ياماندۇر شىتاب.
مەن داغى تۇشۇمدە كۆرۈپمەن ئانى،
ئانداكى مەغرىبدە ئىدى مەسكەنى.
لېك بەسى مېھنەتۇ جەۋرۇ جەفا،
چەككۈمىزۇ كۆرەمىز ئاخىر ۋەفا.
سەبرۇ تەھەممۇلدا تاپارمىز ۋىسال،
ۋەقت يېتىپ ئۆتسە بەسى ماھۇ سال».
بولدى زىلەيخا ئىشىتىپ بىقەرار،
يىغلار ئىدى كۆزلەرى قان زار زار:
«دېدىم تۇشۇم قىسسەسىنى سەر بەسەر،
راست ئىمىش ئەمدىكى تاپتىم خەبەر.
ئاھ، قاچان بولغۇسىدۇر ئەييامى ۋەسل،
جانۇ كۆڭۈل نەقدى ئېرۇر فەسلۇ فەسل».
دېدى ئىناكاسىكى: «جانۇ جەھان،
تەڭرىگە شۇكر ئەت داغى قىلما فىغان.
يۇسۇف ئېرۇر خىزمەتىڭگە سۇبھۇ شام،
سەبر بىلە يەتكەسەن ئاخىر بەكام.

سەبر بىلە تەگرى بېرۇر كامى دىل،
سەبر قىلۇ سەبر قىلۇ سەبر قىل.
ئاقىبەتۇل - ئەمر زىلەيخا مۇدام،
كۆيەر ئىدى ئىشق ئوتىدا سۇبھۇ شام.
جان بىلە باغلاپ ئىدى يۇسۇف كەمەر،
خىزمەت ئۈچۈن ئالدىدا شامۇ سەھەر.
مۇددەتى ئەييامى ئوتۇپ بۇ قەبەل،
ۋەسل ئۈچۈن قىلدى زىلەيخا جەدەل.
قىلماس ئىدى يۇسۇف ئاڭا ئېئتىقاد،
تاپتى ئارادا مەگەر ئۈممىدى داد.

## بەگلەرنىڭ خاتۇنلارى كېلىپ زىلەيخاغە مەلامەت قىلغانى

جۇملەئى بەگلەر خاتۇنى سەر بەسەر،
تاپتى زىلەيخانىڭ ئىشىدىن خەبەر.
«ئۆز قۇلۇڭغا ئاشىقۇ ئاشۇفتەسەن،
نېگە چۇ لەيلى كەبى ئالىفتەسەن.
جۇملەئى نامۇسىڭە ئەيلەر زىيان،
سېنى قىلۇر ئەيب بۇ خەلقى جەھان.»
دېدى زىلەيخاكى: «بارىڭىز بۇ دەم،
رەنج قىلىپ قويىدىڭىز ئاخىر قەدەم.
بارچە ماڭا ناسىھى دىلسۇزسىز،
بەختۇ سەئادەت بىلە فىرۇزسىز.
سۇھبەتى خاسى تۇتالىڭ ئۇشبۇ روز،
زەررە ئىچىمدىن كېتەر، ئەي دەردۇ سوز.»
بارچە ھەرەمغە كىرىپ ئولتۇردىلار،
بارچە مەئىشەت يېرىنى قويىدىلار.
ھەر بىرىگە بەردى تۇرۇنجۇ پىچاق،
دېدى زىلەيخا: «كىسىڭ، ئەيلەڭ فىراق.»
دېدى، ئىناكاگەكى: «جان رەھبەرى،
بارغىنۇ يۇسۇفنى كەلتۇر ئىچكەرى.
ئۇشبۇ جەمائەت بارى كۆرسۇن ئۆزىن،
سەرۋى سىھى يۈزىنى، نەرگىس كۆزىن.
يۇسۇفى سىددىق ئەلەيھىسسەلام،
كىردى ھەرەم ئىچرە چۇ ماھى تەمام.
تەلئەتىدىن بولدى مۇنەۋۋەر ھەرەم،
تۇشتى خاتۇنلار ئىچىدە مىڭ ئەلەم.
بارچە ئانىڭ يۈزىگە ئالدۇردى كۆز،
بارچەسىنىڭ ئاغزىدە قالمادى سۆز.
بارچە تۇرۇنج دەپ ئىلىكىن سەربەسەر،
كەستىيۇ بولمادى ئالارغە خەبەر.
بارچە ئۇشال لەھزە بولۇپ غەرقى خۇن،
تۇشتى زىلەيخا قاتىدا سەر نىگۇن.
چۈنكى ئالار تاپتى ئۆزىدىن خەبەر،
كۆردىلەر ئەئزاسىنى خۇن بىرلە تەر.
بارى خىجالەتتە قالىپ تۆكتى ياش،
بارچە زىلەيخا قاتىدا قويدى باش.
دېدىلەر: «ئەي باغى نۇبۇۋۋەت گۇلى،
بارچە قاتىڭدا ئۆلەلى بىر يولى.
ساڭا مەلامەتگەر ئىدۇك بارىمىز،
كۆردۇكۇ كۆرگىنىكى نېدۇر ھالىمىز».
تۇزدى زىلەيخا يەنە ئاھەڭگى سوز،
دېدى: «بۇ ئىشق ئوتىنە كۆيمەي ھەنۇز،
بىر يولى تۇشتىڭىز ئاياقتىن تەمام،
ئاھ مېنىڭ ھالىمغە ئۇشال سۇبھۇ شام.
ئىشق ئۆرتەر ھەلى بىل خانۇمان،
ئۆرتەر ئۇشال شۇئلەسى جانۇ جەھان.

## زىلەيخا خىلۋەت قىلىپ يۇسۇفنى تىلەتىپ كەلتۇرگەنى

ئاقىبەتۇل - ئەمر زىلەيخا مۇدام،
ئىشق ئوتىدىن كۆيەر ئىدى سۇبھى شام.

يىغلار ئىدى ئىشق ئوتىدىن زار ـ زار،
قالمادى جانىدە سەباتۇ قەرار.
دېدى ئىناكاگەكى: «جان ھەمدەمىم،
ئۆرتەدى جان نەقدىنى يۇسۇف ئەمىم.
نېچە [ئانىڭ] ئوتىدا كۆيسۇن بۇ جان،
ئاھ بۇ ئوتنى تۇتا ئالمان نىھان.

بارغىلۇ يۇسۇفنى كەلتۇر ئۇشبۇ دەم،
كەلسۇن كۆزۈم ئۆزرە قويسۇن قەدەم».
كەلدىكى يۇسۇفكە ئىناكا رەۋان،

دېدىكى: «يۇسۇف ھېلى قوپ دەرزەمان،
دېدى زىلەيخا سېنى كەلسۇن ئوزى.
باردۇر ئانىڭ ساڭا چۇ خىلۋەت سۆزى».
يۇسۇفى بىچارەئى بىخانۇمان،

بولدى زىلەيخا تاپۇغىنىدا رەۋان،
كەلدى سەراي ئىچىدە قويدى قەدەم،
كۆردى ئېرۇر مىسلى بىھىشت ئول ھەرەم.
ئېردى زىلەيخا ئۆزى چۇن ھۇرى ئەين،
مەملەكەتى ھۇسن ئاڭا زىرى نىگىن.
تەختى مۇرەسسەئىنى قىلىپ مۇتتەكا،
ئولتۇرۇپ ئېردى ياسانىپ دىلرەبا.

خىلۋەتى خاس ئېردى ئۇشالدەم سەراي،
ھېچ ئەھەد يوق ئىدى غەير ئەز خۇداي.
قوپتى ئۇشال لەھزە زىلەيخا نۇخۇست،
جۇملە ھەرەم ئىشىكىنى قىلدى رۇست.
يۇسۇف ئىلكىنى تۇتۇپ دەستۇ بەدەست،
باردىلار تەختى ئۆزە قىلدى نىشەست.
خىلۋەتى خاس ئېردى سەراي سۇرۇر،
تاپتى يىگىتلىك بىلە يۇسۇف غۇرۇر.

ئورتادە ئىبلىس ئېردى ئىشۋەگەر،
دېدى قاتىلغاي يەنە سۇت ھەم شەكەر.
شەھۋەت ئوتى ئۆرتەدى ئول نەرمۇ نەرم،
باقتىيۇ يۇسۇفنى بەسى قىلدى گەرم.
يۇسۇف ئۇشال لەھزە زىلەيخاغە مەيل،
قىلدىكى جەمئ بولسە چۇ ماھۇ سۇھەيل.

ناگەھ ئۇشال ھالدە باقتى كەيىن،
كۆردى چۇ يەئقۇب نەبىينى سۇرەتىن.
دېدى چۇ: «يۇسۇف ھەلى قىلما گۇناھ،
نامەئى ئەئمالنى قىلما سىياھ.»
يۇسۇف ئۇشال لەھزە تاپىپ ئىنتىباھ،
دېدىكى: «فەريادىمە يەت، يا ئىلاھ»
يۇسۇف ئۇشال ھالنى كۆرگەچ ئەيان،
تۇتتى ئۆزىن قىلمادى شەرھى بەيان.
لەھزەئى ئۆتتى يانا قىلدىكى زور،
شەھۋەت ئىلە ئۇشبۇ ئەزازىلنى كۆر.
قەسدى گۇناھ ئەيلەدى يۇسۇف يەنە،
شەھۋەت ئوتى بىرلە كۆيە ـ ئورتەنە.
ئۇتروسىدا بولدى ئەزىز ئاشكار،
دېدى: «ھەلى يۇسۇفى نا ئېئتىبار.
مەن سېنى فەرزەند دېدىم، ئەي بىئەدەب،
سەندىن ئەمەس ئۇشبۇ يامانلىق ئەجەب.
يۇسۇف ئۇشال لەھزە تاپىپ ئىنتىباھ،
دېدىكى: «فەريادىمە يەت، يا ئىلاھ.
بارچە لۇتفۇ كەرەمۇ دەستىگىر،
مېنى قىلۇر شەھۋەتى شەيتان ئەسىر.»
ئۇشبۇ مۇناجاتنى با سوزى دىل،
قىلدى گۇناھىدىن ئىدى مۇنفەئىل.
تەڭرى ئىنايەت قىلىبان ئول زەمان،
بەردى ئاڭا شەھۋەت ئوتىدىن ئەمان.
يۇسۇف ئۇشال لەھزە بولۇپ بىقەرار،
قويدى زىلەيخانىيۇ قىلدى قەرار.
قوپتى زىلەيخاۋۇ تۇتتى ئانى چۇست،
دېدى: «نې بولدى ھەلى، ھەي ئەھدى
شۇست؟
نېچە قىلۇرسەن مېنى ھەردەم ھەلاك؟»
تارتتىيۇ يۇسۇف ياقاسىن قىلدى چاك.
يۇسۇف ئۇشال لەھزە قاچىپ تاشقارى،
چىقتى زىلەيخا كەيىن، ئول ئىلگەرى.

## ئەزىز مىسرى يۇسۇفنى زىلەيخا قاتىدىن چىققانىن كۆرگەنى

مىسر ئەزىزى ئىدى تاشقارى ئۆزى.
تۇشتى ئالار هالىنە ناگەھ كۆزى.
كۆردى زىلەيخانى ئۆزى بىمەهال،
باش يالاڭ. ئاياق يالاڭ، ئاشۇفتە هال.
مىسر ئەزىزى قوپۇبان هەۋلىيى جان،
كىردى زىلەيخا هەرەم ئىچرە رەۋان.
كۆردى زىلەيخانى ئېرۇر بىقەرار،
ئەبر كەبى يىغلار ئىدى زار – زار.
دېدى: «نېدۇر نەۋهەئى زارىڭ سېنىڭ،
قانى ئۇشال سەبرۇ قەرارىڭ سېنىڭ؟»
دېدى زىلەيخاكى: «تەڭ ئولتۇر بۇ دەم،
سەندىن ئېرۇر ماڭا بۇ دەردۇ ئەلەم.
بىر قۇلى كەنئانئى ئەيياردىنى،
ئالدىڭ ئۇشال فاسىقۇ بەدكارنى.
قىلدىڭ ئوغۇلدەك سەن ئانى مۇهتەرەم
كەلدى بۇ كۈن ئەيلەدى قەسدى هەرەم.
تۇتتى ئىلىكىمنى ئۇشال نابكار،
قالمادى جانىمدا ئىسباتۇ قەرار.
ئۇردۇم ئانىڭ كۆزىگە بىر مۇشتى خاك،
تۇتتۇم ئۇراي دەپ ياقاسىن بولدى چاك.
ۋەهم قىلىپ قاچتى رەۋان تاشقارى،
مەن ئىدىم ئارتىنچەۋۇ ئول ئىلگەرى.
هېچ كىشىكى يوق ئىدى تۇتسە ئانى،
تاشقارى چىقتىم ئېسە كۆردۇم سېنى.

## ئەزىز مىسرى يۇسۇفنى تىلەگەنى

مىسرى ئەزىزى ئىشىتىپ ئول زەمان،
دېدىكى: «يۇسۇفنى كەلتۈرۈڭ رەۋان.
ئايدىكى جەللادنى كەلسۇن بۇ دەم،
باشىنى قىلسۇن تەنەسىدىن قەلەم.
يۇسۇف ئۇشال لەهزە كېلىپ خارۇ زار،
ئۆپتى ئەزىز ئاياغىنى بەندەۋار.
ئايدىكى: «تۇتسۇن بۇ كۆزۈمنى تۇزۇڭ،
مېنى ئۆزۈڭ سورغىلۇ ئۆلتۈر ئۆزۈڭ.
ئەرزىمە يەت، خۇسرەۋى گىتى پەناه،
باردۇر ئارامىزدە بىزنىڭ بىر گۇۋاه.
شىش ماهى تىفل ئېرۇركىم شىرى خار،
تىلگە كېلىپ سۆزلەسە قىل ئېئتىبار.
يەتتە يىل قەهەتتىن ئاخىر ئۇچ ئاي،
قالدى ئۇشال دەمدە بىهۆكمى خۇداي.
جۇملەئى ئەنبار تۈگەندى تەمام،
يۇسۇفى سىددىق ئەلەيهىسسالام.
قالدى تەهەييۇردا دېدى: «يا ئىلاه،
لۇتفۇڭ ئېرۇر بارچەغە پۇشتۇ پەناه.
بارچەغە سەن رىزق بېرۇرسەن خۇداي،
مىسر ئۇلۇسىغە نې بېرەيىن ئۇچ ئاي.»
ئۇشبۇ مۇناجات ئىلە قىلدى دۇئا،
تەگردىن ئول لەهزە يېتىشتى ندا.
رۇهۇل – ئەمىنغەكى: «ئۇشبۇ زەمان،
يۇسۇفى سىددىقغە ئەيلە ئەيان.
«غەم يېمە بۇ قىسسە ئۇچۇن، يا رەسۇل،
بولماسۇن ئول خاتىرى پاكىڭ مەلۇل.
مىسر ئۇلۇسى بارچە يىغىلسۇن تەمام،
مەردۇ زەنۇ نىكۇ بەدۇ خاسۇ ئام.
هۇسنۇ جەمالىڭنى هەر ئاي ئىچرە بىر،
كۆرسۇن ئۇشال لەهزە فەقىرۇ كەبىر.

.....................................

سۆيۈنۈپ ئول هالدا مۇشتى سەقەت،
قۇللۇق ئۇچۇن بارچەلەرى بەردى خەت.
يۇسۇفى سىددىق سۆزىدىن بارچە پاك،
فارىغ ئولۇپ بارچە زى بىمى هەلاك.

بارچەغە بولۇر بۇ جەمالىڭ ئىمزا،
كۆرمەس ئالار قەھەت ئىلىندىن ئىزا.
ئەيلە ئۇشال مىسىر ئېلىغە خەبەر،
بارچەلەرى دەشتىغە بولسۇن بەدەر.»
يۇسۇف ئۇشال لەھزە بولۇپ شادىمان،
دېدىكى بەگلەرىگە ئۇشبۇ زەمان:
«بارچە خەلايىققە بېرۇرمەن تەئام،
چىقسۇن ئولۇقتىن كىچىكى خاسۇ ئام.»
مىسرىنىڭ ئىلى تاپىپ ئۇشبۇ خەبەر،
بارچە سۆيۈنۈپ داغى بولدى بەدەر.
يۇسۇفى سىددىق شەھى كامكار،
رەخشى سەئادەت بىلە بولدى سەۋار.
مىسىر ئىچىندە بولدى تۈمەن دارۇگىر،
كۇسۇ نەققارە چىقارىپ مىڭ نەفىر.
يەتتى ئۇشال يەردەكى مىئاد ئىدى،
خەلقۇ خۇدا بارچەسى دىلشاد ئىدى.
كۆردى خەلايىقنى ئېرۇر بىشۇمار،
بارچەغە دېدى بەراھى ئىنتىزار.

تۈشتى ئۇشال لەھزە رەسۇلى خۇدا،
تەختى يۈزىدە چىقتى قىلدى نىدا.
دېدى: «ئايا مىسىر ئۇلۇسى، خاسۇ ئام.
ئۇشبۇ يىغىلغان زى بەرايى تەئام.
يۈزۈم ئېرۇر بۇرقەئ ئىچىندە نىھان،
تەڭرىنىڭ ئەھدى بىلە ئۇشبۇ زەمان؛
مەن ئالايىن يۈزۈم ئۆزىدىن نىقاب،
بارچە يۈزۈمنى كۆرۈڭىز بىھىجاب.
مۇنچە يىل ئالدىڭىز ئېسە گەنجۇ مال،
ئەمدى كېلىڭ بارچە كۆرۈڭىز جەمال.»
دېدى بۇ سۆزلەرنىيۇ ئالدى نىقاب،
تەلئەتىدىن بولدى خىجىل ئافتاب.
چىقتى خەلايىق ئاراسىدىن خۇرۇش،
باردى ئالارنىڭ تەنىدىن ئەقلۇ ھۇش.
ۋالە ئولۇپ جۇملە خەلايىق تەمام،
مىسىر ئېلى زەۋقىن ئىدىلەر سۇبھۇ شام.
قىلدى كەرەم پادىشاھى لايەزال،
نەۋبەتى قەھر ئۆتتى تەمامى كەمال.

## قەھەت ئۆتۈپ توقلۇق بولغانى

مېھنەتۇ غەم ئۆتتى يېتىشتى ھۇزۇر،
بولدى خەلايىق ئارا زەۋقۇ سۇرۇر.
لۇتفى ئىلە رەززاق زى راھى كەرەم،
قۇللارىنە بەردى تەمامى نەئەم.
مەملەكەتى مىسىر چۇ جەننەت سەراي،
بولدى يانا راست بىھۇكمى نىداي.
يۇسۇف ئىدى تەختى خىلافەتتە شاھ،
كانى كەرەم سايەئى لۇتفى ئىلاھ.

سەلتەنەتى ئاتىدىن ئېردى نىزام،
ئالدىدا ئەفلاك ئىدى ئەندەر قىيام.
مىسىردە تۈزدى بۇ قەبىل ئەدۇ داد،
دەھرى كۇھەن بىلمەس ئىدى ھېچ يادە
ھەر قاچان ئاتلانىسە ئىدى ناگەھان،
تىترەر ئىدى جۇملە زەمىنۇ زەمان.
تۈشەر ئىدى مىسىر ئىچىدە ھايۇ ھۇي،
ئاندىن ئىدى خەلق ئارا مىڭ گۇفتىگۇي.

## زلەيخا يۇسۇف فىراقىدا بىقەرار بولغانى

لېك زلەيخا بولۇپ ئېردى خەراب،
بەغرى ئىدى يۇسۇف ئوتىدىن كەباب.
ئاجىز ئىدى بىدىلۇ زارۇ زەھىر،

كۆز ياشىدىن كۆزلەرى بولدى بەسىر.
ئىشق بەلاسىندە ئىدى مۇبتەلا،
لام كەبى قامەتى ئېردى دۇتا.

بىكەسۇ بىچارە ئىدى ناتەۋان،
يوق ئىدى ئاڭا غەمۇ ئەندۇھى جان.
يۇسۇف ئىدى زىكرى ئانىڭ سەربەسەر،
يوق ئىدى فەريادىدىن ئۆزگە ئەسەر.
تاكى ئىشىتتى قۇلاغى بۇ خۇرۇش،
بەھرى غەم ئول باتىنىدىن ئۇردى جۇش.
دىدىكى: «يا رەب، بۇنە غەۋغا ئىرۇر،
جانۇ كۆكۈل ئوتىدە شەيدا ئىرۇر؟»
بار ئىدى خادىملارىدىن خانە زاد،
دىدى: «ئايا بانۇيى نىك ئىئتىقاد،
كەۋكەبەئى يۇسۇف ئىرۇر بۇ سەدا،
ھەرقاچان ئاتلانىسا رەسۇلى خۇدا.»
يۇسۇف ئاتىنى ئىشىتىپ ئول زەمان،
تۇزدى زىلەيخا يەنە ئاھۇ فىغان.
دىدىكى بىچارە: «نىچە ئۆرتەنەي،
چارەئى تەدبىرىنى بىلمەن نىتەي.»
دىدى بۇ سۆزلەرنى ئۇشال ناتەۋان،
جۇملەئى ئۆي قىزىغە دىدى رەۋان:
«مىنى مەئافەدە سالىڭلار بۇدەم،
بارچە مىنىڭ بىرلە قويۇڭلار قەدەم.
يۇسۇف ئۆتەر يولغە ئىلتىڭ مىنى،»
بارى يىراقتىن ئىشتىبان ئۈنى.
ئالدى زىلەيخانى بۇ قىزلار رەۋان،
سالدى مەئافە ئىچىنە ئول زەمان.
يۇسۇف ئۆتەر يولىنە كەلتۇردىلەر،
بارچە زىلەيخا قاتىدە تۇردىلەر.
ئۇشبۇ مەھەل ئىچرە بەيەك ناگەھان،
كەۋكەبەئى يۇسۇفى بولدى ئەيان.
يىلتى زىلەيخا تۇسىنە ئول زەمان،
تۇزدى زىلەيخا يەنە ئاھۇ فىغان.
دىدى: «ئايا يۇسۇفى نىكۇ خىسال،
ئەيلە تەۋەققۇف بىھەققى زۇلجەلال.

سۇختەلەر ھالىنە سالغىل نەزەر،
بولدى بۇ رەڭ بەندەسى شەمسۇ قەمەر.

..............................

تەگدى بۇ يەرگە ئاتىنىڭ تويناغى،
مۇنىس ئىرۇر ماڭا بۇ يەر تۇپراغى:
«ماڭا بۇ يەر تۇپراغىدۇر ئاشيان،
مەن داغى تۇفراق بولايىن قاشىيان.»
دىدى قويدى يۈز يۈزىنى يەرگە زار،
بولدى رۇبەئىنىڭ ئىچىندە بىقەرار.
قالمادى گويا تەنىدىن زەررە جان،
باشلادى قىزلار يەنە ئاھۇ فىغان.
ئۆتتى تۈنۈ بولدى چۇ ۋەقتى سەھەر،
ئىردى زىلەيخا ئۆزىدىن بىخەبەر.
كەلدى زىلەيخا يەنە چۈن ئۆزىنە،
كۆرمەدى ئۆزىنى بۇ يەر يۈزىنە.
باشلادى ئول نەۋھەئى زارىن يەنە،
باشتىن ئاياقى كۆيە ھەم ئۆرتەنە.
كەلدى زىلەيخانىڭ بۇ ئۆي قىزلارى،
دىدى: «بارۇر بىز بارىمىز ھەر سارى.
كور بولالى بارىمىز بىر يولى،
ئاھ سىنى بۇ ئوت بىلەن نىپ كۆرەلى.
جان ئەزىزنى ئەيلەلى ساڭا نىسار،
سەبرۇ تەھەممۇل ئۆزە تاپقىل قەرار.
تەڭرى بىرۇر سەبر يولىندا مۇراد.
سەبر قىل، ئەي پاك رۇخى، پاك زاد»
دىدى زىلەيخا: «ئىرۇركىم قىرق يىل،
يۇسۇف ئۇچۇن زار ئىرۇرمەن زەلىل.
تاكىم ئىرۇر زەررە بۇ جانىدىن رەمەق.
يۇسۇف ئاتى مۇنىسىم ئىرۇر بەھەق.
سەبر قىلايىن ۋەلى نەۋمىد ئەمەن،
كايىغاجىدۇركى جەددىم نىپ يىپگەن.

## يۇسۇف فىراقىدا زىلەيخانىڭ ھالى خەراب بولغانى

بىر نەچە كۈن سەبر ئىتىپ ئىردى تەغەم،
ئىشق ئوتى جانىدىن ئۇردى ئەلەم.

ئۆرتەر ئىدى باشتىن ئاياق سەر بەسەر،
بولدى بۇرۇنخى سىفەتىدىن بەتەر.

تۇزدى يەنە نالەئى زارىن ئۆزى،
قان ساچا باشلادى ىىغىدىن كۆزى.
ھەرقاچان ئۇل بولسە ئىدى ىىقەرار،
كۆرگەن ئانى يىغلار ئىدى زار - زار.
تۈن - كۈن ئىدى ئاندا چۇ يەكسان مۇدام،
ئىردى ئۇيقۇ لەززەتى ئاڭا ھەرام.

## ھەزرەتى يۇسۇف يەنە زىلەيخا بىلە مۇلاقات بولغانى

بىر كۈنى يۇسۇف يەنە بولدى سەۋار،
مىسر ئىچىدە تۈشتى تىۋمەن كىردىدار.
چۇبى نەغارە ئۆزىنە ئۇردى بوس،
چىقتى فەلەك بامىدا غەۋغايى كۇس.
خەلق تەزەررۇئ ئۆزە چىقتى بارى،
ياخشى - يامان بارچە يىگىتتۇ قارى.
بولدى زىلەيخا ئىشىتىپ بىقەرار.
تۇزدى يەنە نەۋھەسىنى زار - زار.
دېدىكى قىزلارغە: «بەرايى خۇدا،
باشتىن ئاياق بولدى ۋۇجۇدۇم جۇدا.
قىلىچە بۇ جانىم نېچە چەكسۇن ئەلەم،
بارچە بىلىڭلاركى، ئۆلەرمەن بۇ دەم.
بارچە چېكىپسىز ئەلەمى بىئەدەد،
ئاخىرى دەمدۇر ماڭا ئەيلەڭ مەدەد.
مېنى كۆتەرىڭ داغى ئىلتىڭ رەۋان،
يۇسۇف ئۆتەر بولسەكىم ئۇشبۇ زەمان».
جۇملە ئۇي قىزلارى كۆتەردى فىغان،
دېدىلەر: «ئەي جان تىلەكى قەدرىدان.
بارچە يولۇڭدا قىلالى جان فىدا،
ناغۇ بولالى تاپۇغىڭدىن جۇدا.»
تەبرەدىلەر بارچەسى ھەم دەر زەمان،
سالدى زىلەيخانى بەتەختى رەۋان.
ئالدى ئېلتتىلەر ئالار بىمەھال،
بارچە ئانىڭ تۈزىنى ئەيلەپ ھەلال.
قويدىلار ئۇل يولغە ياۋۇقراق مەگەر،
ئاندەكى يۇسۇفقە ئىدى رەھ گۇزەر.
يۇسۇفى سىددىق چۇ شاھى زەمان،
سەيلە قىلىپ ئۇل سارى بولدى رەۋان.
كەۋكەبەسى ئەيلەدى ناگەھ خۇرۇج،
ئەرشقە ئاۋازەسى ئەيلەپ ئۇرۇج.
مىسر ئىچىدە ئىدى نىدايى مەشەف،
خەلق تەفرىھىدە ئىدى ھەر تەرەف.
تاكى يېتىشتى ئەلەمى زەر نىگار،
ھەر تەرەفىندە ئىدى يۈز مىڭ سەۋار.
يۇسۇف ئىدى ئورتادا چۇن ئافتاب،
ئىردى مۇبارەك يۈزى ئۆزرە نىقاب.
يەتتى ئۇشال تۈشكى زىلەيخا ئىدى،
تاكى بۇ ئىشق ئوتىدا شەيدا ئىدى.
بىلدى زىلەيخاۋۇ چىقاردى فىغان،
دېدى: «ئايا يۇسۇفى پاكىزە جان.
بارى شەھى مىسرى بىھەققى ئىلاھ،
خەستەلەر ئەھۋالىنە ئەيلە نىگاھ.
ئاجىزۇ بىچارەئىمەن ناتەۋان،
بار بۇ تېنىم ئىچرە بۇتۇن نىمجان.
ھاجەتىم ئۇشبۇ ئىرۇر، ئەي شەھرديار،
ئۆتۈك ئىشىتىپ قىلايىن جان نىسار.
نىچە فىراقىڭدا ئۆلەي ھەر زەمان،
بىر يولى يولۇڭدا ئەيلەي جانفىشان.

## يۇسۇفى سىددىق ئەلەيھىسسەلام زىلەيخاغە جەۋاب ئايتقانى

يۇسۇفى سىددىق شەھى نامۋەر،
سالدى زىلەيخا تەرەفىندە نەزەر.
دېدى: «ئايا سۇختەئى نارى ئىشق،
دەرد - ئەلەم بىرلە گىرىفتارى ئىشق.

ئاجىزۇ بىچارەسەنۇ مۇبتەلا،
تەڭرى سىنىڭ دەردىڭە بەرگەي دەۋا.
ئۆز - ئۆزىڭە فىكىر ئېتىپ ئەندىشە قىل،
سەبرۇ تەھەممۇلنى بۇ كۈن پىشە قىل.
مەن ئون ئىككى يىلكى بەزىنىدان ئىدىم،
سەبرى بىلە زاكىرى سۇبھان ئىدىم.
سەبر بىلە بەندە يېتەر كامى دىل،
كامى دىل ئەت دېسەڭ، ئەۋۋەل سەبر قىل.»
دېدى بۇ سۆزلەرنىيۇ ئۆگۈردى يۈز،
يۇسۇف ئۇشال يولغە تىۈزەلمەي ھەنۇز.
كەلدى ئاڭا ھەزرەتى رۇھۇل - ئەمىن،
دېدى: «ئايا ھادىئى روي زەمىن.
تەڭرى تەئالا ساڭا ئايدى سەلام،
دېدى بارىپ يۇسۇفقە يەتكۈر پەيام.
نەۋبەتى ھەجر ئۆتتىيۇ ئەيىيامى ۋەسل،
كەلدى بۇ كۈن نەزرە قىلغىل سەن بىئەسل.
ئوتتى بىپايانى غەم - مىھنەت تۈنى،
تۇغدى بۇ كۈن ئەيشۇ تەرەبنىڭ كۈنى.
بارغىلۇ يۈزلەن بۇ زىلەيخا سارى،
ئاي يۈزۈڭگە خەلقى جەھان مۇشتەرى.
لۇتف بىلە سورغىل ئانىڭ ھالىنى،
بىلگىل ئانىڭ جۇملەئى ئەقۋالىنى.»
يۇسۇفى سىددىق ئىشىتىپ بۇ خەبەر،
دېدى: «ماڭا ھەق سۆزىدۇر تاجى سەر.»
باردى زىلەيخا سارى يۈزلەندى زۇد،
بولدى نىھان گەردىگە چەرخى كەبۇد.
دېدى زىلەيخاغە بۇ ئۆي قىزلازى:
«يۇسۇفى سىددىق كېلەدۇر بېرى.»
دېدى زىلەيخاكى: «نە سۆزدۇر بۇ سۆز،
ئانداكى بار ئېردى ماڭا يۈزۈ كۆز.
يۈزۈم ئىدى ھۇسن ئىلە بەدرى مۇنىر،
كۆزۈم ئىدى زوھرە كەبى لانەند نىر.
ئاندا ماڭا سالمادى يۇسۇف نەزەر،
مەندىن ئېتەر ئېردى تۈمەن مىڭ ھەزەر.
ئەمدىكى باشتىن ئاياغىم بولدى ئۇر،
ياشىم ئاقىپ ئىككى كۆزۈم بولدى كور.
ئول مېنى نېتسۇن، نىگە كەلسۇن ماڭا،
قايدا بارۇر ياخشى باقتىڭلار ئاڭا.»
دېدىكى قىزلار: «كېلەدۇر ئول بېرى،
ئىلگەرى كەلدى بۇ ياساۋۇللارى»
يۇسۇف ئىدى تەۋسەنى دەۋلەت سەۋار،
خەلق رىكابىندە ئىدىلەر سەد ھەزار.
كېلور ئىدى ئۇشبۇ جەلالەت بىلە،
كۆردى زىلەيخانى بۇ ھالەت بىلە.
كەلدى ئۇشال ھالدا رۇھۇل - ئەمىن،
دېدى: «ئايا پاك رۇخۇ پاك دىن.
تەڭرىنىڭ ئەمرى ساڭادۇر ئۇشبۇ دەم،
بول يايافۇ يەر ئۆزە قويغىل قەدەم.
ئات ئۆزە بارمە بۇ زىلەيخا سارى،
بەندە ئىرۇر يۈزۈڭە ھۇرۇ پەرى.
ساڭا ۋەلى نىئمەت ئېرۇر ئول يەقىن،
ساقلا ئەدەب، ساغىن ئۇشال تۈز ھەقىن.»
يۇسۇف ئۇشال لەھزە بەئەمرى ئىلاھ،
بولدى يايافۇ گەردى ئۇشال دەم بەراھ.
يەتتى زىلەيخا قاتىدا نىكى نام،
قىلدى تەۋازۇئ بىلە ئولدەم سەلام.
قويدى زىلەيخا باشىنە ئول ئىلىك،
دېدى زىلەيخا: «ھەلە كانە بىلىك.
لۇتفۇڭ ئېرۇر بارچە خەلايىقغە ئام،
بەندە دۇئاگويۇڭ ئېردى سۇبھۇ شام.
تاكى ئوتتۇڭ بىرلە كۆيەر ئۇشبۇ جان،
مەندىن ئەمەس باشقە بۇ ئوت بۇ زەمان.
يۇسۇف ئۇشال لەھزە زى زاھى كەرەم،
دېدى زىلەيخانى: «ۋەلىيۇن - نەئەم.
تەلئەتىڭ ئېردى چۇ مەھى خاۋەرى،
خادىمىڭ ئېردى بارى ھۇرۇ پەرى.
ساڭا خەزائىن ئىدى تۈرلۈك ئەساس،
كەلمەس ئىدى شەرھى بىھەددۇ قىياس.
بارچەسىنى نېتتىڭۇ ئەلغىل بۇدەم،
بارچەسىنى بىر يولى ئەتتىڭ ئەدەم.

## زىلەيخانىڭ جەۋاب ئايتغانى

دېدىكىم: «ئىشىت بۇ سۆزۈم شەرھىنى،
بارچە خەزايىن بېرىپ ئالدىم سېنى.
ھۇسنى جەمالىمنى فىراقىڭ تەمام،
ئۆرتەدى ھەسرەت ئوتىدىن سۇبھۇ شام.»
دېدىكى يۇسۇف: «قانى ئىشقىڭ ئوتى؟»
دېدى زىلەيخا: «ھەلە جان راھەتى.
ئاغزىمە تۇتقىل ئىلىكىڭنى بۇ دەم،
جان ئىچىدە شۇئلەسى ئۆرتەر ئەلەم.»
يۇسۇف ئىلىكىندە مەگەر ئول زەمان،
قامچىئى زەربەفت ئىدى زاھىر ئەيان.
تۇتتى زىلەيخانىڭ ئول ئاغزى سارى،
قىلدى نەزەر ئۇشبۇ مەھى خاۋەرى.
نەئرە ئۇرۇپ قىلدى زىلەيخا بىر ئاھ،
ئاغزىدىن ئوت چىقتى زى سۇنئى ئىلاھ.
قامچىغە ياپۇشتى بۇ ئوت دەر زەمان،
قامچىنى تاشلادىلار يۇسۇف رەۋان.
يەنە زىلەيخا دېدى: «ئەي شەھسەۋار،
ئەر كىشى بۇ ئوت بىلە لەيلۇ نەھار.
بەندە خاتۇن بويۇم ئىلە قىرق يىل،
بەسكى بۇ ئوت ئىچرە بولۇپمەن زەلىل.
جان ئىچىندە ئېردى بۇ ئوتۇڭ نىھان،
ئەمدى مېنى قىلدىڭ ئېسە ئىمتىھان.
مۇندىن ئۆكۈن ئۆرتەمە يۇسۇف مېنى،
لۇتفۇڭ ئېرۇر خەلقى جەھان مەئدەنى.»
يۇسۇف ئۇشال ھالدا ھەيران ئىدى،
كۆڭلى زىلەيخاغە پەرىشان ئىدى.
يەتتى ئۇشال ھالدا رۇھۇلئەمىن،
دېدى: «ئايا يۇسۇفى پاكىزە دىن.
تەڭرى دېدى ساڭا دۇرۇدۇ سەلام،
ماڭا دېدى يۇسۇفقە يەتكۈر پەيام.
ئىشق ئوتى ئۇشبۇ زىلەيخانى پاك،
ئۆرتەدى ياپۇشتىكى قىلغاي ھەلاك.
كۆيدى زەئف جانى بىلەن قىرق يىل،
مالۇ جەمالىن ساڭا ئەيلەپ سەبىل.
مەن ئىرۇرمەن خالقى بەندە نەۋاز،
قىلدىم ئاڭا رەھمەتى ئەشكىنى باز.
ئەيلەمەدىم زايىئ ئانىڭ رەنجىنى،
بەردىم ئاڭا ۋەسلۇ تەلەب گەنجىنى.»
يۇسۇف ئايتتىكى زىلەيخاغە: «غەم
يېمە تىلەكىڭنى تىلە ئۇشبۇ دەم.

## زىلەيخانىڭ تىلەپ يىگىت بولغانى

يۇسۇفى سىددىق بەئەمرى خۇدا،
دېدى زىلەيخاغە: «ئايا مۇبتەلا.
جەمئى تىلەكىڭنى تىلە بۇ زەمان.
ساڭا بىرۇر خالىقى خەلقۇ جەھان.»
دېدى زىلەيخا: «تىلەيىن ئۇشبۇ دەم،
تەڭرى ئەتا قىلسە زى راھى كەرەم.
تاپسە ۋۇجۇدۇم يەنە باشتىن شەباب،
بولسە يۈزۈم تەلئەتى چۇن ئافتاب.
زۇھرە كەبى بولسە بۇ نەرگىس كۆزۈم،
شەھدۇ شەكەردەك داغى بولسە سۆزۈم.
يۇسۇفى سىددىق ماڭا كەد خۇدا،
بولسە ئۇشال لەھزە بەئەمرى خۇدا.»
يۇسۇف ئۇشال دەم دېدى: «ئەي بىنىياز،
راھىمۇ رەھمان سەنۇ ھەر كارساز.
ساڭا زىلەيخا تىلەكىدۇر ئەيان،
ھەزرەتىڭگە يوق داغى ھەددۇ پايان.»
رۇھۇلئەمىن كەلدى ئۇشال دەم مەگەر،
ھەزرەتى يۇسۇفقە يەتكۈردى خەبەر.
ھەرنە زىلەيخا تىلەكىن ئۇشبۇ دەم،
سەن تىلەيۈردىن داغى ھېچ يېمە غەم.»

يۇسۇف ئۇشال لەھزە قىلىپ غۇسلى پاك،
قىلدى دۇكانە تائى يۈزىن بەخاك.
قويدى، زىلەيخا ئىشىنى قىلدى ئەرز،
دېدىكى: «يارەب، بۇ ئىلە مەنگە فەرز.»
ئۇشبۇ مۇناجاتىنى قىلىغاچ بەيان،
قودرەتى ھەق بىرلە پەيكى ناگىھان،
بولدى ئۇشال لەھزە زىلەيخاغە رىشت،
رەشكى يىگىتلىغىكى ھۇرى سىرشت.
تەلئەتىدىن بولدى خىجىل ماھى بەدر،
سۇنبۇلىدىن بولدى نىھان شامى قەدر.
ياش ئىلە ئۇل ماھ بولدى چار دەھ،
بەندە ئىدى ئارەزىيە مېھرۇ مەھ.
زاتى ئانىڭ رۇھى مۇجەسسەم ئىدى،
باشتىن ئاياق فىتنەئى ئالەم ئىدى.
دېدىكى: «يۇسۇف كۆتەر باشىڭ رەۋان،
سەجدەدىن، ئەي سەرۋەرى خەلقى جەھان.
ھەرنە دۇئا قىلدىڭ ئېسە با سەۋاب،
ھەزرەتى ھەق قىلدى بارى مۇستەجاب»

## يۇسۇف سەجدەدىن باش كۆتەرىپ، زىلەيخانى كۆرۈپ ئاشىق بولغانى

باش كۆتەرىپ يۇسۇف ئۇشال دەم نىگاھ،
قىلدى زىلەيخاغە زى سۇنئى ئىلاھ.
كۆردى ئانىڭ سۇرەتىدۇر ھۇرى ئەين،
مەملەكەتى ھۇسن ئاڭا زىرى نىگىن.
ئابى ھەيات ئېردى لەبىدىن خىجىل،
دۇررى ئەدەن تىشلارىدىن مۇنفەئىل.
باقتى تەبەسسۇم قىلىبان ئول زەمان،
يۇسۇفى سىددىق سارى ناگەھان.
قالمادى يۇسۇفقە بۇ بازارى ھۇسن،
يۇسۇف ئاڭا بولدى گىرىفتارى ھۇسن.
يۇسۇف ئانىڭ يۈزىنە تىكتى كۆزىن،
دېدى تەۋازىئ بىلە ۋۇسلەت سۆزىن.
دېدى زىلەيخاغە: «يېمە ئەمدى غەم،
ۋەسل بىساتىنە قويالى قەدەم».
دېدى زىلەيخاكى: «بۇ سۆزدۇر مەھال.
قىلما بۇ ۋەسل ئىشىنى مەندىن سوئال.
تەڭرىگە بىگانە ئىدىم مەن بۇرۇن،
ھەزرەتى ھەقنى تابىندىم مەن بۇ كۈن.
تەڭرىدىن ئۆزگەنى دېمەسمەن يەقىن،
بارغىل، ئايا يۇسۇفى پاكىزە دىن
ۋەسل ئۈچۈن ئىستەگىل ئۆزگە كىشى،
ئۇشبۇ ئىدى ھېكمەتى تەقدىر ئىشى.»
دېدى بۇ سۆزلەرنى زىلەيخا رەۋان،
بولدى، ئېسە يۇسۇفى پاكىزە جان.
تۇتتى ئىتەكىن، ئىتەكى بولدى چاك.
دېدى زىلەيخا: «ھەلە، ئەي ئەسلى پاك.
مەنكى ياقاڭ يىرتىپ ئېردىم ئىبتەدا،
چەكتىم ئۇشال ۋاقىئەدىن بۇ بەقا.
سەن ئىتەكىم چاككى قىلدىڭ بۇدەم،
بولدۇق ئىكەۋ تەڭ يېمە ئۆزگە غەم.
ۋەسل ئاتىن ئاتاماغىل، شەھرىيار،
بارغىلۇ ئۆزگە كىشى قىل ئىختىيار.»

## زىلەيخا ئۆيگە تەبرەگەنى

تۇتتى زىلەيخا يانا تەختى رەۋان،
مىندىيۇ كەلدى ئۆيىنە شادىمان.
يۇسۇف ئۇشال لەھزە بولۇپ بىقەرار،
ئۇي سارى ئەزم ئەيلەدى، بولدى سەۋار.
كەلدىيۇ تۈشتى ئۆيىگە ئول زەمان،
يوق ئىدى ئۆز ھالىنە شاھى جەھان.
بەغرى ئىدى ئىشق ئوتىدىن بەس كەباب،
يوق ئىدى بىر لەھزە ئاڭا خۇردۇ خاب.

بولدى زىلەيخا غەمدىن بىقەرار،
ئەيلەدى ئۇزلەت ئۆيىنى ئىختىيار.
سەلتەنەت ئىشىنى ئۇنۇتتى تەمام،
نالەۋۇ فەرياد ئىدى ئىشى مۇدام.
ئىشق ئوتى هەر لەهزەئى ئۇرسا ئەلەم،
بەلكى قىلۇر جۇملە ۋۇجۇدىن ئەدەم.
ئىشق بۇ جان شەهرىدە سۇلتان ئېرۇر،
شاهۇ گەدا ئاڭا چۇ يەكسان ئېرۇر.
يۇسۇف ئۇشال لەهزە گىرىفتارى ئىشق،
بولدىيۇ مەشغۇل ئىدى دەركارى ئىشق.
ۋالەۋۇ ئاشۇفـــتەۋۇ شەيــدا ئىــدى،
زىكرى ئانىڭ جۇملە زىلەيخا ئىدى.
مىسىر ئىچىدە بولدى ئانىڭ ئىشقى فاش،
كىمكى ئىشىتتى كۆزىدىن تۆكتى ياش.
جۇملە دېدىلەركى: «ئىلاهى بىهەق،
جۇملە هال ئىچرە گۇۋاهى بىهەق.»
ئالدى زىلەيخادىن ئۇشال ئىشق ئوتىن،
بەردى بۇ يۇسۇفقەكى بەل مېهنەتىن.
يۇسۇفى سىددىق شەهى كامكار،
بولدى زىلەيخا غەمىدىن بىقەرار.
يىغلار ئېردى تاقەتى بولغۇنچە تاق،
ئېردى ئانىڭ هەمدەمى دەردۇ فىراق.
ئورتادا رەهان ئىدى بولدى رەسۇل،
سۆزىنى قىلمادى زىلەيخا قەبۇل.
يۈرۈر ئىدى ئورتادا رەهان مۇدام،
ۋەسل ئۈچۈن سەئيى قىلىپ سۇبهۇ شام.
ئەيلەپ ئىدى سۇمئەئىنى ئىختىيار،
ئىشى ئىبادەت ئىدى لەيلۇ نەهار.

……………………… ……… ………

مىسىر شەهى بولماسۇن ئول يۇسۇفۇم،
تەڭرى ئۈچۈن كېتۈرۈرگەيمۇ سۆزۈم.
دېدىكى شەمئۇن: «هەلە، ئەي رەهنەما،
قوي بۇ هېكايەتنى بەرايى خۇدا.
بولدى يۇسۇفنى تېنى زەرراتى خاك،
ئەيلەدى كۆلۈ هەددىن ئايىتتى باك.
ئىبن يەمىن مۇخلاسىنە قىلغىل ئىلاج،
ئۇشبۇ ئېرۇر بىزگە بۇ دەم ئېهتىياج.
نامە جەۋابىغە نە دەرسەن جەۋاب،
مەن ياناين مىسرغە ئەيلەپ شىتاب.»
هەزرەتى يەئقۇب ئەلەيهىسسەلام،
دېدى: «بولۇڭ سەئيى تەلەبدە تەمام.
ئۇشبۇ ئېرۇر نامە جەۋابى بۇ دەم،
تەبرە تەلەب يولىدا قويۇپ قەدەم.
ئۇشبۇ كېتۈرگەن بىتىكىڭدىن مۇدام،
ماڭا كېلۇر يۇسۇف ئىدى، ۋەسسەلام.»

## شەمئۇن يەنە مىسرغا يانىپ كەلگەنى

ئاقىبەتۇل ـ ئەمر بۇ شەمئۇن يانىپ،
مىسرغە كەلدى كۆيۈپۈ ئۆرتەنىپ.
كۆردى بەرادەرلەرىنى ئول زەمان،
جۇملەئى ئەهۋالىنى قىلدى بەيان.
دېدىكى: «دەپتۇر ئاتامىز ئۇشبۇ دەم،
بارچە تەلەب يولىدا قويۇڭ قەدەم.
تەڭرىدىن ئىستەڭ بارى تەۋفىقىنى،
ئىستەڭىز ئول يۇسۇفى سىددىقىنى.
بارچە دېدىلەركى: «ئەجەبتۇر ئەجەب،
قايدا بۇ يۇسۇفنى قىلالى تەلەب.
هەشردە يۇسۇفنى قىلالى تەلەب،
ئىستەرمىز ئاندا ئەمەستۇر ئەجەب.
بارچە قويۇڭ ئاتا سۆزىن ئۇشبۇ دەم،
باردۇر ئانىڭ جانىغە يۈز مىڭ ئەلەم.
لېك يۈرۈڭ بارچە بارالىڭ رەۋان،
شاه ئىشىكىندە تۈزەلى فىغان.
چىقسا هەرەمنىڭ ئىچىدىن تاشقارى،
ئەيلەلى زارى تەزەررۇئ بارى.»

ئۇشبۇ تەمەننا بىلە كەنىئانىلەر،
شاھ ئىشىكىندە بارى كەلدىلەر.
يۇسۇف ئالارنى تىلەتىپ ئول زەمان.
دېدى: «نېدۇر سۆزىڭىز، ئەيلەڭ ئەيان؟»
بارچە دېدىلەركى: «ئايا شەھرىيار،
ئېرۇر يەمىن يولىدا بىزلەر ئىنتىزار.
ئېرۇر يەمىن ئۇچۇن شەھىئى باكەرەم،
ئىككى كىشى بەندە بولالى بۇ دەم.

## ھەزرەتى يۇسۇف يەئقۇب قىسسەسىن ئاغالارىدىن سورغانى

ھەزرەتى يۇسۇف دېدىكىم: «ئۇشبۇ دەم،
ھەزرەتى يەئقۇبقە دەردۇ ئەلەم.»
بارچە دېدىلەركى: شەھى نامۋەر،
ئايتالى يەئقۇب نەبىدىن خەبەر.
يۇسۇف ئوتى بىرلە كۆيەدۇ مۇدام،
زىكرى ئانىڭ يۇسۇف ئېرۇر سۇبھۇ شام.
ئېرۇر يەمىنىڭ ئەلەمى ئۇشبۇ دەم،
بولدى ئاڭا، شاھ، ئەلەمۇ دەر ئەلەم.»
ھەزرەتى يۇسۇف دېدىكىم: «بۇ زەمان،
قىسسەئى يۇسۇفنى قىلىڭلار بەيان.»
بارچە دېدىلەركى: «شەھى باركەرەم،
ئېردى بىزنىڭ بىرلە بۇ يۇسۇف بەھەم.
ئوينار ئىدى قوي قىرىغىندا ئۆزى،
ئاڭا ئىدى بارچەنىڭ ئول دەم كۆزى.
قويغا بۆرى كىردى بەيەك ناگەھان،
بارچەمىز ئول ھالدا بولدۇك دەۋان.
قالدى ئارامىزدا بۇ يۇسۇف يىراق،
بارچە ئۇنۇتتۇك ئانى بىئىستىياق.
تاپتۇق ئانى ياد ئېتىپ ھەۋلى جان،
بارچە فىراقىدە چىقاردۇك فىغان.
كەلدۇك ئىسە تاپمادۇك ئانى ھەم،
بولدى بىزە زىيادە ئەندۇھۇ غەم.
ھەر تەرەفى ئىستەدۇك ئانى رەۋان،
تاپدۇك ...........................
يەپتۇر ئانى بۆرى تاپىپ يالغۇز ـ ئۇن،
باز يابان ئىچرە ئۇشال فەتنەي فۇزۇن..
بارچە ياقالارنى قىلىپ چاكۇ چاك،
ساچتۇك ئۇشال باشىمىز ئۆزرە خاك.
قانغە بۇياغلىق ئانىڭ ئول كۆڭلەكىن،
ئالدۇكۇ ياندۇك بارى ئۆيگە كېيىن.
كەلدۇك ئۇشال كېچە بىلەن ئول زەمان،
ئاتامىز ئالدىدا كېتۇردۇك فىغان.
قىلدۇك ئاتامىزغە بۇ ئىشتىن خەبەر،
بولدى ئانىڭ قالبىدىن جا بەدەر.
باشتىن ئاياق بولدى ۋۇجۇدى ئەدەم،
كەلدى يەنە ئۆزىنە ئول سۇبھى دەم.
بۆرى يېيگەن قىسسەئى ئول ئېئتىماد.
قىلماس ئول، دەر يۇسۇفۇم ئېرۇ ھەيات،
مۇنىس ئىدى ئاڭا بۇ ئەينى ھەمىن،
كۇلبەئى ئەھزاندا ئىدى شاھى دىن.
ئانى داغى ئەيلەدى گەردۇن جۇدا،
ئۇشبۇ ئېرۇر ھىكمەتى ھۆكمى خۇدا.»

## ھەزرەتى يۇسۇفنى ساتقاندا مالىك تاجىرغە بەرگەن خەتنى كۆرسەتكەنى

ھەزرەتى يۇسۇف دېدى ئۇشبۇ زەمان:
«مەندە ئېرۇر بىر خەتى غەيرى نىشان.
ئانى كۆرۈكۈزۇ ئوقۇڭ ئۇشبۇ دەم،
مەن داغى بىلەي نې يازىپدۇر قەدەم.
كەلتۇرۇپ ئول خەتنى ئۇشال دەم مەگەر،
ئۇشبۇ يەھۇدا ئېلىنە بەدىلەر.
كۆردى يەھۇدا تانىدى ئۆز خەتىن،
بىلدى ئۇشال ۋاقىئەنى سۇرەتىن.

دېدىكى: «يۇسۇف خەتى ئېرۇر بۇ خەت،
راست دەگىز ماڭا ئايتماق غەلەت.
مەن بىلۇرەم جۇملەئى تىللار بىلىك،
راستلىق ئۆزرەۋۇ بارىگىز كېلىك.
خاس ئېرۇرسىز بارىگىز ئۇشبۇ دەم،

خەتتە ساتىپتۇر ئىنىگىزنى قەلەم.
بارچە يىگىرمە دىرەم ئالىپ بەھا،
ساتقان ئىمىشسىز بارى، ئەي كەد خۇدا.
ئۇشبۇ نى يۇسۇف ئېرۇر، ئايتىڭ بارى،
بايىئى سىز، مالىك ئاڭا مۇشتەرى.»

## يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاغالارى بارچەدىن جەۋاب بەرگەنى

قالدىلا ئول هالدا بارچە خىجىل،
بارچە دېدىلەر بولۇبان مۇنفەئىل.

..................................

دېدى: «ئىنايەت يولىدا، يا ئىلاھ،

مىسرغە قىلدىڭ مېنى سەن پادىشاھ.
ئەيلە ئىنايەت بىلە لۇتفۇ كەرەم،
قىل بۇ ئاتا كۆزىنى بىينا بۇ دەم.
بەندەنى كۆرسۇن بۇ جەلالەت بىلە،
دەۋلەتۇ ئىقبالۇ سەئادەت بىلە.

## رۇھۇل ـ ئەمىن: «ئاتاڭغە پىراهەنىڭنى يىبەرگىن» دېگەنى

رۇھۇل ـ ئەمىن كەلدى، دېدى: «يا رەسۇل،
هەزرەتى هەق قىلدى تىلەكىڭ قەبۇل.
قىلغىل ئۇشال پىراهەنىڭنى بەدەر،
خەتتەئى كەنئانغە ئاتاڭغە يىبەرە
كۆزىگە سۈرتەر ئانى بىينا بولۇر،
جۇملەئى ئەئزاسى تەۋانا بولۇر.»
يۇسۇفى سىددىق ئەلەيھىسسەلام،
قىلدى ئاغالارى يارائىن تەمام.
دېدى نەرۇ مايەدىن ئەللىك قاتار،
تىۋە يۈكنى قىلدىلار ئول لەھزە بار.
يۇسۇف ئاغالارى ئۇشال دەم بارى،
تەبرەدىلەر خەتتىئى كەنئان سارى.
پىراهەنىن يۇسۇف ئۇشال دەم مەگەر،
ئاتاسىغە يىبەرۇر چۈن ئول بەدەر.
قىلدى ئىنشا كەلدى ئاڭا جىبرەئىل،
دېدى: «ئېرۇر ئەمرى زى رەببى جەلىل.
پىرەهەنىڭ بەر بۇ بەشىر ئىلكىنە،
ئاجىزۇ ئەفكارۇ ئەسىر ئىلكىنە.

ساڭاۋۇ ئاتاڭغا ئېرۇر ئول سەبەب،
چەكتىڭىز ئېسە ئەلەمى روزو شەب.
ئىردى بەشىر ئاناسى داهى بەشىر،
ئىمەر ئىردى ئەمچەكىن ئانى بەشىر.
هەزرەتى يەئقۇب ئانى ساتقۇن ئالىب،
سۈتلۈك ئۇچۇن ساڭا ئىناكە قىلىپ.
ئالدى ئايرىپ بۇ بەشىردىن ئانى،
ئىمەر ئىدىڭ سەن داخى شىردىن ئانى.
قىلدى سەهەر ۋەقتى مۇناجاتىنى،
ئەرز قىلىپ تەڭرىگە هاجاتىنى.
دېدىكى: ‹يا رەب، بۇ رەسۇلى خۇدا،
ئەيلەدى ئوغلۇمنى چۇ مەندىن جۇدا
يۇسۇفىدىن بولغاي، ئىلاها، جۇدا.
ئول داغى مەندەك بولۇبان مۇبتەلا
قىلدى فەلەك سېنى ئاتاڭدىن جۇدا،
بولدى فىراقىڭدا ئاتاڭ مۇبتەلا.
بىلگىل، ئايا يۇسۇفى ئالىي جەناب،
دەئۋەتى مەزلۇم ئېرۇر مۇستەجاب.

ساكىنى دەرۋازەئى كەنئان ئېرۇر،
هالى ئاڭا بەسكى پەرىشان ئېرۇر.
پىراهەنىڭنى بۇ سەبەبدىن بەشىر،

ئەمر بىلە ئىلتۇرۇ بالا نەزىر.»
كۆردى ئۇشال داهى بەشىرىن ئۆزى،
يارۇر ئانىڭ ۋۇسلەتى بىرلە كۆزى.

## هەزرەتى يۇسۇف پىراهەنىن ئاتاسىغە يىبەرگەنى

يۇسۇفى سىددىق تاپىپ بۇ خەبەر،
پىرەهەنىن قىلدى ئۇشال دەم بەدەر.
بەردى بەشىر ئىلكىنە ئول دەم رەۋان،
تەبرەدى كەنئان سارى ئول كارۋان.
يۈرۈر ئىدى بارچە بەزەۋقۇ تەرەب،
شاد ئىدىلەر جۇملەئى ئەهلى ئەرەب.
..............................

يۇسۇفى سىددىق بەسى بىقىياس،
قىلدى ئۇشال سۆزدە تۈرلۈك ئاساس.
مىسىر ئۇلۇسى بارچە زى خاسۇ زى ئام،
هازىر ئىدى جۇملە خەلايىق تەمام.
بارچەسى مەئزۇر بولۇپ سەر بەسەر،
هەر كىشى ئۆز يېرىنە بولدى بەدەر.
هەزرەتى يەئقۇب ئۇشال شاهى دىن،
يۇسۇفى سىددىق بىرلە هەمنىشىن.
بولدى ئۇشال ئۆزى بىساتىن قورۇپ،
شامۇ سەهەر نەۋبەتى شاهى ئۇرۇپ.

تەڭرىگە ئەيلەپ بارى هەمدۇ سىپاس،
شۇكر قىلىپ شامۇ ـ سەهەر بىقىياس.
ئاه نە خۇشدۇركى چېكىپ راهۇ رەنج،
ئۇچراسا تالىبغە بىينا ۋەسلى گەنج.
چۇنكى نىچۈك تاپتى مۇرادىن تەمام،
يۇسۇفى سىددىق ئەلەيهىسسەلام.
شاه ئەبۇلغازىئى سۇلتانى هۇسەين،
تاپسۇن ئۇشال ئەيش بىلە زىيبۇ زەين.
تاپسۇن ئۇشال جۇملە مۇرادىن بۇ كۈن،
سەلتەنەتى دۇنيادە تۇتسۇن ئورۇن.
جەددى كەبى دەۋلەتى تايسۇن قەدەم،
هۇكمىنى تۇتسۇن ئەرەبۇ هەم ئەجەم.
ۋارىس ئېرۇر مۇلكىگە سۇلتانى دىن،
بولسۇن ئاڭا يەر يۈزى رويى زەمىن.
تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلە شاهى زەمان،
بولسۇن ئۇشال قاف تاقافى جەهان.
كىمكى ئوقۇساۋۇ بىتىسە مۇنى،
فاتىهە بىرلە ساغىنسا مېنى.

## كاتىب ئەرزى هالىن قىلغانى

كاتىبى بىچارەنى هەم ياد قىل،
بارى دۇئا بىرلەن ئانى شاد قىل.
خەتتى ئەگەر سەهۋ بولۇپ بولسە يىل،
قىل ئانى تەكرار داغى ياخشى قىل.
سۇدا بىتەر سۆزنى جىگەر خۇن بىلە،
كىمكى ئوقۇر مۇنى بۇ مەزمۇن بىلە.
سۆز كۆپىدىن بىلگۈچى كۆپ سۆزلەمەس،
كىمگەكى بار تەبئ، ئاڭا يەك هەرف بەس.
تەبئى لەتىف ئادەمنى ئازدەسۇر،
سۆزدەكى بار تەبئى گۆيى ئازدۇرۇر.
ئادەمىغە ياخشى قىلىغ سۆزدەدۇر،

كىم بىلىبان ئەتسە يابان سۆزدە دۇر.
هەر كىشى فەيز ئالسا بۇ سۆز گەنجىدىن،
ئەتمە چۇ مەهرۇم ئانى ئۆز رەنجىدىن.
ياد قىل ئانى، ئول سېنى هەم ياد ئېتەر،
هەجر غەمىن ۋەسل بىرلە شاد ئېتەر.
هەرنەكى قىلساڭ بۇ كۈن، ئەي شەهرىيار،
هەم ساڭا قىلغاي ئانى هەم روزگار.
كاتىبى بىچارەنى هەم ياد قىل،
بارى دۇئا بىرلەن ئانى شاد قىل.
..............................

# قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتقاسىم ئابدۇراخمان، توختىنىياز قۇربان

مۇھەررىردىن: ئۆزىنىڭ گۈزەل، ھېسسىياتقا باي لىرىك شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان شائىر قەلەندەر XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى خوتەندە ئۆتكەن. شائىرنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى خوتەندە يېزىلغان ياكى توپلام قىلىنغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شائىر قەلەندەرنىڭ يېڭىدىن يېڭى ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىپ تۇردى. بۇ ئەسەرلەر «بۇلاق» نىڭ ئومۇمىي 3 - ، 24 - ، 32 - سانلىرىدا تونۇشتۇرۇلدى. بۇ قېتىم خوتەندىن قەلەندەرنىڭ بىر لىرىك داستانى بىللە يەنە بىر قىسىم غەزەل ۋە مەسنەۋىيلىرى تېپىلدى. شائىرنىڭ بۇ قېتىم تېپىلغان داستانى ھىجرىيىنىڭ 1210 - (مىلادى 1795—1796) يىلى، خوتەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئەزىز دەۋرىدە يېزىلغان. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ خوتەن ھەققىدىكى تەسىراتلىرى، جۈملىدىن خوتەنگە بولغان قىزغىن مېھرى - مۇھەببىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ شېئىرلار شائىر قەلەندەرنىڭ تەرجىمىھالى، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى سىستېمىسى ۋە بەدىئىي ئىستېداتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىر قىسىم قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

* *

بۇ داستان سەراپا بوستانىنىڭ سەبەبى نەزمى ۋە سەمەند ۋە ندا كىملكى خۇش رەفتارنىڭ سۆز مەيدانىدا رەزمى ۋە كۆكۈل بۇلبۇلى بۇ خوتەننىڭ گۈلزارى ۋە نېمىتى بىشۇمار ۋە پەسلى ھەمىشە بەھارىنىڭ ئاشكارا قىلماق ئۈچۈن سايراغانىنىڭ ئەزمىنىڭ سەبەبى ئانداغ ئېردىكىم، يارانى جان دوستان، دۇجەھانى ۋەتەن، ئالىي شەئىنى، جەننەت نىشانى قۇندۇزى ئالەم ئەفرۇزدا ئىشتىپدۇرلاركىم، فەقىر خوتەنى پەسەندى خۇبان شەھرىدە كېلىپ تەۋەتتۇن ۋە تەمەككۇن بولۇپدۇرمەن. خەنجەرى خۇنفىشان ۋە سىنانى جانىستان تىللارىنى ئاچىپ خەت ئىبەرىبدۇرلاركىم: «ئوبدان ۋە چوڭ شەھەرلەرنى

تاشلاپسىز، خوتەنگە بارىپ تۇرۇپسىز. بىزلەر ئىشتتۇك، خوتەن كىچىك ۋە ياقا يۇرت ئىكەن...» دەپ بىتىپ ئىبەرىبدۇرلاركىم، «ئاندا بارىپ تۇرغانىڭىزدىن ئۆز كۆڭلىڭىزدە نىهايەتى خۇش تەبئىلىكىڭىز مەئلۇم بولدى ...» دەپ كىنايە ئايتىپ ئىبەرىپدۇرلار.

فەقىر ئۇلارنىڭ جەۋابىغە دېدىمكى: «رۇستەم دىۋسەفىد بىرلە ئۇرۇشقانىدا، دىۋسەفىد ئايتىتكىم: «ئەي رۇستەم، مەن سېنىڭ داڭىڭنى ئىشتىپ ئېردىم، گۇمانىم بۇ ئېردىكىم، سەن مەندىن پۇر زور ۋە زەبەردەستدۇرسەن دەپ. ئەمدى كۆردۇمكى، ياش ۋە رىزە خوردەنى ئىكەنسەن. چىمچىلاقىمنى دالۇڭغە قويسام يەنجىلىپ قالۇرسەن» دېدى. رۇستەم ئايتتى: ئەي كافىرى بىئەقل، ئەي سەگى بەدنەژاد، گەرچە خوردەمەن، گەردەمەن؛ گەرچە رىزەمەن، ساهىب ستىزەمەن؛ گەرچە ياشمەن، ساهىب كېڭاشمەن. يىلانىڭ تىشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقمە، زەهرىگە باق» دەپ نەچچە ئەفسانە تەمسىل كەلتۇردۇم. ئۇلارنى خىجالەت قىلماق ئۈچۈن ئىبەرگەنىنىڭ بەيانى، خوتەنىنىڭ شەهرىنىڭ سىفاتىنى شەهرلەرغە ئاشكارا قىلغانىنىڭ داستانى. قۇندۇز شەهرىدىن خوتەن شەهرىغە كەلدىم. نەچچە سۆز مەندىن يادىكار قالسۇن دەپ، تەي تەهرىرغە كەلتۇردۇم، بەيت:

ئىشت ئەرزىمنى سەن، ئەي مەردى ئاقىل،
سۆزۈمنى ئاڭلا ئوبدان بولما غافىل.
مەن ئېردىم شەهرىم ئىچرە خۇررەمۇ شاد،
غەمۇ مېهنەتدىن ئېردى كۆڭلۈم ئازاد.
ئىشىم ئېردى هەمىشە ئەيشۇ ئىشرەت،
جەهاندا بىلمەس ئېردىم بارمۇ مېهنەت.
يارانلار بىرلە دائىم دەرسخانلىق،
كىشىگە قىلماس ئېردىم هېچ يامانلىق.
بار ئېردى مەشرەبىمدە نازۇ نېئمەت،
مۇساهىبلار بارى ئەهلى مۇهەببەت.
كىتابۇ نەغمەۋۇ سەتارۇ قالۇن،
هەسە: خەلقى بولۇر ئېردى جىگەرخۇن.
خۇدانىڭ بەرگەنىگە قىلمادىم شۇكر،
يېيىشىم بولدى غەرۇر تەغمان بىلە سۇكر.
كىشى كۆپراق ئېيتسا شۇكرى رەهمان،
تاپار هەم دەۋلەتۇ نېئمەت فەراۋان.
كىشى گەر دېمەسە شۇكر، ئەي بەرادەر،
كېتەر قولىداقى دەۋلەت سەراسەر.
بەناگاه ئۇلتۇرۇپ ئېردىم بى هەسرەت،
كى تۇشتى باشىمە سەۋدايى غۇربەت.

بېلىمنى باغلادىم مەردانە مەهكەم،
كىم هېچ با بەتدىن هەرگىز يېمەدىم غەم.
خۇدا رەززاقدۇر قىلدىم تەۋەككۇل،
كى سالماي يانچۇقۇمغە بىرگىنە پۇل.
يۈرۈدۈم كېچە ـ كۈندۈز، سۇبهىتا شام،
زەمانى ئالمايىن بىر يەردە ئارام.
نەسەبىم ئاخىرى تۈشتى خوتەنگە،
كۆز ئاچتىمكىم تۈشۈپدۇرمەن چەمەنگە.
خوتەن دېمە، گۇلىستانى ئىرەم دە،
تەمامى خەلقىنى ساهىب كەرەم دە.
خوتەن دېمە، دېگىل جەننەت نەزەرى،
ئېرۇر خەلقىنىڭ ئەينەكتەك زەمىرى.
خوتەن دېمە، دېگىل فىردەۋسى ئەئلا،
كەمالى قۇدرەتى ۋاجىب تەئالا.
خوتەن دېمە، دېگىل دۇنيا بېهىشتى،
بولۇپدۇر نۇرى رەهمەتدىن سىرىشتى.
خوتەن دېمە، دېگىل باشدىن ئاياغ باغ،
گۇلىستانى ئېرەمدۇر رەشكىدىن داغ.
خوتەن دېمە، دېگەيسەن سەن گۇلىستان،
كۆزۈڭ تۈشسە نەيەردە باغۇ بوستان.

خوتەن دېمە، دېگىل سۇنئى ئىلاھى،
تاپىلۇر سەن نې دېسەڭ لاكەماھى.
خوتەن دېمە، دېگەيسەن ئالەم ئارا،
قىلىپدۇر سانېئى سۇنئ ئاشكارا.
خوتەن دېمە، دېگىل كانى جەۋاھىر،
نې ھاجەت ۋەسف قىلماق باردۇ زاھىر.
خوتەن دېمە، دېگىل گۇلزارى ئالەم،
مىسالى يوقدۇرۇر ۋەللاھۇ ئەئلەم.
خوتەن دېمە جەھاننىڭ زىننەتى دە،
خۇدايى لامەكاننىڭ قۇدرەتى دە.
خوتەن دېمە، دېگەيسەن رۇھ ئەفزا،
مۇنگدەك شەھر يوق ئالەمدە پەيدا،
خوتەن دېمەكى، ئاتى باردۇ ماچىن،
سۆزۈمنى دېمە يالغان باردۇر چىن.
خوتەن دېمە، ئانى سېھر ئافەرىن دە،
پەرىزاد خانەئى رويى زەمىن دە.
خوتەن دېمە ئانى، شەھرى سەبا دە،
سۇيىنى بارچە ئاغرىققا دەۋا دە،
خوتەننى كۆرسە كىم خۇلدى بەرىن دەر،
سۇيىن ئىچكەن كىشى مائى مەئەين دەر.
خوتەن ئوبدان مەكان گەر بولماس ئېردى،
خوتەن كېلىپ ئىماملار ياتماس ئېردى.
خوتەن سارى بېھىشت ئىشكى مەفتۇھ،
نەسىيمىدىن ئۆلۈك تەنگە كىرەر رۇھ.
خوتەن كەلگەن كىشى يانمايدۇ ئەلھەق،
بېھىشتقە باردۇ كىرمەك، يوقتۇ چىقماق.
خوتەن كەل ـ كەلتىلەرگە شەھرى مەئمۇر،
يېتەر تېنىڭگە فەيز، كۆڭلۈڭ تاپار نۇر.
خوتەن شەھرى جەھان شەھرىدىن ئەقۋا،
ئېرۇر خەلقىنىڭ ئىشى زوھدۇ تەقۋا.
خوتەننىڭ خەلقىغە باردۇر سەئادەت،
بولۇپدۇر ئىشلارى خەيىرى سەخاۋەت.
بولۇپدۇر خۇي ئۇلارغا مېھرىبانلىق،
قىلۇرلار ياخشىلىق، قىلساڭ يامانلىق.
جەھان ئىچرە خوتەننىڭ شەھرىدۇر تاق،
ئېرۇر خەلقى مۇسافىرلارغا ئامراق.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى مۇلايىم،
نەمازۇ روزەلەردە تۇرفە قايىم.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى خۇداجۇي،
قىلىپدۇرلار تەۋازىئۇ ئەدەب خۇي.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىك خەلقى ئېرۇر پاك،
بۇ ئەلدىندۇر شەياتۇن كۆڭلى غەمناك.
ئۇلۇغۇ ھەم كىچىكى ئەھلى تەۋفىق،
قىلۇرلار ئەمرى ھەققە بارچە تەسدىق.
خوتەن نېچۈن جەھاندا بولماسۇن تاق،
مېنىڭ باغچەم دېدىلەر خاجە ئىسھاق.
سەمەرقەندىدە ئېرۇر بىر ئابى رەھمەت،
ئاقار خوتەندە يۈز دەريايى رەھمەت.
ئېرۇر شۆھرەتدە تاشكەند لالەزارى،
دېگىل جەننەت خوتەننىڭ نەۋبەھارى.
بەدەخشان لەئلى بولۇر تاجى ئەفسەر،
خوتەننىڭ تاشىغە ئېرمەس بەرابەر.
خوتەن دەرياسىنىڭدۇر قاشتاشى،
خىجىلدۇر نۇرىدىن گەردۇن قۇياشى.
يەمەننىڭ سەن ئەقىقىن ۋەسفىن ئەت بەس،
خوتەننىڭ بىر شاغىل تاشچە ئېرمەس.
كى چاچ فىروزەدىن سەن ئۇرماغىل دەم،
خوتەننىڭ بىر ئېشەك مۇنچاقىدىن كەم.
دېمە ئوبداندۇ كابىل ئەرغەۋانى،
خوتەن باغىنى چىتلاتقان تىكەنى.
دېمە سەن شەھرى سەبزىڭ نەۋ بەھارى.
ياشىل بەخمەل خوتەننىڭ سەبزەزارى.
دېمە ئوبداندۇ بەندەر شەھرى سۇرەت،
خوتەنغە ئوخشاماسدۇر ھېچ سۇرەت.
خوتەندەك يوقتۇرۇر شەھرى سپاھان،
بېھىشت ئاسا ياراتىپ ئانى رەھمان.
شامۇ دېھلە نېچەكىم مۇھتەرەمدۇر،
خوتەن شەھرىنىڭ ئالدىدا ئەدەمدۇر.
جەھان ئابادىمۇدۇر شەھرى كەشمىر،
خوتەننى كۆرسە دەرلەر بارچە تەقسىر.

خوتەن شەھىرىنى كۆرسە شاھى بۇلغار،
تاڭ ئېرمەس قىلسا گەر بۇلغارىدىن ئار.
ئەگەر كۆرسە خوتەننى خانى بەغداد،
كېتەر قايغۇسىيۇ غەمدىن بولۇر شاد.
خوتەننى كۆرسە گەر سۇلتانى ئۇرگەنچ،
قىلۇر ئىنساف، دېيۇر دۇنيادا بۇ گەنچ.
ئەگەر كۆرسە خوتەننى خەلقى شىراز،
تېنىدە رەشكىدىن جانى قالۇر ئاز.
خوتەنلەر كىم كۆرۈپ ئىرانۇ تۇران،
خوتەن شەھرىنى كۆردى قالدى ھەيران.
دېمە ئوبدانلۇرۇر كىرمانى زىلچاڭ،
خوتەن زىلچاسىنىڭ ئالدىدا قىلچاڭ.
خوتەندىن تا ئۇرۇمچى شەھرى قامۇل،
خوتەن خامى كىيەرمىز دەپ يىغار پۇل.
دېمە ھىندۇستانىنىڭ خاسەسى خوپ،
خوتەن بەشماغى ئاندىن تولا مەرغۇب.
خوتەن شاكۇرەسىنى يار جانى،
يۇرەن ھەر كىشىكىم كۆرسە ئانى.
قەداغ فۇتاسىدىن رەي ئەھلى جادە،
ئېرۇر كەشمىر شالىدىن زىيادە.
خوتەننىڭ تەگىنماتىدىن ئىشىت سۆز،
ئېرۇر شەترەنجى كىيمز ئالدىدا بۆز.
ئېرۇر كىمخاب، ئەتلەس جايى ئىران،
خوتەن مەشرۇتىنىڭ ئالدىدا ھەيران.
خوتەننىڭ مۇشكىنىڭ ئىشىت سىفاتىن،
جەھان خۇشبۇي بولۇر گەر تۇتساڭ ئاتىن.
بۇ كىيىك نافەسىن دېدى پەيەمبەر،
مېنىڭدۇر مۇئجىزەم، ئاندىن مۇنەۋۋەر.
خوتەندە بىر ئۈزۈم بار ئاتى كىشمىش،
بارى ئۈزۈمدىن ئول ئىلگەرى پىشمىش.
ۋەسالغاسىنى يېسە ئايتۇر ئىنسان،
بەھاسىغە ئەگەر جان بەرسە ئەرزان.
مۇناقى بىرلە ساھىبى ئۈزۈمى،
ئېرۇر ھەر بىرىسى خۇرمايى رۇمى.
ئانارۇ ئالمەسىن لەئلى بەدەخشان
ئىشىتسەپ رەشكىدىن ھەردەم يۇتار قان.
ئانىڭ شافتالۇ، ئامۇدىكى، ئەي يار،
خوجەند نەشپەتەسى ئالدىدا بىكار،
ئەگەر ئالۇچەسىنى كۆرسەڭ، ئەي جان،
دېمىشسەنكىم ئېرۇر ياقۇت، مەرجان.
ئۈرۈكۇ ئۈجمەسى جەننەت نىھالى،
لەتافەتدە جەھاندا يوق مىسالى.
خۇبانى دېمە، دېگىل ھۇسنى خۇبان،
رۇخى جانانەسى رۇخسارى جانان.
ئېرۇر ھەر ئۈجمەسى بىر دۇررى گەۋھەر،
دېگىل لەززەتدە ئانى شەھدۇ شەككەر.
قاغۇنىدىن ئىشىت سۆز، ئەي خىرەدمەند،
تېگىشمەس بىرىنىكىم بەرسە بىر قەند.
خوتەندەك يوقتۇرۇر ھېچيەردە تاربۇز،
سىفاتىن قانچە قىلسام كۆرۈنۇر ئۆز.
جىنىەستەسىدىن ئىشىت، ئەي بەرادەر،
ئېرۇر ھەربىرىسى بىر دۇررى گەۋھەر.
خوتەندەك يوقتۇرۇر ھېچيەردە ياڭغاق،
شاكالى بىرلە مەغزى قاردىن ئاق.
شاكالى تاشىدىن مەغزى كۆرۈنۇر،
كىشى كۆرسە كۆزۇ كۆڭلى سۆيۈنۇر.
دېدىلەر ھۇكۇمايى ئەھلى مەشرىق،
ساقايۇر يېسە ئەيىنالۇسىن ئاغرىق.
خوتەننىڭ چامغۇرىدۇر ھەر بىرى ناك،
نەبات دەر زەردەكىنى ئەھلى ئىدراك.
خوتەن كىپىلىپ كىشى گەر كۆرسە گۇلزار،
ئېرەم باغىنى سەيرىدىن قىلۇر ئار.
قىشۇ ھەم ئەرتىيازى بىر قەبىلدۇر،
تەمۇزىنىڭ ھەۋاسى مۇئتەدىلدۇر.
بەدەخشان مۇلكى ئېرۇر لەئلى كانى،
خوتەن شەھىرىدۇرۇر ئالتۇن مەكانى.
ئېرۇر ئالمىلىرى ئالەمغە ئەئلەم،
مىسالى يوقتۇرۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.
ئانىڭ كاسىپلارى ھەربىر فىلاتۇن،
جەھان كاسىپى رەشكىدىن جىگەر خۇن.

تەمامى نازۇ نىئمەتلەر فەراۋان،
فەراۋانلىق بىلە ھەم نەرخى ئەرزان.
بىرىشتە ھاكىمى ھاتەم نىشاندۇر،
ئەدالەت بابىدا نۇشىرەۋاندۇر.
ئانىڭ ھەر بىر ئىشىدا ئەقىل ھەيران،
دېسە بولۇر ئەزىزى مىسىر دەۋران.
خوتەن ئەۋسافىنى ھاكىمى سەفدەر،
بەيان ئەتسۇن نېچۈك يالغۇز قەلەندەر.
بىتىكچى ئەيلەسەڭ ئالەم بارىنى،
تۈگەتە ئالماغاي مىڭدىن بىرىنى.
قەلەندەر، سەن تۈگەت سۆزۈڭ بۇ ھالەت،
ئىشتىكۈچىگە قىلما كۆپ مەلالەت.
خوتەنىنىڭ ۋەسفى تاپتى، ئەي مۇسەننىف،
ئەزىز بېگى زەمان ۋەقتىدە تەسنىف.
بۇ دۇررى بىبەھا تاپقاندا مەۋزۇن،
ئىدى تارىختە مىڭ ئىككىيۈز ئون.
كەل، ئەي ساقى، مېنىڭدىن كامران قىل،
فىراقىڭدىن قارىدىم نەۋجەۋان قىل.
ئىچىپ ئول مەينى قىلسام كامرانلىق،
قارىغان چاغىمە مەن نەۋجەۋانلىق،
يوق ئەتسۇن ئول مېنىڭ دەردۇ ئەلەمنى،
نىگارىم ۋەسفىغە سۇرسەم قەلەمنى.

*

يۈرۈپ ئېردىم خوتەن شەھرىدە ھەريان،
كۆرۈندى كۆزۈمە بىر ماھى تابان.
ئەجايىب مەھۋەشۇ رۇخسارەسى گۇل،
قەلەندەر بولدى گۇلزارىغە بۇلبۇل.
قاشى يادۇر ۋەلې كىرپىكلارى ئوق،
ئانىڭدەك بۇ جەھان ئەتراپىدا يوق.
مەلاھەت بوستانىنىڭ گۇلىدۇر،
سەباھەت گۇلشەنىنىڭ سۇنبۇلىدۇر.
ئاڭا ئوخشادۇمەن گەر دېسە قۇياش،
بولۇر ئۇرسا ئانىڭ ئاغزىغە مىڭ تاش.
ئۇشۇل كۈنكىم يۈزىنى كۆردى بۇلبۇل،
كۆرۈنمەس بولدى قىلچە كۆزىگە گۇل.
لەبىنىڭ ۋەسفىنى لەئلى بەدەخشان،
ئىشىتىپ رەشكىدىن ھەردەم يۇتار قان.
قارا كۆزلەر كۆزىنىڭ بەندەسىدۇر،
ھەمە ھۇرۇ پەرى شەرمەندەسىدۇر.
تىشى دۇردانەدۇر يا گەۋھەرى جان،
ۋەيا ژالەمۇدۇر يا نۇرى ئىمان.
يۈزىدە خالى مۇشكىنى فەقەتدۇر،
ۋەيا مۇسھەفغە تۈشكەن بىر نۇقەتدۇر.
پەرى ھۇرلەردە يوقتۇر ئاڭا تىمسال،
ياڭى ئايىنى قىلىپدۇر قاشى پايمال.
ساچى سۇنبۇلمۇدۇر يا رىشتەئى جان،
مۇنۇڭدەك يوقتۇ سۇنبۇل ئەنبەر ئەفشان.
بويىنى تا كۆرۈپدۇر سەرۋى مەۋزۇن،
خىجالەتتىن بولۇپدۇر قامەتى نۇن.
نىگارۇ مەھۋەشۇ زېيبا بىناگۇش،
بۇ نې سيمىنبەرى گۇلگۇن قەبا پۇش.
ئېرۇر ھۇرۇ مەلەكدەك پاك دامان،
ئېتەكىنى تانۇماس گەردى ئىسيان.
تۇغۇلمايدۇر ئانىڭدەك پاك گەۋھەر،
ئانادىن بۇ جەھاندا، ئەي بەرادەر.
بولۇپ مۇساغە شۇھرەت يەدى بەيزا،
ئانىڭ بەيزادەك ئوخشە جۇملە ئەئزا.
كۆزىدۇر گاھى نەركس، گاھى بادام،
كىيىككە ئوخشە يوق بىر يەردە ئارام.
كۆزىنى غەمزە بىرلە ئاچسە ناگاھ،
خەلايىقدىن چىقار يۈز نالەۋۇ ئاھ.
كۆزى ئۆزى بىلە قىلسە نەزارە،
پۈتۈن كۆڭۈلنى ئەيلەر پارە-پارە.
ئالۇر سۈرمە كانىدىن كۆزلەرى باج،
قارا كۆزلەر غەمىدىن ئۆيى تاراج.
سۆزى يائقۇتمۇدۇر يا رىشتەئى جان،
ۋەيا شەككەرمۇ يا لەئلى بەدەخشان.
كېچە چىقسا ئۆيىدىن ئول قەلەمقاش،
خەلايىق دەر كېچەدە تۇغدى قۇياش.
قۇياش بىرلە ھەمىشە ئايۇ يۇلدۇز،
قىلۇر سەجدە ئىشىكىن كېچە-كۈندۈز.
ئەگەركىم كۆرسە ئول لەيلىنى بىر كۈن،
تاڭ ئېرمەس ئىشقىدا گەر بولسا مەجنۇن.

ئۇشۇل شېرىندىن ئۇلسا كىمگە ئىمداد،
تاڭ ئېرەمەسدۇر ئەگەركىم بولسا فەرھاد.
ئەگەر كۆرسە يۈزىنى شەيخى سەنئان،
دېمەسدۇر باردۇرۇر تەرسائى دەۋران.
قىلىپدۇر ھەق ئانى قۇدرەتدىن ئىجاد،
پەرى پەيكەر ئېرۇر ھۆسنى خۇدا داد.
بۇلاق دېمە ئانى سەن، ئەي بەرادەر،
ئېرۇر يەرنىڭ كۆزى ھەجرىڭدە يىغلار.
دېمە يامغۇردۇرۇر، ئەي نۇر دىيدە،
پەلەكنىڭ كۆزىدۇر يىغلار غەمىدە.
جەھاندا پاكلىق بابىدا تاقدۇر،
گۇناھۇ مەئسىيەتدىن ئول يىراقدۇر.
بۇ فېئلۇ خۇي ئاڭاكىم بەردى رەھمان،
نې ھەركىم ئاڭا غالىب كەلسە شەيتان.
بولۇپدۇر نۇرى رەھمەتدىن سەرىشتە،
تاڭ ئېرمەسدۇر ئەگەر دېسەم پەرىشتە،
ئانى دەرمىش خەلايىق مەريەمى پاك،
بەشەردە يوق ئانىڭدەك ساھىب ئىدراك.
خوتەندە يوق ئانىڭدەك ماھى رۇخسار،
مېنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ئاشىقى زار.
خوتەندە يوق ئانىڭدەك ماھى تابان،
مېنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا يۈرەكى قان.
خوتەندە يوق ئانىڭدەك شوخ دىلبەر،
مېنىڭدەك يوق قۇلى ئاڭا مۇقەررەر.
خوتەندە يوق ئانىڭدەك ئارەزى گۇل،
مېنىڭدەك يوقدۇ گۇلزارىغە بۇلبۇل.
خوتەندە يوق ئانىڭدەك شوخ گۇلرۇ،
مېنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ھېچ دۇئاگۇ.
خوتەندە يوق ئانىڭدەك بىر پەرىۋەش،
مېنىڭدەك يوقتۇر ئاڭا ھېچ جەفاكەش،
خوتەندە يوق ئانىڭدەك قەددى مەۋزۇن.
مېنىڭدەك ئاڭا يوقتۇر يۈرەكى خۇن.
خوتەندە يوق ئانىڭدەك نازەنىنى،
پەرىزادى زەمانۇ مەھجەبىنى.
خوتەن ئەسلىدە ئېردى خۇلدى رىزۋان،
بولۇپدۇر ئول پەرىدىن ئىككى چەندان.
خوتەن ئەسلىدە ئېردى تۇرى مۇسا،
بولۇپدۇر ئول سەنەمدىن جەننەت ئاسا.
خوتەن ئېردى مەكانى ئۇدۇ ئەنبەر،
تۇغۇلدى ئول پەرى بولدى مۇئەتتەر.
خوتەن ئەسلىدە ئېردى باغۇ بوستان،
تۇغۇلدى ئول پەرى بولدى گۇلىستان.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ گۇلرۇخ،
پەرىيۇ ھۇرنى ئول قىلدى مەنسۇخ،
تۇغۇلدى ئانادىن ئول ئافەتى جان،
خوتەن بولدى پەرىخانە ئۇشۇل ئان.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ گۇلچېھر،
خىجالەتدە قالىپدۇر ئاي ئىلە مېھر.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ مەھۋەش،
سالىپدۇر بۇ خوتەن ئىچرە ئاتەش.
تۇغۇلدى ئانادىن ئول يۈزى گۇلزار،
بولۇپدۇر نازەنىنلەر بارچە بىكار.
خوتەنىنىڭ شەھرىنىڭ ئول زىننەتىدۇر،
ئەرۇسى مۈلك ھۆسنىنىڭ سەۋلەتىدۇر.

*

يانغان ئۇلسە بەختى مەندەك كىمسەنىڭ،
ساڭا بېرۇر كۆڭلىنى، ئەي ھۇر - پەرى.
قىلمام ئەمدى بىر كۆرەرنى ئارزۇ،
گەرچە بولساڭ بارچە خۇبلار سەرۋەرى.
سەندىن ئۈزدۈم مەن ئۈمىدىمنى تەمام،
گەرچە شاھلار تاجىنىڭ سەن گەۋھەرى.
چاغلادىم يوقتۇر ساڭا مېھرۇ ۋەفا،
قىلدى ئاخىر سەندىن ئۈزۈمنى بەرى.
چىقىپ ئېردى ياخشىلىق بىرلە ئاتىڭ،
قىلمادى ئاخىردا بەختىڭ ياۋەرى.
ساڭا قىلدىم خىزمەت، ئەي ھۇرى زەمان،
غەيرى يېدى مېۋەسى بىرلەن بەرى.
بىلمەدىڭ قەدرىمنى، ئەي سۇلتانى ھۆسن،
بولۇپ ئېردى نازەنىنلەر مەھتەرى.

يانما سۆزۈڭدىن، قەلەندەر، ئەر ئېسەڭ،
گەرچە قىلسۇن ساڭا سېھرى سامىرى.
بۇ سۆزۈمدىن يانماقىم مۇمكىن ئىمەس،

*

مەندىن ئۆلدى شۆھرەتى ھۇسنۇڭ سېنىڭ،
قىلماغىل ئۆزۈڭگە تولا ئىپتىخار.
تا سېنىڭ بىرلەن ئىدىم، غەملىغ ئىدىم،
سەندىن ئاجراپ خاتىرىم تاپتى قەرار.
كۇفر ئىلىدىن بار ئىدى تەرسا قىزى،
شەيخ سەنئاندىن بولۇپدۇر نامدار.
شىرىن ئېردى دىلرەبالاردىن بىرى،
قىلدى فەرھاد ئىشقى ئانىڭ ئاشكار.
بار ئىدى لەيلىئى دەۋران بىر ئەرەب،
دەھر ئارادا قىلدى مەجنۇن ئىنتىشار.
بىۋەفالىق ماڭا سەن قىلماس ئىدىڭ،
بولسا ئېردى بەختى دەۋلەت ساڭا يار.

*

نەچچەكىم زار يىغلادىم ھىجرانىڭە،
قىلمادى تاشدەك يۈرەكىڭگە ئەسەر.
مۇنچە دىمەك ساڭا لايىق يوق ئىدى،
تولا بولدۇڭ بۇ قۇلۇڭدىن بىخەبەر.
تەرك ئىشقىڭ ئەيلەدىم، قىلدىم ۋىدائ،
گەرچە باردۇر ئارەزىڭ شەمسۇ قەمەر.
خىزمەتىڭ قىلدىم قۇلۇڭدەك نەچچە يىل،
قىلمادىڭ لۇتفى كەرەمدىن بىر نەزەر.
خان ئىلە سۇلتان، شاھلار بارچەسى،
ئەھلى تەبئىڭ سۆزىدىن قىلغان ھەزەر.
قانچە سالدىم كۆچەتى مېھرى ۋەفا،
مېھنەتۇ جەۋرى جەفا بەردى سەمەر.
ئەمدى تەبئىم تۇتىسى قىلماس قەبۇل،
لەبلەرىڭدىن ئالدىدا قويساڭ شەكەر.
كويۇڭ ئېردى كۆزۈمە خۇلدى بەرىن،
تەركىن ئەتتىم كۆرۈنۈر ئەمدى سەقەر.
ماڭا سەن نەمرۇدۇ، شەددادى زەمان،
بولسا ھەم ئەسلىڭ سېنىڭ ئىسكەندەرى.
سەندىن ئۆزدۈم كۆڭۈل ئەمدى، ئەي نىگار،
سەن بول ئەمدى كىمگە بولساڭ گۈلئۇزار.

*

ئىشقىلىپ ئىشقىم سەلامەت بولسا بەس،
باردۇر خۇبلار ھەر قاياندا سەد ھەزار.
ياخشىلارنىڭ ئالدىدا ئېردىم ئەزىز،
ساڭا بولدۇم ئاقىبەت بىئېتىبار.
بۇ سەبەبدىن ئەيلەدىم تەركىڭ سېنىڭ،
تولا بولدۇم كۆزلەرىڭگە خارۇزار.
قالمادى بىر زەررەچە قۇربۇم مېنىڭ،
خىزمەتىڭنى تاشلادىم، قىلدىم فەرار،
نې ئۈچۈن سەندىن قەلەندەر كەچمەسۇن،
شۇم رەقىبنى ئەيلەدىڭ ساھىب ۋىقار.
كۆڭۈل ئۈزدۈم سەندىن ئەمدى ئەي پەرى،
سەن بول ئەمدى كىمنى بولساڭ دىلبەرى.

*

غەيرىمە ئەدلىڭدۇرۇر گويا ئۇمەر.
ئۆزگەلەرگە باردۇ مەريەمدەك خۇيۇڭ،
ماڭا تەگكەندە ئېرۇر گويا شەرەر.
خۇب ئەمەس ئېردى، قەلەندەر، مۇنچە سۆز،
بار ئىكەن ئەۋۋەلدە تەقدىرۇ قەدەر.
سەندىن ئۈزدۈم كۆڭۈل، ئەي ھۇرى زەمان،
سەن بول ئەمدى كىمگە بولساڭ مېھرىبان.
بىلمەدىڭ قەدرىمنى، ئەي شەمسۇ قەمەر،
نەچچە قىلدىم شۇھرەتى ھۇسنۇڭ بەيان.
تۇرماغايمەن خىزمەتىڭدە بىر دەمى،
بوينۇمە سالساڭ ئەگە غولى گەران.
قىلماغاي ھەق كويۇڭا بارماق نەسىب،
گەر فىراقىڭدىن ئەجەل بەرگەي نىشان.
بۇ مەسەلدۇركىم ئىشەككە دەھر ئارا،
ھالۋاغە يوقتۇر ئىشى تاپسا سامان.
كۆڭۈل ئۈزدۈڭ، ئەي قەلەندەر، ئۇرما دەم،
ئەمدى ئۆتتى دىمەگىل ياخشى ـ يامان.

*

ئېرۇر ئاشىق ئۇشۇلكىم بەندە بولسە،
نېكىم نەفسى بىلە دەرماندە بولسە.
ئۇشۇل دىلبەركى ئاشىق پەرۋەر ئېرمەس،
ئەگەر يۇسۇفدۇرۇر زىنداندە بولسە.
ئەگەر ئۇششاق پەرۋەر بولسە ئول شوخ،
مەكانى ئول پەرىنىڭ جاندە بولسە.
كېرەك ھەجەردەك ئولسە ئېئتىقادى،

*

ئەگەر كىم دىلبەرى كىرماندە بولسە.
ئاڭا جانىن فىدا قىلسە ئېرۇر ئاز،
ئەگەر كىم ئەھد ئىلە پەيماندە بولسە.
ئەگەر كىم ئىشق ئېلىگە بولسە دۇشمەن،
ھەمىشە ھەسرەتۇ ئارماندە بولسە.
قەلەندەر دەۋزەخىدۇر سەنسىز، ئەي شۇخ،
ئەگەر كىم جەننەتۇ رىزۋاندە بولسە.

*

دېدىم ئاڭا: «ئەي نىگارى گۈل چېھەر،
بىر سۆي بۇ قارى قۇلۇڭنى، ئەي مېھەر.»
دېدى كۈلۈپ ئول نىگارى تەررار؛
«ياشلار قارىلارنى سۆيمەكى ئار.»
دېدىم: «پەردىلەر ئارادا سەن تاق،
ھەم ئېگەكۇ ساقالىم ئېرۇر ئاق.»
دېدىكى: «ساقالىنىڭ ئاقى، ئەي يار،
ياشلارنىڭ كۆزىگە كۆرىنۇر قار.»
دېدىم ئاڭا: «ئەي پەرىۋەشى ھۇر،
ھەق رەھمەتى باردۇر قارۇ يامغۇر.»
«بۇ سۆز» دېدى «يوق كۆڭۈلگە ياۋۇق،
ھېچ رەھمەتى ھەق بولۇرمۇ ساۋۇق.»

*

دېدىم ئاڭا: «ئەي، مەھى دىل ئازار،
ھەق رەھمەتى نېدۇر، دېگىل ئەي يار.»
دېدى ماڭا ئول نىگارى دەۋران:
«ھەق رەھمەتى باردۇر ھۇسنى جانان.
خۇبلاردىن ۋەفا ئۇمىدى تۇتماق،
باردۇر قارا يەردە كېمە سۆرىمەك.
يا بەھر ئۆزە كېمەسىز يۈرمەك،
قۇمنىڭ چېچەكىنى باردۇر كۆرمەك...»
سەن سۆزلەمە ئەمدى، ئەي قەلەندەر،
يەڭدى سېنى ئول پەرىۋەشى دەھر.
سېنىڭدەك ئازغۇن يولۇقسە يولدا،
قەلەندەرنىڭ نېچۈك بولمايدۇ يولى.

*

ئۇچرادى يولدا سەرۋى ئازادىم،
دېدى: «يول بولسۇن» ئول پەرىزادىم.
شادۇ خۇررەم بولۇپ قىلىپ تەئزىم،
دېدىم: «ئەي مەھۋەشۇ نىكۇزادىم.
تا جەھان بولسا، ئەي پەرى، پەيكەر،
يوق مېنىڭ قۇللۇقۇڭدىن ئازادىم.
تا ساڭا بەردىم، ئەي پەرى، كۆڭۈل،
كۆرمەدى كىمسە خاتىرى شادىم.
دېدى ئول گۇلرۇخ ئىلتىفات ئەيلەپ:

*

«مەن شىرىن، سەن بۇ دەمدە فەرھادىم.»
كافىرى خەيبەر ئولسە رەھم ئەيلەر،
گەر ئىشتىسە بۇ دادى بىدادىم.
دەرمەن ئۆزۈمنى پادشاھ بولدۇم،
گەر بەرار قىلسا ئول پەرى يادىم.
ھۇسن شاھى بۇ دەمدە بولۇپسەن،
سەن ئىشت ئەمدى ئەرز ئىلە دادىم.
سەن جانىڭنى، قەلەندەر، ئەيلە فىدا،
دېدى: «يول بولسۇن» ئول پەرىزادىم.

*

ئۇچرادى يولدا ئول گۈلى گۈلشەن،
ئاي ئىلە كۈندىن ئارەزى رەۋشەن.

*

دېدى يۈز ناز بىرلە: «يول بولسۇن،
ھەرنەكىم تەڭرى بەرسە مول بولسۇن.»

دېدىم: «ئەي مەھۋەشۇ پەرى روُخسار،
دەۋلەتوُ بەخت ساڭا بولسوُن يار.
جان بېروُر چاغدا، ئەي ماھى، تابان،
تەڭ ئەمەس ساڭا ئىيسائى دەۋران.
تەڭ بولالماسدوُر ساڭا، ئەي دىلبەر،
پەرىيوُ ھوُر بەلكى شەمسوُ قەمەر.

كۆرسە گەر ئارەزىڭنى ئايوُ قوُياش،
خىجلەتوُ رەشكدىن كۆتۈرمەس باش.
سېنىڭ ئالدىڭدا، ئەي پەرى، مەريەم،
پاكلىق بابەتىدە ئېرمىش كەم.
تا تىرىكدوُر قەلەندەرىڭ، ئەي جان،
جانىنى ئەيلەمىش ساڭا قوُربان.»

*          *          *

ئوُچرادى يولدا ماڭا ئافەتى دەۋران زەمان،
دېدى: «يول بولسوُن» كۈلۈب ئول ماھوُ خوُرشىدى جەھان.
باش ئاياغىغە قويوُپ «دەۋلەتىڭىز ئارتسوُن» دېدىم،
لوُتف ئىلە دېدى: «كۆتۈر باشىڭ» ئوُشوُل ئالىي مەكان.
باش كۆتۈردوُم ئاياغىدىن دېدىم: «ئەي ھوُروُ پەرى،
تەڭرى قىلسوُن سېنى ھوُكموُڭ بوُ جەھان ئىچرە رەۋان.»
ئىلتىفات ئەيلەپ دېدى ماڭا: «ئەي نازىمى دەھر،
قىل سىفاتىمنى مېنىڭ ئوُشبوُ جەھان ئىچرە بەيان.»
سۆيۈنۈپ دېدىم ئاڭاكىم: «بوُ قەلەندەردوُر قوُلوُڭ،
ھەرنە ھوُكم ئەيلەسەڭ ئانى قىلوُر، ئەي جانى جەھان.»

*          *

ئىشق ئارا ئاۋارەئى بىچارەۋار ئوُلماق كېرەك،
تاشلابان مېھنەتكە ئۆزنى، خاروُ زار ئوُلماق كېرەك.
كىمكى ئاشىقدوُر ئەگەر شاھزادەئى ئالەمدوُروُر،
شاھلىقنى تاشلابان، بوُ يولدا خار ئوُلماق كېرەك.
بارچە مەخلوُقات، مەۋجوُدات ئارا ئەيلەپ نەزەر،
بارچەدىن ئۆزنى كەموُ بىئېئتىبار ئوُلماق كېرەك.
ئاھ ئوُروُپ، قانلار يوُتوُپ، ئول يار ۋەسلى شەۋقىدە،
سوُدىن ئايرىلغان بالىقدەك بىقەرار ئوُلماق كېرەك.
بوُ دەريايى بىبەقادىن ئىبنى ئەدھەمدەك كېچىپ،
جەننەتى جەڭ ئەزمى جەزمى ئول دىيار ئوُلماق كېرەك.
ئىختىيارى جوُزۋى بەردى بىزگە ھەق، ئاندىن كېچىپ،
ئاندا بارىپ شاھى ساھىبئىختىيار ئوُلماق كېرەك.
گەر دېسەڭ جانىمغە يەتكەي ئاشنالىقدىن ئەسەر،
ئىشق ئارا دائىم كۆڭۈلدە ھوُشيار ئوُلماق كېرەك.
بادەئى ئىسيان ئىچىپسەن، فەقىر باشىڭدا خوُمار،
سەن دىلى تەۋفىق سىرۈپ بىخوُمار ئوُلماق كېرەك.

# لەتاپەتنامە

خوجەندىي

سەھەر ۋەقتىندە كىم سۇلتانى خاۋەر،
جەمالىدىن جەھان بولدى مۇنەۋۋەر.
ئالىپ نەيزە ئىلىگە خۇسرەۋى چىن،
ھەبەش سۇلتانىنى قاۋدى جەھاندىن.
شەھى مەشرىق ئەلەم ئالەمغە ئۇردى،
سىپاھى زەڭگى قورقۇپ يۈز ياشۇردى.
چىقاردى ئىرسە شاھ خەنجەر بېلىندىن،
ھەبەش سۇلتانى قاچتى رۇم ئېلىندىن.
سىپاھى تۈرك بولدىسە سىپاھى،
ئەزىمەت تۇتتى ھىندۇلەر سىپاھى.
خۇرۇسى سۇبھىدەم پەرياد ئاشۇردى،
كېچە زاغى يۇمۇرتقەسىن ياشۇردى.
تەفەككۈردە تۇرار ئىردىم سەھەر گاھ،
ئىشىكتىن بىر جەۋانى كىردى ناگاھ.
فىراق ئوتىندە بەغرى پارە بولغان،
ئېلىندىن ئىشق ئۇچۇن ئاۋارە بولغان.
ئانىڭكىم ئىشقى يوق ئاندىن نې ھاسىل،
سېنىڭەر جانانەسىز جاندىن نې ھاسىل.
ئانىڭكىم بىر سېنىڭەر جانانى يوقتۇر،
ھەقىقەت بىل تەنىدە جانى يوقتۇر.
نې بىلسۈن تېكىمە نادان ئىشقىبازى،
ھەقىقەت بولماسە بارى مەجازى.
ئايۇراي سۆز ئىچىندە ئۇل بەغايەت،
نې بولغاي قىلسەڭىز بىزگە ئىنايەت.
سېنى شائىر دەپ ئايتۇرلار خەلايىق،
سۆزۈڭدىن تۇھفە كەلتۈر بىزگە لايىق.

تىلەرمەن سەندىن ئەي كانى مەلاھەت،
كى بەرسەڭ سۆز بىلە جانىمغە راھەت.
مۇھەببەت جامىدىن ئىچسەڭ شەرابى،
«مۇھەببەت نامە» غە ئايساڭ جەۋابى.
قەبول ئەتتىم قەبولىيەت يوق ئېركەن،
فەساد ئالدى سەلاھىيەت يوق ئېركەن.
باقىپ سۆز شاھىدىنىڭ يۈزنى ئاچتىم،
باشىغە دۇررۇ جەۋھەر، ئىنجۇ ساچتىم.
تەفەككۇر بەھرىغە پاتتىم ھىجابىسىز،
چىقاردىم دۇررۇ جەۋھەر كۆپ ھېسابىسىز.
رىيازەت بەھرىغە سالدىم ئۆزۈمنى،
ئىبارەت سىلكىنە تارتتىم سۆزۈمنى.
تىلىمدە سۆز، ئېلىمدە خامە بولدى،
«لەتافەتنامە» ھەم ئۇن نامە بولدى.
تەبىئەتتىن چىقاردىم نەزمە بىسيار،
ئاجۇندە بولمادىم ئەزگۇ خەرىدار.
سۆزۈم چۈن دانەدۇر نادان نې بىلسۈن،
بەلې ئادەم تىلىن ھەيۋان نې بىلسۈن.
خىرەد ئايتور مەنە تارخانە بارغىل،
سەلاتىن سەرۋەرى سۇلتانە بارغىل.
مەئانى بىر بەدەنتەك رۇھى ئولدۇر،
قامۇغ شائىرلارنىڭ مەمدۇھى ئولدۇر.

جەمالى بىرلە جانىڭ تازە بولسۇن،
شەھىم ئاتى بەلەند ئاۋازە بولسۇن.
ئۆزۈم بىرلە ئۆزۈم ئەندىشە قىلدىم،

شەھىم مەدھۇ دۇئاسىن پىشە قىلدىم.
ئايا فەخرى سەلاتىن شاھى دەۋران،
زەمانە مەفخەرى مەھمۇد تارخان.
ئاجۇن فەخرى شەھەنشاھى زەمانە،
سىفاتى سەۋلەتىڭ تولدى جەھانە.
زىھى ساھىبقىران ئارسلان يۈرەكلىك،
مەئانى مەجلىسى ئىچرە كۆرەكلىك.
سەخاۋەت بابىدا چۇن ھاتەمى ـ تەي،
شۇجائەت مۇلكىدە چۇن كاۋۇسۇ كەي.
قىلىچىڭ ھەيبەتىدىن رۇستەمى زال،
قىلىپدۇر دۇنيەدە گۆر ئىچرە ئىنزال.
جەھان تىندى سىنىڭ ئەدلىڭ كۈچىندىن،
ياشىن ياشنار قىلىچىنىڭ ئۇچىندىن.
سەخاۋەت مۇلكىدە ساھىبقەدەمسەن،
لەتافەت مەئدەنى كانى كەرەمسەن.
بىگىم ئەدلىڭ قامۇغ ئالەمغە تولدى،
قۇياش يەڭلىغ سىفاتىڭ جىلۋە بولدى.
بۇلۇت ئىچرە ياشۇندى ئاي يۈزۈڭدىن،
شەكەر سىزدى قامىش ئىچرە سۆزۈڭدىن.
قۇياش يۈزۈڭ كۆرۈپ يەرگە يىقىلدى،
ئاداغىڭ تۇپراغىنى سۈرمە قىلدى.
فەلەك باشى بىلە ئەۋرۇلسە مىڭ يىل،
سىنىڭتەك قىلماغاي دۇنيادە ھاسىل.
خىرەد شەترەنجىنى ئۇتتۇڭ جەھاندىن،
سىنىڭ لۇتفۇڭ بىلە تولدى جەھاندىن.
مەئانى ئىچرە، شاھىم، قىل يارارسەن،
ئاجۇندە ھەر نې قىلسەڭ قىل يارار سەن.
سۆز ئايماق سىز بىكىن دانا قاتىندە،
قۇدۇق قازماق ئېرۇر دەريا قاتىندە.
ۋەلې مور كەلتۈرۈپدۇرلار ياراغىن،
سۇلەيمانغە چېۋۈرتكەنىڭ ئاياغىن.
سۇلەيمانتەك ئېرۇر جاھۇ جەلالىڭ،
خوجەندىيتەك زەئىف بولسۇن چۇمالىڭ.
ئەسەر قىلسە ئەگەر لۇتفۇڭ جەمالى،
ئاداق ئاستىندە قالماغاي چۇمالى.
سەخاۋەت ئىچرە سەن مىڭدە بىر ئېرسەن،
ئىنايەت قىل خوجەندىيگە بىرەر سەن.
ھەمىشە زاتى پاكىڭ بار بولسۇن،
سەئادەت، بەختۇ دەۋلەت يار بولسۇن.

*

ئايا، سەردەفتەرى خۇبىئى ئالەم،
قامۇغ مۇلكى جەھان سىزگە مۇسەللەم.
سەن ـ ئۇقسەن سەرۋەرى ھۇسنۇ مەلاھەت،
قىلىپدۇر غەمزەڭىز جانغە جەراھەت.
ئالۇر زۇلفۇڭ نەسىمىدىن پەرى زاد،
ئېرەم باغىدە يوق سەنتەك پەرىزاد.
خىجىل خۇرشىدى تابان ئاي يۈزۈڭدىن،
باتۇر مەخمۇر ئۇلۇپ نەرگىس كۆزۈڭدىن.
شەكەر لەئلى لەبىڭ بالى چىن ئارى،
چەمەننىڭ سەرۋەرى قەددىڭ چىنارى.
بىگىم ئاغزىڭدە سۆز ئارى، بەلىدۇر،
سۆزۈڭ ئۆزگە جەۋاب ئارى، بەلىدۇر.
جەمالىڭنى كۆرۈپ گۈل غۇنچە بولغاي،
تار ئاغزىڭتېك مەگەر گۈل غۇنچە بولغاي.
كۈلەر بولساڭ قىش ئىچرە ياز ئاچىلۇر،
ساچىڭدىن ئەنبەرى سارا ساچىلۇر.
كۆڭۈل ئېۋى جەمالىڭدىن مۇنەۋۋەر،
نەسىمىدىن دىماغى جان مۇئەتتەر.
سەنە باقسام يۈزۈڭگە جان كۆرۈنۇر،
لەبىڭدىن كۆزلەرىمگە قان كۆرۈنۇر.
قەددىڭ تۇبى، يۈزۈڭ فىردەۋس باغى،
مۇنەۋۋەر چېھرەڭىز جانلار چىراغى.
خەتىڭ ئېرنىڭ ئۆزە توتىيۇ شەككەر،
خىجىلدۇر تىشلەرىڭدىن دۇررۇ گەۋھەر.
پەرىلەر شاھىسەن ھۇسنۇڭ زىيادە،
رۇخۇڭ كۆرسە بولۇر شاھلار پىيادە.

خەتىڭ سەبزۇ ساچىڭ سۇئبانى مۇسا،
لەبىڭ ئىگلىگ كۆڭۈللەرگە مەسىھا.
قارا زۇلفۇڭ ئەجەب ھىندۇي تەزۋىر،
ئىرۇر فەتتان كۆزۈڭ جادۇيى كەشمىر.
نەبات ئاغزىڭ قاشىندە ئاغزىن ئاچمەز،
شەكەر ئىرنىڭ قاشىندە بال سۇ ئىچمەز.
بىرۇر زۇلفۇڭ نەسىمى جانغە راھەت،
سىزىڭتەك كىمدە بار ھۇسنۇ مەلاھەت.
يۈزۈڭ نۇرى ئۇرۇر يۈز تەئنە ئايغە،
يۈزۈڭنى ئايغە ئوخشەر دىپ كىم ئايغە.
بىرۇر شەككەر سۆزۈڭ جانلارغە مەقسۇد،
ئىرۇر لەئلى لەبىڭ ھەلۋايى بىدۇد.
سىنىڭ زۇلفۇڭ بىر ئۆزگە دىن چىقاردى،
جەھان زاھىدلارىن دىندىن چىقاردى.
قارا قاشىڭ ئىرۇر بەيرەم ھىلالى،
كۆرۈپ شۇكرانە جان قۇربان قىلالى.
قىلۇر كافىر كۆزۈڭ ئالەمنى يەغما،
قەرا مەڭ بىرلە باستىڭ ئايغە تەغما.
ئەگەر غەمزەڭگە قىلساڭ بىر ئىشارەت،
قىلۇر بىردەمدە يۈز مىڭ جاننى غارەت.
جەھان خۇسرەۋلەرى شىرىن سۆزۈڭگە،
بولۇپ مەجنۇن باقە قالدى يۈزۈڭگە.
ئىسىرغاڭ دانەسى چىن مۇشتەرىيدۇر،
ساچىڭغە نافەئى چىن مۇشتەرىيدۇر.
يۈزۈڭ كۈندۈز بىكىن زۇلفۇڭ شەبى تار،
ساچىڭ چىنىندە پىنھان مۆشكى تاتار.
ساچىڭ بەلگە يېتەر بىلىنسە ساچتەك،
ساچىڭ چىن مۇشكى ئەنبەر ساچە ساچتەك.

*

ئايا، قەددى سەنەۋبەر، چېھرەسى گۇل،
خەتى رەيھان مەڭىزلىك، زۇلفى سۇنبۇل.
ئەلىفتەك توغرى بويلۇق قاشلارى نۇن،
جەھان لەيلىلەرى ھۇسنۇڭغە مەجنۇن.
تار ئاغزىڭ مىمۇ فەتتان كۆزلەرىڭ سار،

لەبىڭ لەئلى بەدەخشان، تىشلارىڭ دۇر،
سەدەف ئاغزىڭ قۇرۇتغان تىشلارىڭدۇر.
يۈزۈڭنى ھەق جەھان گۇلزارى قىلدى،
يۈزىڭنى كۆردىيۇ گۇل زارى قىلدى.
شەكەر نەرخىن لەبىڭ ئەرزان قىلىپدۇر،
تار ئاغزىڭ غۇنچە باغدىن قان قىلىپدۇر.
قىلۇر زۇلفۇڭ كۆڭۈللەرنى پەرىشان،
لەبىڭدىن ئۇفتەنۇر لەئلۇ بەدەخشان.
پەرىمۇ سەن بۇ تەلئەت بىرلە ياھۆر،
ئۆگەي قىلسۇن يۈزۈڭدىن چەشمى بەددۇر.
سىنىڭ ئىشقىڭدا جان كەچتى بەدەندىن،
سەۋۇكراقسەن ماڭا جانۇ جەھاندىن.
يۈزۈڭ شەمئىنە جان پەرۋانە بولدى،
ساچىڭ زەنجىرىنە دىۋانە بولدى.
يۈزۈمنى قىلدى سارىق ئال ياناغىڭ،
قىزىل قانىم تۆكەر جادۇ قاراغىڭ.
ياناغىڭ لەئلۇ چېھرەڭ بەرگى گۇلدۇر،
سىنى سەۋمەز كىشى ئادەم دىگۇلدۇر.
ۋىسالىڭدە كېچە ـ كۈندۈز ئەۋەرمەن،
سىنى سەۋگەن ئۇچۇن جاننى سەۋەرمەن.
گۇناھ بولسا سىنى سەۋمەكلىك، ئەي يار،
جەھاندە بولماغاي مەنتەك گۇنەھكار.
سىنى سەۋمەز كىشىگە جان كېرەكمەز،
بىھىشتۇ كەۋسەرۇ رىزۋان كېرەكمەز.
كۆزۈمگە خاكى پايىڭ توتىيادۇر،
تەنىم تۇپراغۇ ئىشقىڭ كىمىيادۇر.
كەل، ئەي ساقىي، شەرابى ناب كەلتۈر،
فەقىرلەر كۆڭلىنى دەرئىياب كەلتۈر.

*

جاھاندە سىز بىكىن يوق ئادەمىزاد.
ھىلالتەك چېھرەڭىزدىن كۆك ئۆزە بەدر،
يۈزۈڭ كۈندۈزۇ زۇلفۇڭ لەيلەتۇلقەدرە
پەرى پەيكەر نىگارى سەرۋ قامەت،
جەمالىڭدىن جەھان ئىچرە قىيامەت.

جەمالىڭ چاۋى تولدى چىنۇ ماچىن،
ئۇيالۇر زۇلفۇڭۇزدىن نافەئى چىن.
جەمالىڭ شۇھرە بولدى شەھر ئىچىندە،
تىۋمەن مەنتەك قۇلۇڭ بار دەھر ئىچىندە.
سىنىڭ ئىشقىڭ مىنى سالدى بەلاغە،
رەھىم قىل، ئەي بىگىم، مەن مۇبتەلاغە.
نىگارىمنە جەفا ھەددىن ئاشۇرمە،
فىراق ئوتى بىلە باغرىم پىشۇرمە.
ماڭا سەندىن جەفا ئەينى ۋەفادۇر،
جەفا ئاز بولسە ئاشىققە جەفادۇر.
شىكايەتمۇ قىلۇر ئاشىق جەفادىن،
ئاشىقلارغە جەفا، خۇشراق ۋەفادىن.
جەفادىن ئۇشبۇ يولدە ئاشىق ئەرمەز،
جەفادىن يۈز چەۋۇرگەن ئاشىق ئەرمەز.
لەبىڭ لەئلى ئىرۇر دەردىم دەۋاسى،
بۇ دەردىمغە دەۋا مۇشكىل بەلاسى.
ۋىسالىڭ تەگمەدى مەن بىنەۋاغە،
شەھەنشەھلىق قاچان تەگسۇن گەداغە.
كۆڭۈل مۇلكىن خەراب ئەتتى فىراقىڭ،
قامۇغ ئالەمنى سەيد ئەتتى قاراغىڭ.
غەمىن تامەسكەن ئەتتى جان ئىچىندە،
كۆڭۈل مۇستەغرەق ئۇلدى قان ئىچىندە.
مەنە سەنسىز كىرەكمەز تەندە جانىم،
سەن - ئۇقدۇر سەن مىنىڭ جانۇ جەھانىم.
كەل، ئەي ساقىي، كەتۈرگىل جامى جەمنى،
كىچە دۇنيا غەنىمەت ترت بۇ دەمنى.

*

سەبا، مەندىن سەلام ئول بىۋەفاغە،
بۇتى نامىھرىبان كانى جەفاغە.
سەلامىمنى تەگۈر يالغانچى يارە،
سۆزى شەھدۇ شەكەر كۆزى خۇمارە.
سەلامىمنى تەگۈر ئاي يۈزلۈغۇمگە،
شەكەر ئەرنىلى شىرىن سۆزلۈغۇمگە.
سەلامىمنى تەگۈر قاشى ھىلالە،
سەلامىمنى تەگۈر ئەرنى زۇلالە.
ئايىت، ئەي، مىھرى يالغان، بىۋەفا يار،
قۇلۇڭ بولدى فىراق ئوتىندە ئەفگار.
ئايىتقىل مەندىن ئۇل نامىھرۇبانە،
فىراق ئوتىنى ئاز ياقسىن بۇجانە.
بىگىم ئەسرۇ ئۇنۇتتۇڭ مەن گەدانى،
ئۇنۇتتۇڭ بىر ساغىن مەن مۇبتەلانى.
نې بولدىكىم قۇلۇڭدىن يۈز ئەۋۇردۇڭ،
بىر ئايغان سۆزنى شاھىم يۈز ئەۋۇردۇڭ.
قاچان كەلگەيسەن، ئەي سەرۋى رەۋانىم،
فىدا بولسۇن ساڭا جانۇ جەھانىم.
قاچان يۈزۈڭ كۆرۈپ كۆزۈم يارۇغاي،
ۋىسالىڭدىن كۆزۈم ياشى قۇرۇغاي.

*

قاچان ئۆكسۈلسە ھىجران ماجەراسى،
قاچان بۈتكەي يۈرەكىمنىڭ ياراسى.
كىشى دەرمان تاپمەز ئول ياراغە،
لەبىڭدىن مەرھەمى بەرسەڭ ياراغە.
ماڭا سەنسىز بىگىم كۈندۈز كىچەدۇر،
دەرىغا، سەنسىزىن ئۇمرۇم كىچەدۇر.
فەلەك ئىشرەت بۇ تاغىنى قايىردى،
ئۇشال كۈنكىم سىنى مەندىن ئايىردى.
فەلەك سالدى مىنى جەۋرۇ جەفاغە،
بويىن سۇندۇم رىزا بەردىم قەزاغە.
فىراق ئوتىندە باغرىم بولدى بىريان،
قاچان بولغاي فىراقىڭ ئىشى بىر يان.
ۋىسالىڭ قەدرىنى بىلمەدىم، ئەي يار،
فىراق ئىلكىندە ئۇش بولدۇم گىرىفتار.
غەنىمەت تۇتمادىم ۋەسلىڭنى، ئەي جان،
ئاسىغ قىلمەز نىچە يىسەم پۇشەيمان.
يىراق تۈشتۈم جەمالىڭدىن زەرۇرى،
مەھال ئىرمىش، بىگىم، سەنسىز سەبۇدى.
تەئاللاھ، بۇ نې ھۇسنۇ جەمال ئول،
سەبۇر قىلماق جەمالىڭدىن مەھال ئول.

خەيالىڭدىن ئويۇن كۆڭلۈمدە يوقدۇر،
ييراق بولسەم ئۆزۈم، كۆڭلۈم ياۋۇقدۇر.
فىراقىڭدە جەفا كۆپ چەكتىم، ئەي يار،
ۋەلې هەر ييغلاماقنىڭ كۈلمەگى بار.

*

ئايا دىلبەر، كەل ئەمدى ياز ئاچىلدى،
گۇلىستان سەھنىدە گۇللار ساچىلدى.
يەغىز يېر كۆك مىڭىزلىك بولدى خەزرا،
چەمەن شاھىدلارى بولدى مۇسەففا.
يېتىپ كەلدى يەنە فەسلى بەھار ئول،
دەمى ئىيسادىن ئەمدى يادگار ئول.
چېچەك خانى ئۇرۇندى تەخنى مىينا،
كەلىمتەك قۇمرى گۇلشەن تۇرى سىينا.
چەمەن سەھنىدە كۆپ تۈرلۈك چېچەكلەر،
تۈشۈپ قالمىشتەك ئەبرىشىم بېچەكلەر.
بېنەفشە زۇلفىدىن ئەنبەر ساچىلمىش،
كۆرۈپ گۇل غۇنچەنىڭ ئاغزى ئاچىلمىش.
مۇرەسسەئ چەھ سۈيىدىن لالە تاجى،
جەۋاھىر ئىنجۇگە يوق ئېھتىياجى.
ئېلىككە جامى جەم ئالمىش شەقايىق
ئىرەم باغى بىكىن بولمىش ھەدايىق.

*

جەھاندا ئەيشۇ ئىشرەت مەۋسۇمىن ياز،
قەدەھ كەلتۈر كۆڭۈللەر مەخمۇرىن ياز.
قارابە قانى بىرلە جانى قاندۇر،
قارابە تۇيىدى قانىم قانە قاندۇر.
گۇلىستان ئىچرە گۇل تەرمەك نې خۇشدۇر،
بېگىم ئىشقىندە جان بەرمەك نې خۇشدۇر.
قاچان ئۆسرۈپ قىزارسە ئال ياناقىن،
باشىم يەرگە قويۇپ ئۆپسەن ئاياقىن.
بولۇپ مەخمۇر سېنىڭ ئۆسرۈك كۆزۈڭگە،
مۇدام ئىچسەم باقا قالسام يۈزۈڭگە.
جەھانى بېۋەفا يەلتەك كېچەدۇر

نې بولغاي مەن گەدانى ياد قىلساڭ،
ۋىسالىڭ بىرلە كۆڭلۈم شاد قىلساڭ.
كەل، ئەي ساقىي، ئىچەلى جامى گۇلگۇن،
ۋەفا قىلمەز ياقىن بىر دۇنيايى دۇن.

*

گۇلىستان قۇشلارى غۇلغۇل قىلىشۇر،
ياغاچلار ئاينەيۈردە ئەڭ سالىشۇر.
چىن ئول مەئشۇقۇ ئاشىقتەك چىبۇقلار،
بىرى - بىرىنى ئاينەردە چابۇقلار.
چېچەك خانىغە نەرگىس بىرلە لالە،
باشى بىرلە تۇتار تۈن - كۈن پىيالە.
مۇغەننىي چەڭگو بەربەت ساز قىلمىش،
تەرەننۇم ئەندەلىب ئاغاز قىلمىش.
تەرەننۇم قىلسە ئىلھان بىرلە بۇلبۇل،
سۇراھى قۇشلارىڭ ئايتۇركى قۇلقۇل.
ئىچۈردى جان سۇراھى قۇلقۇلىدىن،
گۇلىستان تولدى قۇشلار غۇلغۇلىدىن.
سەباگۇل كۆڭلەكىنى پارە قىلدى،
رەقىبلەرنى ئىدىم ئاۋارە قىلدى.
كەل، ئەي ساقى، مەيى گۇلفام كەلتۇر،
شەرابى ئەرغەۋاندىن جام كەلتۇر.

*

بېرۇر دادىن كىشىكىم مەي ئىچەدۇر.
شەرابۇ شاھىدۇ چەڭۇ چەغانە،
بېگىم، ئەيش ئەتكىم، ئۇش كەچتى زەمانە.
ئايا، سەرۋى سەھى، بويلۇق بېلى قىل،
ئۆلەدۇرمەن فىراقىڭدا رەھىم قىل.
رەھىمسىز بېۋەفا نامېھرۇبانىم،
فىراقىڭ ئوتىدا ئۆرتەندى جانىم.
ئۇنۇتتۇڭ بىر يولى ئەهدۇ ۋەفانى،
فەلەكدىنمۇ سەبەق ئالدىڭ جەفانى؟
سېنىڭتەك كۆرمەدىم تۇرفە نىگارى،
ئېرۇرسەن بىزەفالىقدە دىنارى.

لەبلىك شەككەر تۆكەر دۇشنامىڭىزدىن،
كىشى بىر جۇرئەتاتمەز جامىڭىزدىن.
شەكەر ئېرنىڭ دۇكان قويمىش دەۋاغە
ۋەلې تەگمەز مىنىڭدەك بىنەۋاغە
ئوراموۇڭ ئىتى بىزگە بار بەرمەز،
تىلىم يانسە گەداغە بار بەرمەز.
تەۋانگەرسەن، بېگىم، ھۇسن ئىچرە كامىل،
گەداغە مەنفەئەت تەگمەز نې ھاسىل.
غەنىسەن ھۇسن مۇلكىندە بەغايەت،
فەقىرلەرغە بىرەر قىلغىل ئىنايەت.
نىشانى ھۇسنىڭىز يەتمىش كەمالە،
زەكات بەرمەزمۇسەن مۇنداق جەمالە.
ساغىنمەزسەن بىرەر، ئەي كۆركەبايىم،
قايان باردى ئىشىكتىن ئول گەدايىم.
گەدا ھالىن غەنى بىلمەزمۇ بولۇر،
فەقىرلەرغە رەھىم قىلمەزمۇ بولۇر.
كۆزۈم تويماز يۈزۈڭگە باقسە تۈن ـكۈن،
گەدانىڭ كۆزى تويماز بولسە قارۇن.
بېگىم نېچە بەخىل بولسەڭ ۋەفادە،
ئاچۇقدۇر قوللارىڭ ئەلچى دۇئادە.

تىلەر بولساڭ جەھان ئىچرە ئەمارەت،
فەقىرلەر كۆڭلىنى قىلغىل ئىمارەت.
غەنىمەت تۇت،بۇھۇسن دەۋراننىبەش كۈن،
كېچەر دۇنيا، قانى لەيلىيۇ مەجنۇن.
بەدەل قىل شادىغە دۇنيا غەمىنى،
غەنىمەت تۇت يىگىتلىك مەۋسۇمىنى.
مەئىشەت بىرلە غەم ئوتىن ئۆچۈرغىل،
كېچەردۇنيادا بەش كۈن خۇش كەچۈرغىل.
مۇھەببەت بىرلە ئۆسرۈپ ئىشلەرىڭنى،
غەنى قىلغىل بېگىم دەرۋىشلەرىڭنى.
زەمانە بىۋەفادۇر تەكيە قىلمە،
بۈگۈنكى ياخشى ئىشنى تاڭغە قويمە.
فەلەكنىڭ گەردىشىدىن بولما غافىل،
پۇشەيمان بولغاسەن ئاخىر، نې ھاسىل.
جەفا ھەددىن ئاشۇرما قۇللارىڭغە،
چېچەكسەن، رەھىم قىل بۇلبۇللارىڭغە.
كۆڭۈل ئىككىگە بال ئېرنىڭ دەۋادۇر،
رەھىم قىلكىم، خوجەندىي بىنەۋادۇر.
كەل، ئەي ساقىي، شەرابى ئەرغەۋان بەر،
كۆڭۈلدىن غەم كېتەر جانغە رەۋان بەر.

*

ئايا، قەددى سەنەۋبەر، ئەڭى لالە،
نىگارى مەھۋەشى مۇشكىن كەلالە.
يۈزۈك گۇل ئارەزىڭ چىن نەستەرەندۇر،
جەمالىڭدىن قامۇغ ئالەم چەمەندۇر.
شەقايىق باغرى قان ئال ئەڭلەرىڭدىن،
كۈيەر ئەنبەر ئوت ئىچرە مەڭلەرىڭدىن.
قارا زۇلفۇڭ ئىچىندە چىن كۆرمەن،
خەتا يوقتۇر بۇ سۆزدە چىن كۆرەرمەن.
يۈزۈڭتەك گۇل ئىرەم باغىدا بۈتمەز،
نېتۈك قىلغاي كىشىنىڭ ئىلگى يەتمەز.
سۇمەن كۆرسە ئانىڭ نازۇك تەنىنى،
قەبا قىلغاي رەۋان پىرەھەنىنى.
كۆزۈڭنى كۆرسە نەرگىس خىرە قالغاي،

*

بولۇپ ئۆسرۈك، باشىنى يەرگە چالغاي،
سەھەر گۇل غۇنچە كىم ئالەمگە كۈلدى،
تار ئاغزىڭنى كۆرۈپ گۇل، غۇنچە بولدى.
تار ئاغزىڭ شەككەر ئېرنىڭ شەھدى فايىق،
سۆزۈڭدىن ئەل بىلۇر تۈرلۈك دەقايىق.
يۈزۈك كاغەز، قارا قاشىڭ قەلەمدۇر،
جەمالىڭ چاۋى ئالەمدە ئەلەمدۇر.
قارا ساچىنى نېلۈك بەلگە سالۇرسەن،
ئۆزۈڭنى ھىندوغە نې تەك قىلۇرسەن.
جەمالىڭ شيۋەسى جانىم بەھاسى.
تەنىم ئۆلسە سەيىن جانىم بەھاسى.
كۆزۈك ئوق ئاتسە جان ئۇترۇ تۇتارمەن،
كىشىگە تەگمە سۇن دەپ قان يۇتارمەن.

سېنىڭ دەردىڭ كۆڭۈللەرنىڭ دەۋاسى،
ۋىساقىڭ گەردى كۆزلەر تۇتىياسى.
تەنىڭ سىيمى يۈزۈمنى قىلدى ئالتۇن،
كۆزۈ ياشى غەمىڭدە بولدى جەيخۇن.
سېنى سەۋگەن جەفادىن ئۆزگە قالمەز،
نېتۈك قىلسۇن ۋەفا خۇبلاردە بولمەز.
يۈزۈڭدە كۆرسە بولۇر سۇنئى خالىق،
نېتۈك بولماي مۇنۇڭتەك يۈزگە ئاشىق.
سېنىڭ ئىشقىڭدە بەغرىم بولدى پارە،
ئېرىڭگەي ئۇشبۇ يولدە سەڭگى خارە.
كىم ئالغاي يارىدىن ئازار بولمەز
سېنىڭتەك بىر يولى بىزار بولمەز.
مېنى ئىشقىڭدە ئەسرۇ زار قىلمە،
فەقىرلەر كۆڭلىنى ئازار قىلمە.
كەل، ئەي ساقىي، قەدەھ كەلتۈر ئىچەلىڭ،
زەمانىي ئۆسرۇبان جاندىن كېچەلىڭ.

*

ئايا، ھۇسن ئىچرە ئالەم بىنەزىرى،
زەرافەت چەرخىنىڭ بەدرى مۇنىرى.
خىجىلدۇر ئارەزىڭدىن نوقرەئى خام
كۆڭۈلدە زۇلفۇ خالىڭ دانەۋۇ دام.
يۈزۈڭتەك گۈل بولۇنمەز باغ ئىچىندە،
كۆزۈڭدىن كۆيدى نەرگىس داغ ئىچىندە.
قارا زۇلفۇڭ، بېگىم، ئالىڭ ئۇزالە،
گۈلىستاندە ياتۇر ھىندۇ ئۇزالە.
ساچىڭ بەلگە يېتەر ئادەم ئۆرۈمى،
كۆزۈڭ كافىر، يۈزۈڭ تەرسايى رۇمى.
ساچىڭ زۇلماتۇ ئېرنىڭ ئابى ھەيۋان،
نې بىلسۇن قەدرىڭىزنى تەكمە نادان.
لەبىڭ سەرچەشمەئى ئابى ھەيات ئول،
خەتىڭ ئول چەشمە قىرغىندە نەبات ئول.
قاراغىڭ سېھرىدىن ھارۇت ئۇيالدى.
ئۆزىن بابىل قۇدۇغى ئىچرە سالدى
كۆزۈڭنى زۇھرە كۆرسە خىيرە قالغاي،
تولۇنئاي سىزنى كۆرسە يارىم ئولغاي.
سېنى كۆرسە جەھان تۈشگەي سۇجۇدغە،
ئەدەمدىن كەلمەدى سەنتەك ۋۇجۇدغە.
كەرەشمەڭ غارەت ئەيلەر جانۇ دىلنى،
كۆزۈڭ يەغما قىلۇر ياغما، چىگىلنى.
كەرەشمەڭ بىرلە جانغە ئوت ياقارسەن،
كۆڭۈلگە جاندىن ئارتۇقراق ياقارسەن.
يۈزۈڭگە نېچە باقسام تويمان، ئەي يار،
سېنى سەۋدۈم ھەقىقەت قويمان، ئەي يار.
جەھاننى ئۆرتەدى ئىشقىڭ بەلاسى،
قامۇغ ئالەم قاراقىڭ مۇبتەلاسى.
بېگىم، ئىشقىڭ ماڭا كۆپ قىلدى بىداد،
زەمانە شاھىسەن كىمدىن تىلەي داد.
ئۇرامىڭ توپراغىدە يۈز مېنىڭتەك،
بار ئۇل توپراغدە قويغان يۈز مېنىڭتەك.
يامان كۆز بولماسۇن ھۇسنىڭگە مايىل،
قولۇمنى بويىنۇڭغە قىلسەم ھەمايىل.
نېچۈك يوق بۇيلە ئىشقىڭ جان ئىچىندە،
بولۇر گەنجى رەۋان ۋەيران ئىچىندە.
بىھەمدۇللاھ، خەيالىڭ كىمنە تۇتمەز،
بىرەر چاغدا سورار بىزنى ئۇنۇتمەز.
خەيالىڭ كەلدىسە جاندىن ئۆتەر غەم،
خەيالىڭنى تاپان جاندىن قوپەر غەم.
نېچە بولسەم يىراق، ئەي دوست، سىزدىن،
خەيالىڭ خالى ئېرمەز كۆڭلۈمىزدىن.
خوجەندىي ئىشقىڭىزدە بولدى ئاخىر،
رەھىم قىلساڭ، بېگىم، نې بولدى ئاخىر.
كەل، ئەي ساقىي، كېتۈرگىل جامى گۈلفام،
غەنىمەت تۇت بۇدەمنى كەچتى ئەييام.

*

ئەلا، ئەي ئەھدى يالغان، بىۋەفا يار،
قامۇغ ئالەم سېنىڭ ئىشقىڭدە ئەفگار.
ۋەفاسىز دىلبەرى شوخى جەفاكېش،
سېنىڭ ئىشقىڭدە شەيدا شاھۇ دەرۋېش.
قىيا باقسەڭ ئۇلۇسنى ئۆلتۆرۆرسەن،
يىلانسىز ئىچ باغىرنى كۆيدۆرۆرسەن.
قىيا باقساڭ قىيارسەن جانىمىزنى،
رەھىم قىل دىيدەئى گىريانىمىزنى.
ئەقىلىڭ ئارزۇسى قىلدى بەغىر قان،
سېنى سەۋمەكلىك ئاسان ئېرمەز، ئەي جان.
ئۆزىنى كۆچ بىلە سالدى بەلاغە،
گەداكىم ئاشىق ئولدى پادىشاھغە.
ئۆلەر بولدۇم رەھىم قىلمادىڭ، ئەي جان،
نېتۆك قىلغاي رەھىمسىز بولسە جانان.
نېچە ئىشق ئوتىغە بىر يان بولايىن،
رەۋان ئۆلتۆر مېنى، بىر يان بولايىن.
گەر ئۆلتۆرسەڭ ئىراق تۇرمەندىن، ئەي ماھ،
ئاداقىڭغە قانىم تەگمەسۇ ناگاھ.
گەر ئۆلتۆرمەك تىلەرسەن بىزنى ناھەق،
كۆزۆڭنىڭ ئۇچى بىرلە بىر قىيا باق.
ئايۇرلار ئاشىق ئۆلسە، خۇن بەھاسىز،
رەۋامۇ ئاشىق ئولسە، خۇن بەھاسىز.
ئولەم مەخمۇر كۆزۆڭدىن بىر باقا كۆر،
فەنا بولغان ۋۇجۇدۇمغە بەقا كۆر.

*

ئايانازىك بەدەنلەر كۆركى بايى،
زەمانە خۇبلارىنىڭ تولۇن ئايى.
پەرى رۇخسارلەرنىڭ جانىدۇرسىز،
قامۇغ گۇلچېھرەلەر سۇلتانىدۇرسىز.
يۆزۆڭ كۆزگۆسىدە يۆز كۆرسە بولمەز،
يۆزۆڭگە مەيل ئېتىپ يۆزكۆرسە بولمەز.
جەفاۋۇ سەلتەنەت سىزگە ياراشۇر،

*

زدەى فەرخۇندە تالىئ ئول كىم ئېرسە،
جەمالىڭنى كۆرۆپ جانىنى بەرسە.
مۇسۇلمانلار فىغان ئۇل يار ئىلىڭدىن،
رەھىمسىز بىۋەفا دىلدار ئېلىڭدىن.
ۋەفاسى يوق، جەفاسى جانغە تەگدى،
خەراب ئەيلەپ كۆڭۆلنى جانغە تەگدى.
فەلەككە يەتتى ئۇش ئاھىم تۆتۆنى،
تەنىمدە جاندىن ئۆزگە يوق بۆتۆنى.
كۆزۆمدىن قان ئاقادۇر ياشغە نې سان،
ئوراموڭنىڭ باشىندە باشغە نې سان.
سېنى سەۋگەن كىشى دېۋانە بولۇر،
ئۆزىدىن بىر يولى بىگانە بولۇر.
سېنىڭتەك دىلرەبا ئالەمدە يوقدۇر،
مېنىڭتەك مۇبتەلا ئالەمدە يوقدۇر.
ئانىڭكىم سىز بىكىن دىلدارى بولسە،
غەمى يوقدۇر جەھان ئەغيارى بولسە.
كىمىڭ سەنتەك نىگارى بولسە، ئەي يار،
رەقىبلەر جەۋرىدىن نې قايغۇسى بار.
ۋىسالىڭ گەنجى ئەمگەكسىز بولۇنمەز،
تىكەنسىز گۇلىستان ھەرگىز بولۇنمەز.
چېچەك سەۋگەن جەفايى يار تارتار،
رەقىب جەۋرىن رەقىب ناچار تارتار.
كەل، ئەي ساقىي، بۇ كۆن مەجلىس قۇرالى،
زەمانى ئەيش ئېتىپ خۇش ئولتۇرالى.

*

ۋەفاۋۇ مەسكەنەت بىزگە ياراشۇر.
خەيالىڭ جاندە مەسكەن قىلدى كەتمەز،
گەداغە مۇنچە سۇلتانلىق نې يەتمەز.
فىراقىڭدە كۆزۆم نېچە تولۇر ياش،
ئۇمىد بىر ئاقىبەت ۋەسلىڭ قىلۇر باش.
كەل، ئەي ساقىي، كەتۆرگىل جامى جەمنى،
كېچەر دۇنيا غەنىمەت تۇت بۇدەمنى.

ئايا، ئەھدى ۋەفاسىز دىلرەبا يار،
نىگارى سەرۋى قەددى، لالە رۇخسار.
ئەلىفتەك توغرى قەددىم يا غەمىڭدە،
كۆزۈمنىڭ چەشمەسى دەريا غەمىڭدە.
قاشۇڭ نۇنى، كۆزۈڭ ئەينى بەلادۇر،
ئوغان قىلسۇن جەمالىڭدىن بەلا دۇر.
تار ئاغزىڭ مۇشكىلىن ھەل قىلسە بولمەز،
لەبىڭدىن سۇرمە غۇنچە بولسە بولمەز.
لەبىڭدىن بەلگۈرۈر ئاغزىڭدە تىشلەر،
بولۇر سۆزۈڭ بىلە ھەل مۇشكىل ئىشلەر.
لەبى لەئلىڭ سۆزىن، ئەي تۇرفە دىلبەر،
شەكەر دېسەم بولۇر سۆزۈم مۇقەررەر.
قارا مەڭ ئېرىنىڭىزدىن خالى ئېرمەز،
كۆڭۈللەر داغىدۇر ئۇل خالى ئېرمەز.
رەھىم قىلمەزمۇ سەن، ئەي بەغرى تاشىم،
ئىچىم ياندى غەمىڭدە كۆيدى تاشىم.
بېگىم سەنسىز بۇ مىسكىن قۇل نى قىلسۇن،
چېچەكسىز بېنەۋا بۇلبۇل نى قىلسۇن.
چېچەكسىز بۇلبۇلىڭ ئىشى نەۋادۇر،
ئاشىقلار ھەر نېكىم قىلسە رەۋادۇر.
نى ئىستەرسەن مېنىڭ جانىمدىن، ئەي ئىشق،
نى كەلدى بىر ئاۋۇچ قانىمدىن، ئەي ئىشق.
سېنىڭ ئىشقىڭ مېنى دىۋانە قىلدى،
مۇھەببەت جامىغە پەيمانە قىلدى.
مۇھەببەت جامىنى ئۇل ئاشىق ئىچكەي،
كى ئەۋۋەل ئىشق ئۈچۈن جانىنى كەچكەي.
كىشى جانانىدىن جانىنى قىيارمۇ،
كۆرۈڭ، بارۇغە ھېچ ئاتىدىن يونارمۇ؟
كىشىكىم جانىنى جانانغە بەرمەز،
ھەقىقەت بىلسە بولۇر ئاشىق ئېرمەز.
ئەگەر سەن ئاشىق ئېرسەڭ سۆزلەمە ھېچ،
فىدا قىل باشىنىيۇ جانىدىن رەۋان كەچ.
خۇجەندىي مۇختەسەر قىلغىل سۆزۈڭنى،
ئاشىقلارغە قاتا كۆرگىل ئۆزۈڭنى.

*

بىھەمدىللاھ، ئىنايەت قىلدى بارى،
«لەتافەتنامە» ئاخىر بولدى بارى.
تىلىم ئەمگەك ياپاردىم قان قۇرۇتتۇم،
ئوغان قىلدى ئىنايەت سۆز يۈرۈتتۇم.
لەتافەتتىن تىلىم ھەڭگامە قويدۇم.
ئانىڭ ئاتىن «لەتافەتنامە» قويدۇم.
كىتابەت قىلمادىم بېھۇدە سۆزلەر،
سۆزۈمنى بىلمەگەن بېھۇدە سۆزلەر.
سۆزۈمنى بىلگەكىم بولسە سۇخەندان،
نى بىلسۇن دانا قەدرىن تەگمە نادان.
خۇجەندىي سۆزلەرىن خارەزمىي مىسكىن،
ئىشىتسە يوللى دەپ قىلغايدى تەھسىن.
غەرىبلەرنىڭ سۆزى بولۇر جىگەر سۆز،
غەرىب ئېرمەز خۇجەندىيدىن غەرىب سۆز.
ئىلاھى، دەردىمە دەرمان قىلابەر،
قامۇغ دۇشۋار ئىشىم ئاسان قىلابەر.
قەمەر يەڭلىغ مۇنەۋۋەر قىل يۈزۈمنى،
قۇياشتەك ئەلگە مەشھۇر ئەت سۆزۈمنى.
كۆڭۈللەر سىررىنى جەببارى ئالەم،
سەن — ئوقسەن بىلگۈچى، ۋەللاھۇئەئلەم.

1987 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «مۇبارەك مەكتۇبلار» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت.

# ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ
# ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا*

دىلبەر روزىيېۋا [سوۋېت ئىتتىپاقى]

## كىرىش سۆز

ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇرەككەپ تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ خەلق بەخت ـ سائادىتىنى، تىنچلىقنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈيلىگۈچى نۇرغۇنلىغان ئىلغار قەلەم ئىگىلىرىنى جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىگە چىقاردى. ئابدۇرېھىم نىزارى ئەنە شۇنداق شۆھرەتلىك ئىجادكارلارنىڭ بىرىدۇر.

نىزارى XVIII — XIX ئەسىرلەردە ياشىغان ئىجادكار. ئۇ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنى راۋاجلاندۇرغان، ئىلغار ئىدىيىلەرنى قوللىغان. قاتمۇ ـ قات زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى يولىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان. ئۇ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىغىمۇ چوڭ ئېتىقاد بىلەن قارىغان.

نىزارى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئارقىلىق، رەڭمۇ رەڭ لىرىكىلارنى، غايىۋى، بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان داستانلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىنى، ئۇلۇغ مەقسەتلەر يولىدىكى كۈرەشلىرىنى كۈيلىگەن. ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈگنەكى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائى، خىرقەتى، سەلاھى، زەلىلى، نەۋبەتى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئۇلۇغ مىراسلىرىنى ئۆزىگە ئۈرنەك قىلغان. ئۇ، بىر تەرەپتىن چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولغان ئۆز ئانا تىلىدىكى ئەدەبىي ئەنئەنىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېك، پارس، تاجىك، ئەزەربەيجان ۋە باشقا شەرق ئەدەبىياتى بايلىقلىرىنى ئۆگەنگەن.

نىزارىنىڭ ئىجادى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىگە چوڭ ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

نىزارىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنى ئۇزاقتىن بۇيان جەلپ قىلىپ

---

* شۇ ناملىق ماقالىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

كەلگەندى. گەرچە ئۇلار نىزارى مىراسلىرى ئۈستىدە مەخسۇس ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، مەتبۇئاتتا نىزارى ھەققىدىكى قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بىلدۈرۈشكەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن يورۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىشقانىدى. نىزارى ھەققىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتنى ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، شائىر ئەخمەت زىيائىي ھىجرىيىنىڭ (1367 – مىلادى 1947 –) يىلى بېسىلغان «توزۇماس چېچەكلەر» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلدى. ئاپتور بۇ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ «رابىئە – سەئىدىن» ئوپېراسىنى نىزارىنىڭ شۇ ناملىق داستانى ئاساسىدا يازغانلىقىنى ئېيتقان ۋە نىزارىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە» سىدەك «خەمسە» ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

1957 – يىلى ئۈرۈمچىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنىڭ كاتالوگى» دا نىزارى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ كاتالوگدا شائىرنىڭ قول يازما كۇللىياتلىرىدىن بىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغان. «شىنجاڭ ئەدەبىيات – سەنئىتى» ژۇرنىلىدا بېسىلغان «رابىئە – سەئىدىن» داستانى ھەققىدىكى ماقالىدىمۇ نىزارىنىڭ قىسقىچە بىئوگرافىيىسى بېرىلگەن.

تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى ر. قادىرى «ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي ئالاقىلەر تارىخىدىن» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ بىرىنچى بابىنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا بېغىشلىغان. ئاشۇ بابتا مەخسۇس نىزارى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن. ر. قادىرى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەۋائىي ئەنئەنىلىرى» ناملىق ماقالىسىدىمۇ نىزارىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلغان.

ۋ. يودىنىنىڭ «ئەسىرلەر ساداسى» ناملىق مەجمۇئەسىدە نىزارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن. شۈبھىسىزكى، مەزكۇر ئىلمىي ماقالىلەر شائىرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىدۇر.

نىزارىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى لېنىنگراد بۆلۈمى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما كۇللىياتى ئەدەبىياتشۇناس ئالىملىرىمىزنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەنىدى. بۇ كۇللىيات① ئا. م. مۇغىنوۋنىڭ 1962 – يىلى يېزىلغان «ئاسىيا خەلقلىرى قول يازمىلىرى ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر قول يازمىلىرى» ناملىق كاتالوگىدا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنىدى. مۇغىنوۋ بۇ كۇللىيات ئاپتورىنىڭ ئۆز قول يازمىسى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرىزنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئومۇمەن، مۇغىنوۋنىڭ بۇ كاتالوگى ئارقىلىق نىزارى كۇللىياتىنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

نىزارى كۇللىياتىنىڭ لېنىنگراد ۋە ئۈرۈمچى نۇسخىلىرىدىن باشقا ۋارىيانتى بارلىقى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان 12173 – ئىنۋېنتار نومۇرلۇق «رابىئە –

① كۇللىيات — ئاپتورنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى توپلىمى.

سەئدىن» داستانىغا يېزىلغان چۈشەندۈرۈشلەردىن ۋىنادىمۇ «رابىئە ـ سەئدىن» داستانى ساقلىنىۋاتقانلىقى، بۇ داستان بەھرام مۆمىن سەييار دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم بولدى.

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نىزارى ئەسەرلىرى ئارقىمۇ ئارقا نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «رابىئە ـ سەئدىن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، «چاھار دەۋرىش» («چاھار دەرۋىش» نى زىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يازغان) قاتارلىق داستانلىرى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى. نىزارىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمۇ نەشر قىلىنىغان بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ھازىرچە تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىرىمىز مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىز نىزارى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ـ دىكى ئۇتۇقلارنى راۋاجلاندۇرۇشنى، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى تولۇقراق تەتقىق قىلىشنى، بولۇپمۇ نىزارى بىلەن نەۋائى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي ئالاقىلەر مەسىلىسىنى يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا تەپسىلىيرەك يورۇتۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ.

* *

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بەكمۇ ئاز. «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە نىزارىنى 1770 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1848 ـ يىلى ۋاپات بولغان، دەپ كۆرسىتىلگەن. ماقالە ئاپتورى شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئېنقىلاشتا قايسى مەنبەلەرگە ئاساسلانغانلىقىنى ئەسكەرتمى ـ گەنلىكى ئۈچۈن بىز بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدۇق. نىزارى ھەققىدە كېيىن ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە (جۈملىدىن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرى كاتالوگى» دىمۇ) «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان ماقالە مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، نىزارىنى تا ھازىرقى كۈنلەرگە قەدەر 1770 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1848 ـ يىلى ۋاپات بولغان، دەپ تونۇلۇپ كېلىنمەكتە.

ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشلەر ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى بەلگىلەشتە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسلىرى ئاساسىي مەنبە قىلىنسا توغرا بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. پىكرىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. نىزارى 1843 ـ يىلى يازغان «زادۇن ـ نەجات» دېگەن ئەسىرىدە:

ئۆمۈر داغى ئالتمىشۇ يەتتى،
يەتمىشكە يېقىن ئۆمۈر كەتتى»

دەپ ئۆزىنىڭ 67 ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتقان. دېمەك، شائىر 1843 ـ يىلى 67 يېشىدا «زادۇن ـ نەجات» دېگەن ئەسەرنى يازغان بولسا، ئۇنىڭ 1770 ـ يىلى ئەمەس،

بەلكى 1776 - يىلى تۇغۇلغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. بىز مۇشۇ پاكىتقا ئاساسلىنىمىز.

يېقىندا، شائىرنىڭ ھاياتى ھەققىدە يەنە بىر يېڭى مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. بۇ مەلۇمات شائىرنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى مۆلچەرىمىزنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ بولسىمۇ نىزارىنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ئاغزاكى مەلۇماتلىرىدۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان «ھەزرىتى موللام ھەققىدە ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم» ناملىق ماقالىدە مەھەممەت ئوسمان مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «بوۋىمىزنىڭ ئېيتىشىچە قارىغاندا قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىددىننىڭ بەش نەپەر كاتىپى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە رەھمان ئاخۇنۇم، ئىسپەندىيار ئاخۇنۇم، ئابدۇرېھىم سىجىلات② (ئا. نىزارى) پېشقەدەمرەك كاتىپلار بولۇپ، نورۇز ئاخۇنۇم ھەممىدىن ياش ۋە ساغلام كاتىپ ئىكەن. ئەمما ئابدۇرېھىم سىجىلات ھەممىدىن چەبدەس، ئىستىداتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، زوھۇرىدىن ھاكىم بۇ كىشىنى قەدىرلەيدىكەن. لېكىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان رەھىمسىز ئىستقا (تەپ) كېسەللى ئابدۇرېھىم سىجىلاتنى قىيناپتۇ. زوھۇرىددىن ھاكىمنىڭ مەخسۇس تېۋىپى سوپى ئاخۇنۇم ئا. نىزارىنى ساپ ھاۋالىق جايدا ئارام ئالدۇرۇش لازىم، دەپ مەسلىھەت بەرگەچكە، قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى توققۇز يۇرتنىڭ ھەممىسى سۈرۈشتە قىلىنىپتۇ ۋە ئوپالنىڭ «قۇمباغ» (بۇ جاي ئىلگىرى ئازىق دەپ ئاتالغان) دېگەن يېرى سۈيى، ھاۋاسى، مەنزىرىسى... قاتارلىق جەھەتلەردە تەلەپكە مۇۋاپىق دەپ تونۇلۇپتۇ. ھاكىم بۇ يەرنى ئا. نىزارى ئۈچۈن «ئارامگاھ» قا تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەش پاتمان يەر، مەخسۇس بىر ئېرىق سۇ، ئالاھىدە بىر باغ ۋە توقايلىقنى بۆلۈپ بېرىپتۇ. خىزمىتىگە مەخسۇس كىشىلەرنى تەيىنلەپتۇ. ئا. نىزارى شۇ يوسۇندا بىر مەزگىل كۈتۈلگەندىن كېيىن سالامەتلىكى بىرئاز ياخشىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى موللام تەزكىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ «دىيارى ئىسام»ناملىق كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، مىلادىنىڭ 1848 - يىلى ۋاپات بولۇپتۇ.»

بۇ تەپسىلاتتا، شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «دىيارى ئىسام» ناملىق ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان. دېمەك، بۇ مەسىلە شائىرنى 1848 - يىلى ۋاپات بولغان، دېيىلگەن قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، نىزارى 1848 - يىلى «رابىئە - سەئىدىن» ناملىق داستانىنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى توپلاپ، غەرىبىي ۋە زىبائى قاتارلىق زامانداش، كەسىپداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چوڭ بىر كۇللىيات تۈزگەن. بۇ كۇللىيات يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن لېنىنگراد نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ، نىزارىنىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈلگەن. كۇللىيات تەركىبىگە «رابىئە - سەئىدىن» مۇ كىرگۈزۈلگەن. چوڭ ھەجىملىك كۇللىياتنى رەتلەپ، كۆچۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىنغان. «دىيارى ئىسام» دېگەن ئەسەرنىڭ كۇللىياتقا كىرگۈزۈلمەي مەخسۇس كىتاب قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا، شائىرنى 1848-يىلى ۋاپات بولدى، دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كۇللىياتنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان شائىرنىڭ ئۇزاق ۋاقىتقىچە داۋالان-

غانلىقىنى، كېسىلى بىرئاز شىپا تاپقاندىن كېيىن «دىيارى ئىمام» ناملىق ئەسەرنى يازغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، شائىرنى 1850 - يىلى ۋاپات بولغان، دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى ئەمەلىي پاكىتلار ئىسپاتلىماقتا. نىزارى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاساسىي مەنبە سۈپىتىدە پايدىلانساق، ئەلۋەتتە، نىزارى بىئوگرافىيىسىنى تولۇق تىكلەپ چىقالايمىز.

نىزارى 1776 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ «بۇلاقبېشى» مەھەللىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان③. ئابدۇرېھىم نىزارى دەسلەپتە قەشقەردىكى دىنىي مەكتەپتە خەت ساۋادىنى چىقارغان. كېيىن مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ ئۆز ئانا تىلى بىلەن بىللە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگەن. ئۇ ياشلىق دەۋرىدىلا ئەدەبىياتقا كۆڭۈل قويۇپ، پىردەۋسى، نىزامى، شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى، جامى، بېدىل قاتارلىق شەرق ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. بولۇپمۇ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان.

ئابدۇرېھىم نىزارى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا شېئىر يېزىشنى مەشق قىلىش بىلەن بىللە خەتتاتلىق ماھارىتىنىمۇ ئىگىلەشكە باشلىغان. مەدرىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاساسەن خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان. نىزارى ئۇزاق يىللارغىچە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خەت ۋە ئەرزلەرنى يېزىپ بېرىش، شۇنىڭدەك، ئىلمىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەردىن نۇسخا كۆچۈرۈش ياكى شۇنداق كىتابلارغا ئېھتىياجى بولغان كىشىلەرنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى بېجىرىش بىلەن ھايات كەچۈرگەن④. كېيىن شائىر سۈپىتىدە ئەلگە تونۇلۇشقا باشلىغان. شائىرنىڭ شەخسىي ھاياتى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگۈچى ئاساسىي مەنبە ئۇنىڭ قول يازما كۇللىياتى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ كۇللىيات مۇقەددىمىسىدىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇ مانجۇ فېئودال ھۆكۈمىتى (چىڭ سۇلالىسى) نىڭ قەشقەردىكى ۋەكىلى زۇھۇرىددىن ھاكىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ساراي خىزمىتىگە كىرگەن⑤. زۇھۇرىددىن بەگ نىزارىغا ساراي كاتىپلىقى ۋە مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى بەرگەن. ئابدۇرېھىم نىزارى 1830 - يىلىدىن باشلاپ شۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە باشلىغان. ئۆز زامانىسىدە بىلىملىك ۋە دانا ھېسابلانغان يۇقىرى ئىقتىدارلىق نىزارى زۇھۇرىددىن بەگكە ئىجابىي جەھەتتىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە تەرجىمان تەرىپىدىن: «ۋاقتىكى، ئەمىر زۇھۇرىددىن ناجى ھاكىمبەگ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى زىننەتلىدى ۋە تەرتىپكە سالدى. ھەر كىشى ئۆز جاي ۋە مەنزىللىرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خۇسۇسەن، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى تالىپلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ھىجرىيە 1248 - (مىلادى 1832 - 1833 -) يىلى ھەقىقەت يېتەكچىسى، نازۇك ھېكمەتلەرنىڭ قىلغۇچى ھەزرىتى سەييىد جالالىدىن باغدادى (تەڭرى ئۇنىڭ ياتقان ئورنىنى نۇرلاندۇرسۇن) نىڭ ئۇدۇلىدا خالىسانە ھالدا ئۈمىد ۋە ئىخلاس بىلەن بىر مەدرىسە بىنا قىلدى.» دەپ خەۋەر قىلىنغان. زۇھۇرىددىنبەگكە بېرىلگەن بۇ باھادىن

نىزارى دەۋرىدە خەلقنىڭ خېلى باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، ئىقتىسادنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما زۇھۇرىددىنبەگنىڭ ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. زۇھۇرىددىنبەگنىڭ ئىلىم مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە شائىر نىزارىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

نىزارى مەدرىسلەرنى كۆپەيتىش، شاگىرت يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، زۇھۇرىددىنبەگنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىلىم-پەنگە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر ئەسەرلەرنى توپلاشقا، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا، كونا قول يازمىلارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىشقا ھەرىكەت قىلغان، بۇ ئىشقا زۇھۇرىددىنبەگنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە ئۇنىڭ خەيرى-خاھلىقىغا ئېرىشكەن.

1957-يىلى ئۈرۈمچىدىكى قەدىمىي قول يازمىلار مۇزېيى تەرىپىدىن يەكەن شەھىرىدىكى قول يازمىلار رويخەتكە ئېلىنغاندا خەلقنىڭ قولىدا ئوتتۇز مىڭ پارچىگە يېقىن چوڭ-كىچىك ھەجىمدىكى ھەرخىل قول يازمىلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېنىقلانغان. بۇ قول يازمىلاردىن 150 پارچىسى نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. نەۋائىينىڭ بۇ قول يازمىلىرى ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن قايتا-قايتا كۆچۈرۈلۈپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ-كۆلەمدە تارقالغان. ئابدۇرېھىم نىزارى ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ دۇردانىلىرىنى خەلق ئارىسىغا تارقىتىشتا جانپىدالىق كۆرسەتكەن ماھىر خەتتاتتۇر.

نىزارى ئۇستاز نەۋائىينىڭ جاۋاھىرلىرىنى خەلق ئارىسىغا تارقىتىشتا ئەڭ كۆپ مېھنەت قىلغان، ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇستاز نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشكە سەرپ قىلغان. ئۇ نەۋائىينىڭ «خەمسە»، «خەزائىنۇل مەئانى» ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى زېرىكمەستىن قايتا-قايتا كۆچۈرگەن، نەۋائىي ئەسەرلىرىنى يېڭى نۇسخىغا كۆچۈرۈشنى ئۆزى ئۈچۈن يېڭى مەكتەپ ۋە ئىجادىي تەجرىبە يولى، دەپ ھېسابلىغان. نەۋائىينىڭ تاللانغان غەزەللىرىدىن نۇسخا كۆچۈرۈپ، 1806-يىلى نەۋائىي غەزەللىرىدىن دەرسلىك تەييارلىغان. بۇ ئارقىلىق ئۇ مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغ شائىر نەۋائىيغا نىسبەتەن ھۆرمەت-ئېھتىرام تۇيغۇسى ئويغىتىپ، ياشلارنىڭ نەۋائىي شېئىرلىرىدىن تەربىيە ئېلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان.

قەشقەر ھاكىمى زۇھۇرىددىنبەگ 1838-يىلى كۈندىلىك خاتىرىسىگە نەۋائىينىڭ «خەمسە» سى شۇ دەۋردە پەقەت قەشقەر شەھىرىدىلا ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن بەش يۈز نۇسخىدىن ئارتۇق كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغان، دەپ يازغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نەۋائىي «خەمسە» سىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى تەرىپىدىن خانلىق مەدرىسىدە كۆچۈرۈلگەن ئىككى نۇسخىسى ھازىر ئۈرۈمچى مەدەنىي يادىكارلىقلار مۇزېيىدا ساقلانماقتا. نىزارى تەرىپىدىن قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن نەۋائىي كۇللىياتىنىڭ يەنە بىر نادىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەلىشىر نەۋائىي نامىدىكى دۆلەت ئەدەبىيات مۇزېيىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا.

ئابدۇرېھىم نىزارى ياشىغان دەۋردە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتى بىرقەدەر

ياخشىلانغان، ئىقتىساد مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، يۇرتنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا كۆپ ئىشلار يولغا قويۇلغان، ئېرىق-ئۆستەڭلەر قېزىلىپ، چۆللەرگە سۇ چىقىرىلغان، دەشت-باياۋانلار دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇلغان. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەپ يازغان:

چۇ ئەنھارلارغە قىلىنبان سىرات،
چۇ بۇنياد ئېتىپ نەچچە يەردە رەبات.
بەيابانغە جارىي قىلىپ نەھرلەر،
كۆكەرتىپ زەمىن يەتكۇرۇپ بەھرلەر.
يەتى ياندە مەدرەستىنى ئاباد ئېتىپ،
كى سىيراب ئېتىپ سەبزەنى شاد ئېيتىپ.

خەلايىققە ئاندىن يېتىپ مەنفەئەت،
زىرائەت تارىماق بىلە خەيرىيەت[6]،
.................................
جەزائىر ئارا يەتكۇرۇپ ئاب ھەم،
بەنا ئەيلەدى ئاندە باغى ئىرەم.
چۇ ئەشجاربىرلە قىلىپ بوستان،
خەلايىق بىلە ئەيلەدى گۇلىستان[7].

نىزارى شەھەردىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىۋاتقانلىقىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، زۇھۇرىددىنبەگنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىنى يۇقىرى باھالىغان:

داغى ھۆكم ئېتىپ ئول شەھى كامياب،
شەھەر ئىچرە قىلدى بەنائى سەراب.
چۇ ۋەقت ئەيلەبان ئۇشبۇ ھەڭگامەنى،
چىقاردى ھەمول ياخشىلىق نامنى[8].
.................................

زۇھۇرىددىن ئېردى، كەمىنە غۇلام،
ئانىڭ لۇتفىدىن خۇش ئىدى سۇبھۇشام.
ھەمىشە رىزا ئېردى بۇ بەندەدىن —
كى، خىزمەتدە يۈرگەن سەرەفكەندەدىن[9].

زۇھۇرىددىنبەگ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىغا سېپىل ياساتماقچى بولغان. بۇ ئىش خەلققە قانچىلىك قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، خەلق سېپىل ياساش ئىشىغا پىداكارلىق بىلەن قاتناشقان. سېپىل ياساش ئىشى قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە تاماملانغان.

قەدىمىدىن ئەيلەپ بىناسىن ۋەسىئ
كى دېۋارىنى كوھ يەڭلىغ رەفىئ.
بىناسىن قىلىپ تەرھى تەرراھلار،
تەئەييۇن قىلىپ بەردى ئىسلاھلار.
نەچە باشىدىن ئەيلەپ جەۋارىن پەدىد،
كى پەژمۇردەلەرنى قىلىبان جەدىد.

سېپىل بۇتتى چۇن كوھى پەيكەر كەبى،
بولۇپ ئەلگە سەددى سىكەندەر كەبى.
شەھەرنىڭ بىناسىنىڭ ئەۋۋەل ئىشى،
مىڭ ئىككى يۈز ئېردىيۇ ئەللىك بەشى.
قىلىپدۇر تامامىغە ئەختەر نىدا،
كى مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ئالتى ئەدا[10].

بۇنداق چوڭ سېپىلنى ياساش مېھنەتكەش خەلقتىن ناھايىتى كۆپ كۈچ تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا شائىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىرادىلىك، چىداملىقلىقىنى، ئۆز يۇرتىنى

گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مەردانە پەزىلىتىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەش، خەلققە ھەمدەرد بولۇشتىن تاشقىرى ھاكىمنىمۇ خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشكە ئۈندىگەن ۋە ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

ئۇلۇس خەيلىغە شاھ دارا ئىدى،
كى دارا كەبى ئالەم ئارا ئىدى.
ئەدالەت سىپېھرىدە خۇرشىدۋەش،
سەئادەت سەرىرىدە جەمشىدۋەش.
زېھى تاج بەخشۇ زېھى كامران،
سىكەندەر كەبى دەھرغە ھۆكمران.
جەھان زەبتىدىن ئېردى بۇنيادلىق،

كى مۈلك ئەھلىدە ئېردى ئابادلىق.
تەۋانا ئىدى لۇتفىدىن ناتەۋان،
بەيابان بولۇپ ھۆكمىدىن بوستان.
.................................
نېچە يىل تەۋانا شەھەنشاھ ئىدى،
كى، شەۋكەت بىلە ساھىبى جاھ ئىدى⑪

بۇنىڭدىن نىزارىنىڭ ھاكىمنىڭ ئالىيجاناب بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەمىشە مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئادىل بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

نىزارى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پائالىيىتى بىلەن شۇ دەۋردىكى مەدەنىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئارىلاشقان. ئۇ زۇھۇرىددىنبەگنىڭ خەيرىخاھلىقىغا تايىنىپ مەشھۇر شائىرلارنى، تارىخچىلارنى، ئالىملارنى، سەنئەتكارلارنى، ماھىر خەتتاتلارنى، نەققاشلارنى ۋە رەسساملارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى يولىدا ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان. بىر كۈنى زۇھۇرىددىنبەگ نىزارىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن:

چۇ ئۇششاقلارنىڭ ھېكاياتىنى، قىلىپ جەمئ نەزم ئەيلەسە خوبدۇر،
كى باشىدىن ئۆتكەن رىۋاياتىنى. كەلامى تەبىئەتكە مەرغۇبدۇر⑫.

نىزارى زۇھۇرىددىنبەگنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان ۋە:

بۇ فىكرەتدە ئەيلەپ چۇنان يارلىغ، مۇسائىد زەمان ئېردى ماھى شەرىف،
خىرەدمەندۇ داناغە دىلدارلىغ. چۇ مەھكۇم ئولۇپ زارى ئەبدۇززەئىف.

دەپ، قولاي پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرغان. چۈنكى، 1830—1840 - يىللار يۇرتتا خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرگەن بىر مەزگىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نىزارى ئاشۇ قولاي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز خەلقىگە ئۇستاز نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدەك جاۋاھىرلارنى تەقدىم قىلىش مەقسىتىدە زاماندىشى شائىر زىيائى بىلەن بىللە تۇرپانغا يول ئالدى. تۇرپان ۋاڭى ئەپرىدۇن قەشقەر ھاكىمى زۇھۇرىددىنبەگكە:

فەسانە دېمەكلىككە ئاقىل كېرەك، ئېبەرگىل ماڭا ئەمدى ئەفسانەگوي،
بەيان ئەتكەلى ئەمدى ناقىل كېرەك. دېگەي سەرگۈزەشتە ماڭا مو بەموي⑬.

دەپ، ئۇنىڭدىن شائىر ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغان. زۇھۇرىددىنبەگ ئەپرىدۇننىڭ ئىلتىما

ماسىنى قوبۇل قىلىپ، شائىر نىزارى بىلەن زىيائىنى تۇرپانغا ئەۋەتكەن. نىزارى تۇرپانغا مېڭىشقا تەييارلاندا زۇھۇرىددىنبەگ ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك تاپشۇرۇقلارنى بەرگەن:

ماڭا ئەمر ئېتىپ شاھ ئالىي مەقام، قىلىپ سۆزنى لايىق خەرىدارغە،
ساڭا سۆز بۇدۇر ئەيلەگىل ئېھتىمام. جەۋاھىر ساچىپ ئەھلى بازارغە.
زەمان ئەھلىدۇر گۇفتەگۇ ئۆزگەچە، قىلىپ ئىشقى ھەرفىنى رەۋشەن بەيان،
جەھان خەيلى رەفتارىدۇر ئۆزگەچە. ئۇقۇپ ئاڭلاغاي بارچە ئەھلى جەھان(14).

بۇ مىسرالاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، زۇھۇرىددىنبەگ نىزارىغا ئېھتىياتچان بولۇش، زامانغا قاراپ ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسلەتكەن. فېئودالىزم شارائىتىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ئوچۇق يېزىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، پەقەت ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ھاياتىنى يېزىش ئارقىلىلا زامان غايىلىرىنى كۆيلىگىلى بولاتتى. شۇڭا نىزارى ئىشقى تېمىلاردا ئەسەر يېزىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە زامان روھىنى ئىپادىلىگەن. ئۆزى سارايدا تۇرسىمۇ مېھنەتكەش خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن.

شائىر ھەمىشە خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش بىلەنلا قالماي ھاكىمنىمۇ ئادالەتلىك بولۇشقا، تاج - تەخت ھەشەمىتىگە بېرىلىپ كېتىپ مەزلۇم خەلقنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا، ئاچ - يالىڭاچلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرغان:

ھەمىشە جەنابىڭدە ئەدل ئەيلەگىل، ئىشەنمە باشىڭ ئۆزرەكى تاجغە،
ئەتا بەزمىدە ئەلگە بەزل ئەيلەگىل. مۇرۇۋۋەت قىلىپ رەھمى قىل ئاچغە.
قارىش چىقمەغىل ئەدلۇ ئىنسافدىن، باشىڭغە نېلەر كەلدى ئالەم ئارا،
كى، فەرھىزى قىل قولنى كەززابدىن. ئۆزۈڭ فېئلىدىندۇر بۇ يەڭلىغ جەزا.
كى، ئىنسافغە ئۆزنى قىلغىل رىزا، كى، بۇ ئەمرىدىن ئەيلەگىل تەجرىبە،
كى، مەخلۇقدىن كۆرمە ئەمرى قەزا. ھەۋەس يولىغە قىلماغىل دەبدەبە(15).

نىزارىنىڭ ئاپتوبىئوگرافىك روھتىكى بۇ ئەسىرى(16) نىڭ خاتىمىسىدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، گەرچە شائىر ھاكىمنى ئۆزىگە يېقىن ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ساداقەتلىك دوست، خەيرىخاھ مەسلىھەتچى سۈپىتىدە ئىلتىجا قىلسىمۇ، زۇھۇرىددىنبەگ بەرىبىر فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قېلىۋەرگەن. ئۇنىڭ ئادالىتىمۇ، خەيرى - ساخاۋەتلىرىمۇ چەكلىك بولۇپ، ئېزىلگەن، ئاچ - يالىڭاچلىقتا قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى مۇتلەق يەڭگىللىتەلمەيتتى. زۇھۇرىددىنبەگنىڭ بىردىنلا نەپسى بالاسىغا گىرىپتار بولغان تەكەببۇر ھاكىمغا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن نىزارى ئۇنىڭغا «بۇ يەڭلىغ جەفالار ساڭا يانە ئاز» دەپ خىتاپ قىلغان.

بۇ ھەسرەتلىك مىسرالاردا ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەكىلى زۇھۇرىددىنبەگ ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى روشەن تەسۋىرلەنگەن.

ئەلا ئەي زۇھۇرىددىن ئەتتىڭ گۈزەر،
بولۇپ دەھر ئارا غەم بىلە دەربەدەر.
سالىپ بۇ بەلاغە سېنى نەفسى شۇم،
قىلىپ باشغە نەفسى ھەۋايىڭ ھۇجۇم.
تەكەببۇر قىلىپ بولمە گەردەن خوراز،

بۇ يەڭلىغ جەفالار ساڭا داغى ئاز.
كى، كۆرمەي دېسەڭ دەھرى ئازارىنى،
چۇ ئاغرىتماغىل فەقرۇ بىمارىنى.
بەقاسىز جەھاننىڭ ئىشىن فەھم قىل،
فەقىر بىنەۋا ھالىغە رەھم قىل⑰.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ھاكىمغا قارشى كەسكىن پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھاكىملارنى ئادالەتلىك، خەلقپەرۋەر بولۇشقا تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك ئىللەتلىرىدىن يىراق بولۇشقا چاقىرغان. شائىرنىڭ زوراۋانلىقتىن قورقماستىن ئۆزىنىڭ پىكرىنى دادىللىق بىلەن ئېيتالىغانلىقى ئۇنىڭ زۇھۇرىددىنبەگنىڭ ئالدىدا يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلۇغ شائىر نىزارى زۇھۇرىددىنبەگدىن نۇرغۇنلىغان خەيرلىك ئىشلارنى كۈتكەن، ئەمما، ھاكىمنىڭ ئۆز سىنىپىي مەنپەئىتىنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقالماي، مېھنەتكەش ئۇيغۇر خەلقىنى قۇللۇقتا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالغان، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان، مەزلۇم خەلقنى ھىمايە قىلغان. بۇ نۇقتا، شائىرنىڭ زۇھۇرىددىنبەگ توغرىسىدىكى ئەسىرىنىڭ بىر ئىبرەتنامە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«ناتىۋان»، «مىسكىن»، «زەئىپ» دېگەن مەنالارنى ئىپادىلەيدىغان نىزارى تەخەللۇسىدا قەلەم تەۋرەتكەن بۇ ئىستېداتلىق ئۇيغۇر شائىرىدىن باشقا شەرقتە يەنە بىرقانچە نىزارى تەخەللۇسلۇق شائىرلارنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. مىسال ئۈچۈن ئاشۇ ئەسىردە ئۆتكەن پارس-تاجىك شائىرى ھەكىم نىزارى كوھىستانى⑱ نى كۆرسىتىش مۇمكىن.

* *

نىزارى باي ئىجادىي مىراس ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قول يازما ھالىتىدىلا شۆھرەت قازىنىشقا باشلىغان. قايتا-قايتا كۆچۈرۈلۈپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» دا ئۆرۈمچى مەدەنىي يادىكارلىقلار مۇزېيىدا شائىر كۇللىياتىنىڭ 93-ئىنۋېنتار نومۇرلۇق يەنە بىر نۇسخىسى ساقلىنىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغان. بۇ كاتالوگدا قول يازمىنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسى ئۆرۈمچى نۇسخىسىغا قارىغاندا مۇكەممەلراقتۇر، دېيىلگەن. ئەپسۇسكى، قول يازمىنىڭ ئۆرۈمچى نۇسخىسى بىزنىڭ قولىمىزدا يوق.

بىز بۇ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن قوبۇل قىلغان نىزارى كۇللىياتىنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسى XIX-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كۆچۈرۈلگەن. تېكىستلەر ناۋات رەڭ خوتەن قەغىزىگە قەشقەر نەستەلىق خېتىدە يېزىلغان. ئەپسۇسكى، قول يازمىدا ئۇنىڭ كۆچۈرۈلۈش تارىخى ۋە كاتىپىنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن. لېكىن قول يازمىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالامەتلىرىگە ۋە مۇئەللىپىنىڭ تەھرىرلىرىگە ئاساسەن، بۇنىڭ شائىرنىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قول يازما ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. كىتابنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ھەممە بەتلىرى كۈمۈش سۈيى يالىتىلغان قىزىل ۋە قارا رەڭ-

لىك سىزىقلار بىلەن جەدۋەللەشتۇرۇلگەن قول يازمىنىڭ چەتلىرىگە (269B، 248A—28A،
1B—25A ۋاراقلىرىغا) نەۋائى غەزەللىرىدىن، پارچىلار نىزارى مۇخەممەسلىرى، غەرى-
بىنىڭ غەزەللىرى كۆچۈرۈلگەن. مۇخەممەسلەر ۋە غەزەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل سى-
ياھتا ئاجرىتىش بەلگىسى قويۇلغان. ھەربىر ئەسەر ئالاھىدە سەھىپىدىن باشلانماستىن بىر
بىرىگە ئۇلاپ يېزىلغان. داستانلارنىڭ ماۋزۇلىرى قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان. قول ياز-
مىنىڭ 1B بېتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە چىرايلىق قىلىپ ئىشلەنگەن ئۇنۋان بەلگىسى بار.
ئۇنۋانىنىڭ سول تەرىپىگە گۈل سىزىلغان، ئوڭ تەرىپىگە مۆھۈر بېسىلغان. مۆھۈر خىرە
بولغانلىقتىن خېتىنى ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى. 57B ۋاراقتا يەنە بىر مۆھۈر بار. مۆھۈر
خېلى چوڭ ۋە ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭدا: قادىر خۇدانىڭ لۇتفىدىن ئۈمىد قىلغۇچى ھا-
فىز ئىددىنىڭ ئوغلى ناسىردۇر» دېگەن خەتلەر بار. بۇ مۆھۈر كىتاب ئىگىسىگە تېگىشلىك
بولۇشى مۇمكىن. 28B ۋاراقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئۇنۋان ئۈچۈن بوش جاي قالدۇرۇل-
غان، لېكىن بۇ يەردە يېزىق يوق.

قول يازما بىرقانچە قېتىم قايتا تۈپلەنگەن. ئۇنىڭ بىر نۇقسانى شۇكى، قايتا مۇقا-
ۋىلاش جەريانىدا بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، 26A، 28A،
ۋاراقلاردىكى «لەيلى ۋە مەجنۇن» توغرىسىدىكى بىر ھېكايە ئىشق مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر
ئارىسىغا ئەمەس، دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئارىسىغا كىرىپ قالغان. قول يازما جىگەر
رەڭ كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان. ۋاراقلارغا قارا سىياھ بىلەن بەت نومۇرى سېلىنغان. قول
يازما 296 ۋاراقتىن ئىبارەت. ئاساسىي تېكىستلەر تۆت كالۇنكىغا جايلاشقان بولۇپ،
ھەربىر كالۇنكا 17 قۇردىن ئىبارەت. قول يازمىنىڭ فورماتى 32 × 24 س.م. قول ياز-
ما ياخشى ساقلانغان، يىرتىلغان، سۈرۈلۈپ كەتكەن جايلىرى يوق.

بۇ قول مازما كۈللىياتى پەقەت نىزارىغىلا مەنسۇپ بولماستىن، ئۇنىڭغا شائىر غەرى-
بىي بىلەن زىيائىلارنىڭمۇ ئىجادىي مىراسلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئۈچ شائىر قەشقەر
ھاكىمى زۇھۇرىددىنبەگنىڭ ھۇزۇرىدا بىللە ئىشلىگەن. بۇ مەلۇماتنى بىز قول يازمىدىكى
خەۋەردىن ئالدۇق. قەشقەر ھاكىمى زۇھۇرىددىنبەگ تۇرپان ۋاڭى ئەپىرىدۇننىڭ تەكلىپى-
گە بىنائەن نىزارىغا شۇ زاماننىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشنى
تاپشۇرۇپ تۇرپانغا ئەۋەتكەنلىكى قول يازمىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «كاتىپى خەستە-
جان، نىزارىئى ناتەۋان ئابدۇرېھىم بىچارىگە بۇيرۇپ، بۇ ئەسەر ئىچىدىكى ۋەقەلەرنى
بىر-بىرلەپ يېزىپ، تەھرىر رىشتىسىگە تىزىپ، نەزىم سىلكىنى جانابلىرىدىن ئۆتكۈزمەك»[19].
نىزارى تۇرپانغا بارغاندا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

قىلىب شۇئلەئى لۇتفى خۇدايى بىلە، تېرىپ ئۇنچە دەرياسىدىن جەۋھەرى،
ياتىپ نەچچە كۆنلەر زىيائى بىلە. تىزىپ رىشتەئە ئەيلەگىمىز گەۋھەرى[20].

گەرچە غەرىبىنىڭ تۇرپانغا بارغان-بارمىغانلىقى ھەققىدە نىزارى ھېچنېمە دېمى-
گەن بولسىمۇ، كۈللىياتتىكى داستانلارنىڭ نىزارى، غەرىبى ۋە زىيائى تەخەللۇسىدا
يېزىلغانلىقى غەرىبىنىڭمۇ نىزارى بىلەن بىر دەۋردە ئەسەر يازغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

غەرىبىنىڭمۇ زۇھۇرىددىنبەگ سارىيىدا خىزمەت قىلغانلىقىنى كۇللىياتتىكى غەرىبى تەخەللۇسىدا يېزىلغان: «شاھ زۇھۇرىددىن مەدھىدە بىرنەچچە سۆز سورىماق»[21] دېگەن ھېكايەتتىن بىلگىلى بولىدۇ.

غەرىبى بۇ ھېكايىسىدە زۇھۇرىددىنبەگنى مەدھىيىلىگەن ۋە «كىتابىي غەرىب» داستانىنى زۇھۇرىددىنبەگنىڭ دالالىتى بىلەن يازغانلىقىنى ئېيتقان. دېمەك، غەرىبىمۇ نىزارى بىلەن بىللە سارايدا خىزمەت قىلغان ھەمدە نىزارى بىلەن تۇرپانغىمۇ بارغان. «غەرىبلەر ھېكايىتى» ناملىق چاتما داستانلارنى ئۈچ شائىر ئىجادىي ھەمكارلىقتا ۋۇجۇدقا چىقارغان.

بۇ قول يازمىنىڭ 30A — 33A، 34B، 64B، 108A، 262A، 274B، 296A ۋاراقلىرىدا نىزارى تەخەللۇسى؛ 107B، 279B، 280B، 293B ۋاراقلىرىدا غەرىبى تەخەللۇسى؛ 112B، 217B، 253B، 262A ۋاراقلىرىدا زىيائى تەخەللۇسى قوللىنىلغان. «غەرىبلەر ھېكايىتى» ناملىق چاتما داستانلاردىكى «پەرھاد ۋە شىرىن» (47B—64B ۋاراق) ۋە «بانۇ» (263A—272B ۋاراق) دا نىزارى تەخەللۇسى؛ «شاھ بەھرام» (79A—107B ۋاراق) دا غەرىبى تەخەللۇسى؛ «چاھار دەرۋىش» (A112—221A ۋاراق) تە نىزارى ۋە زىيائى تەخەللۇسى؛ «مەسئۇد ۋە دىلئارا» (233B—253B ۋاراق) دا زىيائى تەخەللۇسى قوللىنىلغان. «لەيلى ۋە مەجنۇن» (64B—78B ۋاراق)، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا» (221A—233B ۋاراق)، «رابىيە ـ سەئىدىن» (253B—261A ۋاراق) ناملىق داستانلارغا ھېچكىمنىڭ تەخەللۇسى قويۇلمىغان. لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى، بەدىئىي تەسۋىر ۋاسىتىلىرىنى، ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىنى «پەرھاد ۋە شىرىن» نىڭ تېكىستلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، تەخەللۇسسىز داستانلارنىڭ نىزارىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

كۇللىيات تەركىبىدىكى ئەسەرلەرنى ماۋزۇ جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن.

1) دېداكتىك ئەسەرلەر. 2) مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر. 3) مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.

1. «زادۇن ـ نەجات» (1B—25B ۋاراقلار) كۇللىياتتىكى دېداكتىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. داستاندا مۇدبىرى خۇدبىن بىلەن مۇقبىلى رەۋشەندىل ناملىق ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مۇنازىرە سوئال ـ جاۋاب ئارقىلىق بايان قىلىنىغان. شائىر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەردلىك بىلەن شەخسىيەتچىلىك، جاھىللىق بىلەن ئالىيجانابلىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئەخلاقسىزلىق، تىرىشچانلىق بىلەن ھورۇنلۇق، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىك، نادانلىق بىلەن دانالىق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق ھەققىدىكى خىياللىرىنى نەزىم ۋە نەسرىي ئۇسۇلدا ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئارقىلىق بايان قىلغان. داستان 1509 قاتار نەزىم ۋە 996 قاتار نەسرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلىش تارىخى 1843 ـ يىل، دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ نامىنى مۇئەللىپ تۆۋەندىكىچە قەيت قىلىپ ئۆتكەن:

سەۋالەت ئىتمامىغە يەتتى بات،
كىتابەت بولۇپ ئىسمى «زادۇن ـ نەجات»[22].

بۇ ئەسەر ھەر خىل مەنبەلەردە ھەرخىل نام بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «زادۇن ـ نەجات» (قۇتۇلۇش ئوزۇقلىرى)، «دەھرۇن ـ نەجات» (قۇتۇلۇش دۇنياسى)، «دەۋرۇن ـ نەجات»

(قۇتۇلۇش دەۋرى). شائىر بۇ ئەسەرنى قايتا ئىشلەش جەريانىدا ماۋزۇلىرىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. ماۋزۇلار كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن، دەپ قىياس قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىبىرى ئەڭ ئاخىرقى نۇسخا ئىكەنلىكى ۋە نىزارىنىڭ قايسى ماۋزۇنى مۇۋاپىق تاپقانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. شائىر كۇللىياتىنىڭ سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتوتىنىڭ لېنىنگراد بۆلۈمى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى نىزارىنىڭ ئۆز قول يازمىسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ نۇسخىنى شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆچۈرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇسخىنىڭ ئىچىدە «زادۇن - نەجات» نى ئاخىرقى نۇسخا بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلايمىز.

2. «غەرىبلەر ھېكايىتى» قول يازمىنىڭ 20A—274A ۋاراقلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، «ۋامىق ۋە ئۇزرا»، «بانۇ»㉓، «رابىيە - سەئدىن» (نىزارى)، «چاھار دەرۋىش» (نىزارى، زىيائى)، «مەسئۇد ۋە دىلئارا» (زىيائى)، «شاھ بەھرام» (غەرىبى) دىن ئىبارەت توققۇز داستان ھەمدە بىرقانچە ھېكايىلار بار. ئابدۇرېھىم نىزارى «غەرىبلەر ھېكايىتى» نىڭ مۇندەرىجىسىدە تۆرلۈك ھەجىمدىكى 18 پارچە ئەسەرنى ساناپ چىققان.

خەتا بولسە گەر ئەفۇ قىلغىل ئەتا،
ئەتا ئەفۇ بولسا يوق ئولغاي خەتا.
چۇ تەسنىف فىھرەستىن ئەيلەي بەيان،
رىۋايات تەئدادى تاپقاي نىشان.
بىرىنچىسىدۇر ھەمدى پەرۋەردىگار،
ئىككىنچى ئېرۇر نەئتى ئەلقابى يار.
ئۈچىنچى مۇناجات ئىلە مەۋ ئىزەت،
كى، تۆتىنچىسى ئىشقىدىن ۋاقىئەت.
بېشىنچى ئېرۇر نەقل ئەسھابى كەھف
كى، ئالتىنچىدۇر سەئد ئەھبابى كەھف.
كى، يەتتىنچىسى ئىسمى سىررى شىكەن،
يەنە سەككىزىنچى ئېرۇر كوھكەن.

داغى توققۇزىنچىگە مەجنۇن دېگىل،
ئونىنچىسى ئازادە بەخت سۆزى بىل.
يەنە ئون بىرىنچى چۇ دەرۋىش سۆزى،
ئون ئىككىنچىسى ھەمكى دىلرىش سۆزى.
يەنە ئون ئۈچىنچىسىدۇر سەكپەرەست،
..............................
يەنە ئون بەشىنچى دېگىل ئول غەرىب،
ئون ئالتىنچىدە گۈلنىسا سارغەرىب.
يەنە ئون بىلە يەتتى مەسئۇد دەگىز،
كى ئون سەككىزى رابىيە گۈل مەگىز.
ئەدەد قىلسە ئارتۇق ھېكاياتى بار،
كى ئەفرادىنى قىلمادۇق ئېئتىبار㉔.

نىزارى «چاھار دەرۋىش» داستانىدىكى تۆت دەرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ۋە كىچىك ھەجىمدىكى بىرنەچچە ھېكايەتلەرنىمۇ يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن 18 داستان قاتارىغا قوشقان. نىزارى كۇللىياتىنى تەرتىپكە سالغاندا داستانلارنىڭ مۇئەللىپلىرىگە قاراپ ئەمەس بەلكى ئەسەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ جايلاشتۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۇللىياتتا نىزارى، غەرىبى ۋە زىيائى تەخەللۇسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ جايلىشىش تەرتىپى ئارىلىشىپ كەتكەن. «غەرىبلەر ھېكايىتى» تەركىبىدىكى داستانلارنىڭ كۆپ قىسمى نىزارىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن كۇللىيات شۇ شائىرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. نىزارى تەرىپىدىن «غەرىبلەر ھېكايىتى» دەپ نام قويۇلغان بۇ چاتما داستانلار «ئۇيغۇر

كىلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» دا: «ئاپتور ئەسىرگە ئىسىم قويمىغان، بەزىلەر ئۇنى «خەمسە» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بىز ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ‹مۇھەببەت توغرىسىدا داستانلار› دەپ ئىسىم قويدۇق»㉕، دەپ ئىزاھلانغان. بىز بۇ كاتالوگدىكى «ئاپتور ئەسىرگە ئىسىم قويمىغان› دېگەن پىكىرگە قوشۇلالمايمىز. چۈنكى نىزارىنىڭ ئىشقىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى جەملەپ «غەرىبلەر ھېكايىتى» دەپ ئىسىم قويغانلىقى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن مەلۇم بولىدۇ.

يارانلار دۇئا بىرلە ياد ئەيلەڭىز،　　غەرىبلەر ھېكاياتى بولدى تەمام،
شىكەستە نىزارىنى شاد ئەيلەڭىز.　　كى ئەھبابلەر روھىغە ۋەسسەلام㉖.

«غەرىبلەر ھېكايىتى» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا ھەر خىل كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957 - يىلىلىق 6- سانىدا «نىزارى 1837 - يىلدىن باشلاپ «مۇھەببەت داستانلىرى» («غەرىبلەر ھېكايىتى») ناملىق بىر چوڭ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تۈگەتكەن» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئوسمان مەمەتاخۇنوۋنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرى» ناملىق كىتابىدا بۇ ئەسەرلەرنى «1830 - يىلدىن 1840 - يىلغىچە يېزىلىپ تاماملانغان» دېيىلگەن. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» دا بولسا «1837 - 1838- يىللار» دەپ كۆرسىتىلگەن. كۇللىياتنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسىدا «غەرىبلەر ھېكايىتى» نىڭ يېزىلىشقا باشلىغان ۋاقتى تۆۋەندىكىچە قەيت قىلىنغان:

سۇرۇپ سۆزنى ئاسان ھەمە بىلگۇدەك،　　كى، تەئرىخى ھىجرەت مۇئەييەن بولۇپ.
كى، مەزمۇنلارىن ئەيلەدىم كۆلگۇدەك.　　ۋەرەققە كىتابەت ئىشى بولدى سەبت،
بۇ ھەڭگام ئارا سۆز مۇزەييەن بولۇپ،　　ھەزارۇ دۇ بازدىيۇ پەنجاۋۇ ھەفت.

بۇنىڭدا شائىر «غەرىبلەر ھېكايىتى»نى ھىجرىيە 1257 - (مىلادى 1841 - 1842) يىلىدا يېزىشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتقان. ئاخىرقى ئەسىردە:

تىلەيمىز، ئايا ساقىيا، جامى مەي،　　ئىچىپ دەيرى پىرىغە خۇددام ئولاي،
كەرەم قىل نىزارىغە چۇن پەي - بەپەي　　كى خىزمەت قىلاي تالىبى جام ئولاي.

دەپ، ھىجرىيە 1260 رەقىمىنى يېزىپ قويغان. بۇنىڭدىن «غەرىبلار ھېكاياتى» نىڭ قاچان يېزىلىپ تاماملانغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. دېمەك، «غەرىبلەر ھېكاياتى» نىزارى، زىيائى ۋە غەرىبىيلارنىڭ ئىجادىي ھەمكارلىقىدا 1841 - يىلدىن 1844 - يىلغىچە تۈرپاندا يېزىلىپ تاماملانغان. لېكىن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. شائىر بۇ داستاننى ھىجرىيە 1248 - (مىلادى 1832 - 1833) يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆكچى مەھەللىسىدە سادىر بولغان رېئال ۋەقە ئاساسىدا ھىجرىيە 1264 - (مىلادى 1848) يىلىدا يازغان. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى بىز نىزارىنىڭ ئەسىرىدە كۆرسىتىلگەن رەقەملەرگە قاراپ ئېنىقلىدۇق. داستاننىڭ باش قىسمىدا ۋەقەنىڭ سادىر بولغان ۋاقتى ۋە ئورنى مۇنداق بايان قىلىنغان:

خىرەد چۈن تەۋارىخ ھېسابىن دېدى، كى، ئۈششاقلاردىن ئېشتگىل خەبەر،
مىڭۇ ئىككى يۈز قىرىق سەككىز ئىدى. ئەجەب ۋاقىئاتىكى بولمىش ئەيان،
بىلادى مۇئەييەن ئېرۇر كاشخەر، ئىكى يار بىرى بىرگە تاپشۇردى جان.

شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى يازغان يىلى داستاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەبجەت ھېسابىدا بېرىلگەن:

چەراغىن ھۇرۇفىنكى، ئەھلى خىرەد،
كى، تەئرىخى سالىن دېمىش بىلئەدەد.

«چەراغىن» سۆزىنى ئەبجەد بويىچە ھېسابلىغاندا ھىجرىيە 1264 ـ يىلى، دېگەن سۆز كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، داستان مىلادى 1848 ـ يىلدا، يەنى، ۋەقە سادىر بولغان ۋاقىتتىن 15 ـ 16 يىل كېيىن يېزىلغان.

نىزارىنىڭ بۇ داستانىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، نۇسخا كۆپەيتىلىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. شۇ نۇسخىلارنىڭ بىرى ھازىر تاشكەنت شەھىرى ئەبۇ رەيھان بېرونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا. قول يازما ئاددىي قەغەزگە كۆك سىياھتا كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 41 بەت. ھەربىر بېتىگە 25 قۇردىن كۆچۈرۈلگەن. كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىگە نامەلۇم شەخس تەرىپىدىن تۆۋەندىكىدەك ئەسكەرتىش يېزىلغان: «‹رابىيە ـ سەئىدىن› داستانى مىلادىنىڭ 1835 ـ يىللىرىدا شائىر ئابدۇرېھىم نىزاى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، 1828 ـ يىلى بەھرام مۆمىن ئۇچتۇرپانغا بارغاندا بۇ داستاننى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىققان. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى نۇسخىسىنى كۆچۈرۈۋېلىشنى نىيەت قىلىپ، بۇ نۇسخىنى كاتىپلارغا كۆچۈرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ داستان خەلق ئىچىگە تارالغان ۋە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ داستاننى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان».

بۇ كاتىپنىڭ مۇلاھىزىسى بولۇشى مۇمكىن. نامەلۇم كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ قۇرلار «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ ئاپتورى ئابدۇرېھىم نىزارى ئىكەنلىكىنى ۋە داستاننىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى 1835 ـ يىلى، بەھرام مۆمىننىڭ داستاننى ئوقۇغان ۋاقتىنى 1828 ـ يىلى دەپ يازغىنىغا قارىغاندا، كاتىپ ئۇنچىۋالا ساۋاتلىق ئادەم ئەمەس. بۇ كاتىپنىڭ دىققەتسىزلىكىگە يەنە بىر مىسال شۇكى، نىزارى (نيزارى) دېگەن سۆزنى نەززارى (نظارى) دەپ يازغان.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بار. ئابدۇجېلىل ئىسىملىك ئاپتورمۇ «رابىيە ـ سەئىدىن» (27)ناملىق داستان يازغان. ئابدۇجېلىل بۇ داستاننى نىزارىدىن كېيىن يازغان. ئۇنىڭ بەزى مىسرالىرى نىزارىنىڭ داستانىدىن ئەينەن ئېلىنغان. كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئابدۇجېلىلمۇ ئەبجەد ھېسابى بويىچە «چەراغىن» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. چەراغىن سۆزى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھىجرىيە 1264 ـ يىلنى بىلدۈرىدۇ. ئابدۇجېلىلنىڭ كىتابىدا «چەراغىن» سۆزى يېزىلغان قۇرغا ھىجرىيە 1254 دەپ يېزىپ قويۇلغان. بۇ ئەلۋەتتە ئەبجەد ھېسابىنى بىلمەيدىغان بىر شەخس تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھىجرىيە 1254 «چەراغىن» سۆزىنىڭ ئەمەس بەلكى« چەراغىم» دېگەن سۆزنىڭ «ئەبجەد» ھېسابىدۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى« غەرىبلەر ھېكايىتى» تەركىبىدىكى «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، «ۋامىق-ئۇزرا» قاتارلىق رومانتىك ئەسەرلىرىنى قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىددىنبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن 1841-1844-يىللاردا يازغان. «رابىيە-سەئدىن» داستانىنى بولسا 1848-يىلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىراق يازغان. بۇ ئەسەر شائىرنىڭ ئىجادىي كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تاشقان، دۇنيا قارىشى پىشىپ يېتىلگەن، ئىجتىمائىي، سىياسىي پىكىرلىرى كامالەتكە يەتكەن دەۋردە يېزىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەر شائىر ئىجادىنىڭ يۇقىرى چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. كۈللىياتتا «غەرىبلەر ھېكايىتى» دىن كېيىن شائىر غەرىبىنىڭ «كىتابى غەرىب» ناملىق ئەسىرى (276A—293B ۋاراقلار) بېرىلگەن. بۇ ئەسەر 32 خىل كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ مۇنازىرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى سوئال-جاۋاب ئۇسۇلىدا بايان قىلىنغان. كۈللىياتقا بۇ داستاندىن كېيىن غەرىبىنىڭ يەنە ئىككى ھېكايىتى ۋە «مىرئەلىشىر ‹خەمسە› لىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان بىر ھېكايەت» كىرگۈزۈلگەن (274A، 276A ۋاراقلار). بۇنىڭدا غەرىبى نەۋائىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، «كىتابى غەرىب» داستانىنى يازغانلىقىنى ئېيتقان ۋە بۇ داستاننىڭ ھىجرىيە 1252-يىلى (مىلادى 1841-1842-يىلى) يېزىلغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

كۈللىياتنىڭ 294A-296A ۋاراقلىرىدا نىزارىنىڭ نەۋائىي غەزىلىگە بېغىشلانغان ئىككى مۇخەممىسى، غەرىبىنىڭ بىر مەسنەۋىسى، نىزارىنىڭ ئىلىم، ئەدەب-ئەخلاق ھەققىدىكى بىر مەسنەۋىسى، تەخەللۇس قويۇلمىغان بەش بەندلىك بىر غەزەل، بوياقچى توغرىسىدا يېزىلغان بىر ھېكايەت، يوپۇرماق شەكلىدىكى ئىككى رامكا ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلغان تەسەۋۋۇپ روھىدىكى ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە تائەت-ئىبادەت قائىدىلىرى بايان قىلىنغان تېكىستلەر بار.

قول يازما بەتلىرىنىڭ چۆرىسىگە نىزارىنىڭ نەۋائىي غەزەللىرىگە بېغىشلانغان 37 مۇخەممىسى (1B—25B، 216A-216B، 294A، 294B ۋاراقلاردا)، غەرىبىنىڭ 39 غەزىلى (276A-289A ۋاراقلاردا)، ئاپتورى نامەلۇم تۆت غەزەلنىڭ (295A ۋاراقتا) مەتلەئى يېزىلغان. قول يازما بەتلىرىنىڭ چۆرىسىگە يەنە نەۋائىنىڭ 286 غەزىلىدىن مەتلەئ ۋە مەقتەئلەر كۆچۈرۈلگەن. كۈللىياتقا نەۋائىي دۇردانىلىرىدىن نەمۇنىلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى بىر تەرەپتىن كۈللىياتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن كۈللىيات ئاپتورلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستاز نەۋائىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. كۈللىياتقا جەمئىي 18383 بېيىت، يەنى 36766 مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلگەن. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» دا تىلغا ئېلىنغان «مۇھەببەت داستانلىرى» («غەرىبلار ھېكايىتى») نىڭ ئۈرۈمچى نۇسخىسى يەتتە داستان، ئون بىر ھېكايەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا 12 مىڭ بېيىت، يەنى 24 مىڭ مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلگەن.

ھازىرغىچە بۇ داستانلار مەجبۇئەسى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنمەكتە. ئۈرۈمچى نۇسخىسىدا شەرتلىك رەۋىشتە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ، لېنىنگراد نۇسخىسىدا شائىر ئۆزى قويغان نام بىلەن «غەرىبلار ھېكايىتى» دەپ ئاتالغان. لېنىنگراد

نۇسخىسىنى بىز نىزارى كۈللىياتى، دەپ ئاتىدۇق.

نىزارىنىڭ لېنىنگرادتىكى كۈللىياتىنى ھازىرغىچە بەزى ئالىملار نىزارىنىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قول يازما، دەپ قىياس قىلىشقان بولسىمۇ، بۇ مەسىلە تېخى ئىلمىي ئاساستا ئىسپاتلانمىغاندى. بىز بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆردۇق. ئابدۇرېھىم نىزارى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نەۋائىي كۈللىياتىنىڭ نادىر نۇسخىلىرىدىن بىرى 1970-يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى خ. سۇلايمانوۋ نامىدىكى قول يازمىلار ئىنستىتوتىنىڭ قول يازمىلار فوندىغا قوبۇل قىلىندى. قول يازمىغا نەۋائىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى دېگۇدەك كىرگۈزۈلگەن. كۈللىيات XIX-ئەسىرگە خاس ئۇسلۇبتا قەشقەردە تۈزۈلگەن. كىتابنىڭ فورماتى 29 × 43. قولىيازما پۇختا نەستەلىق خەتتە، نېپىز ناۋات رەڭ خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن.

قولىيازما كۈللىياتىنىڭ ئىككى يېرىدە تارىخ بېرىلگەن. بۇنىڭ بىرىنچىسى كۈللىياتنىڭ 1322-بېتىدە: «رەقەم قىلغۇچى (يازغۇچى) بەندىئى زەئىپ، ئاجىز ئۈمىدلىك ئابدۇرېھىم مۇھەممەت پازىل قەشقەرى ئوغلى 1245-يىلىدا». ئىككىنچىسى 1346-بەتتە: «بۇ ئۇلۇغ، مۇبارەك نۇسخا تامام بولدى 1245-تارىختا. گۇناھكار بەندەئى زەئىپ قولىدا. پەيغەمبەرلەر رەھمىتى ھەققى، تەڭرى گۇناھىنى كەچۈرسۇن».

بۇ تېكىستتىن كېيىن كاتىپ تەرىپىدىن تۆۋەندىكى پارسچە بېيىت يېزىلغان.

تەرجىمىسى:

ھەركىم بۇ كىتابقا قارىسا،
دەپ خۇدايى كەرىمدىن ئۈمىدى بار.
ئابدۇرېھىم قەشقەرى خېتىدۇر.
كاتىپنىڭ سۆڭەكلىرى تۇپراقتا چىرىپ كېتەر،
ئابدۇرېھىمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسۇن،
قەغەز بىلەن خەت زامانلار بويى باقىي قالار.

يۇقىرىدىكى تارىختىن مەلۇمكى، نەۋائىي كۈللىياتى قول يازمىسى ھىجرىيە 1245-(مىلادى 1830) يىلى مۇھەممەت پازىل قەشقەرى ئوغلى ئابدۇرېھىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. دېمەك، كاتىپ ئابدۇرېھىم — شائىر نىزارىدۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارىدىن باشقا ئابدۇرېھىم ئىسىملىك يەنە بىر كاتىپنىڭ ئۆتكەنلىكى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان 2794-ئىنۋېنتار نومۇرلۇق «دىۋان نەۋائىي» دىن مەلۇم بولدى. قول يازمىنىڭ 147-بېتىگە: «كىتاب تەڭرى ياردىمى بىلەن رەجەپ ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدە، 959-يىلىدا تامام بولدى. كاتىپ بەندەئى بىچارە ئابدۇرېھىم، سەنە 959» دەپ يېزىلغان. دېمەك، كاتىپ ئابدۇرېھىم شائىر ئابدۇرېھىمدىن تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان بولۇپ، ئۇ نەۋائىنىڭ زامانداشىدۇر. كاتىپ ئابدۇرېھىممۇ نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن، لېكىن بىز نەزەردە تۇتقان نەۋائىي كۈللىياتىنىڭ قەشقەر نۇسخىسىنى ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى 1830-يىلى قەشقەردە كۆچۈرگەن. دېمەك، كاتىپ ئابدۇرېھىم بىلەن شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى باشقا-باشقا شەخس بولۇپ، بىرىنچىسى نەۋائىنىڭ زامانداشى، ئىككىنچىسى 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر.

بىز ئەلىشىر نەۋائى كۇللىياتىنىڭ قەشقەر نۇسخىسىنى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ لېنىنگرادتىكى كۇللىياتىنىڭ نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ، ھەر ئىككى نۇسخىنىڭ ئۇسلۇبى، ھەرپلەرنىڭ ئوخشاشلىقى، قول يازمىنىڭ بەزى بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ھەر ئىككى قول يازمىنىڭ كۆچۈرگۈچىسى ئابدۇرېھىم نىزارى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدۇق. نىزارى ئۆز كۇللىياتىنىڭ ۋاراقلىرىنىڭ چۆرىسىگە نەۋائى غەزەللىرىدىن ئۆرنەكلەرنى كۆچۈرگەن، بۇ غەزەللەرنىڭ نەۋائى كۇللىياتىدىمۇ مەۋجۇت بولغانلىقى بىزنىڭ قول يازما شۇناسلىق تەتقىقاتىمىزنى خېلى ئاسانلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، نىزارىنىڭ لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان كۇللىياتى بىلەن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى خ. سۇلايمانوۋ نامىدىكى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى كۇللىياتىنىڭ قەشقەر نۇسخىسىنى قول يازماشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرى بويىچە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، نىزارى كۇللىياتىنىڭ لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى نىزارىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتۇق.

نىزارىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ھازىرغىچە بىز كۆزدىن كەچۈرگەن مەنبەلەرنىڭ ھېچقايسىدا ئۇچرىمىغاندى. نەۋائى قول يازما كۇللىياتىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قەشقەر نۇسخىسىنىڭ 1322 ۋە 1346 ـ بەتلىرىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىدۇق. مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇرېھىم نىزارى مۇھەممەت پازىل قەشقىرىنىڭ پەرزەنتىدۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى نەۋائى كۇللىياتىنىڭ قەشقەر نۇسخىسىنى 1829 ـ 1830 ـ يىللاردا كۆچۈرگەن. بۇ ئىش شائىرغا كۇللىيات تۈزۈش ۋە كىتاب ئۈپلەشنى ئۆگىنىشنىڭ مەكتىپى بولغان. ئۆزىنىڭ كۇللىياتىنى بولسا 1841—1944 ـ يىللاردا تۈزگەن. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئابدۇرېھىم نىزارى نەۋائى كۇللىياتىنى كۆچۈرگەن ۋاقىتتا «بەندەئى زەئىپ، ئاجىز ئابدۇرېھىم» دەپ ئىمزا قويغان. بۇمۇ نىزارى دېگەنلىكتۇر.

نىزارىنىڭ خەتتاتلىق دەۋرى بۈيۈك ئۇستاز نەۋائىنىڭ مىراسلىرىنى تەكرار ـ تەكرار كۆچۈرۈش، ئۆزىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تالانتىنى ئۆستۈرۈش ۋە كامالەت چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈش دەۋرى بولدى. نەۋائىنىڭ بىباھا دۇردانىلىرى نىزارى ئۈچۈن تۈگىمەس ئىلھام مەنبەسى بولۇپ، ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ داغدام يولىغا باشلىدى.

## ئىزاھاتلار

① «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1957 ـ يىللىق 6 ـ سان.

② سىجىلات ــ قازىخانىدا ۋەسىقە، ھۆكۈمنامە قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى يېزىپ قويۇلىدىغان دەپتەر.

③ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى نىزارىنى بوياقچى ــ ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەپ مەلۇمات بەرگەن. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار نىزارى كۇللىياتىنىڭ 25 ـ ۋارىقىدىكى:

تىرىپ سۆزلى ئاندىن باشاقچى بولۇپ، ئۇلاپ سەفھەگە چۈن ياماقچى بولۇپ.

دېگەن مىسرالارغا ئاساسلىنىپ، نىزارىنى ياماقچى ـ موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇشى

مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. نىزارىنى بوياقچى ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەپ قارىغۇچىلارنىڭ نېمىگە ئاساسلانغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. لېكىن يۇقىرىدىكى شېئىرغا ئاساسلىنىپلا ئۇنى ياماقـ چى ـــ موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ قوشۇلالمايمىز. شائىر بۇ شېئىرىدا سۆز دۇردانىلىرىنى خۇددى باشاقچىنىڭ باشاق تەرگىنىدەك تەرگەنلىكىنى ۋە بۇ سۆزلەرنى خۇددى ياماقچىغا ئوخشاش سەھىپىلەرگە چۇشۇرگەنلىكىنى سۆز ئويۇنى ـــ بەدىئىي ئوخشىتىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن

④ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1957 ـ يىللىق 6 ـ سان.

⑤ نىزارى قول يازما كۇللىياتى، ئىنۋېنتارس ـــ 165 ـ نومۇرلۇق.

⑥ نىزارى كۇللىياتى لېنىنگىراد نۇسخىسى، 40B ـ ۋاراق.

⑦ نىزارى كۇللىياتى 42A ـ ۋاراق.

⑧ نىزارى كۇللىياتى، 42B ـ ۋاراق.

⑨ نىزارى كۇللىياتى، 34B ـ ۋاراق.

⑩ نىزارى كۇللىياتى، 43A ـ ۋاراق.

⑪ نىزارى كۇللىياتى، 34B ـ ۋاراق.

⑫ نىزارى كۇللىياتى، 43A ـ ۋاراق.

⑬ نىزارى كۇللىياتى، 33A ـ ۋاراق.

⑭ نىزارى كۇللىياتى، 43A ـ ۋاراق.

⑮ نىزارى كۇللىياتى، 41A ـ ۋاراق.

⑯ نىزارى كۇللىياتى، 40B ـ ۋاراق.

⑰ نىزارى كۇللىياتى، 41B ـ ۋاراق.

⑱ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى، «تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا»، ئەبۇ رەيھان بىيرۇنى نامىدىكى قوليازمىلار فوندى. 8666 ـ ئىنۋېنتار نومۇرلۇق كىتاب، 168A ـ ۋاراق.

⑲ نىزارى كۇللىياتى، 33A ـ ۋاراق.

⑳ نىزارى كۇللىياتى، 43A ـ ۋاراق.

㉑ نىزارى كۇللىياتى، 293B ـ ۋاراق.

㉒ نىزارى كۇللىياتى، 15B ـ ۋاراق.

㉓ شائىر بۇ ئەسىرىگە «بۇرۇن ئۆتكەن بىر ئادالەتلىك سۇلتاننىڭ ھېكايىسى. سۇلتانـ نىڭ مەرىپەتلىك ۋەسىيىتى بىلەن دۆلەت شۇڭقارى قويچى بالىسىنىڭ بېشىغا قونـۇپ، تەقدىر رىشتىسى ئۇنى ئىپپەتلىك بانۇغا باغلىغانلىقى. ئۇ پەرى سۈپەت بانۇ ئۆز نىگاھىنى ئىمتىھان باياۋىنىغا سېلىپ، مەقسەت مۇنارىسىدىن خەۋەر تاپقانلىقى» دەپ ماۋزۇ قويغان. بۇ ماۋزۇ بەك ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى «بانۇ» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۇق،

㉔ نىزارى كۇللىياتى، 30B ـ ۋاراق.

㉕ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلىرىنىڭ كاتالوگى، 41 ـ بەت.

㉖ نىزارى كۇللىياتى، 274B ـ ۋاراق.

㉗ «رابىيە ـ سەئىدىن»، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار فوندى. 10191 ـ ئىنۋېنتار نومۇرلۇق.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمەھەممەت جۇمە.

# خوجەندى ۋە ئۇنىڭ «لەتافەتنامە»سى توغرىسىدا

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

خوجەنىدى XIV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى، XV ئەسىرنىڭ ئالىدىنقى چارىكىدە ياشاپ ئىجاد قىلغان كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىدىن بىرى. تەخەللۇسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خوجەند شەھىرىدە تۇغۇلغانلىقى مەلۇم. خوجەندىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە ئائىت مەلۇماتلار ساقلانمىغان. «لەتافەتنامە» سەرلەۋھىلىك ئەسىرى ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىن ـ بىر مىراسىدۇر.

خوجەندىنىڭ «لەتافەتنامە» سى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (1411 ـ يىللىرى) خارەزمدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى سۇلتان مەھمۇدقا بېغىشلانغان. خوجەندى سۇلتان مەھمۇدنى مەدھىيىلەپ تۆۋەندىكى مىسرالار ئۈستىدە قەلەم يۈگرىتىدۇ:

«ئايا فەخرى سەلاتىن شاھى دەۋران،
زەمانە مەفخەرى مەھمۇد تارخان.
ئاجۇن فەخرى شەھەنشاھى زەمانە،
سىفاتۇ سەۋلەتىڭ تولدى جەھانە».

«لەتافەتنامە» كلاسسىك ئەدەبىياتتا نامە ژانىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى نادىر نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. خوجەندى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىگە نەزىرە سۈپىتىدە يازغان. بۇ ھەقتە ئۇ تۆۋەندىكىچە بېشارەت بېرىدۇ:

«مۇھەببەت جامىدىن ئىچسەڭ شەرابى،
‹مۇھەببەتنامە› غە ئايساڭ جەۋابى».
..................................
«خوجەندى سۆزلەرىن خارەزمى مىسكىن
ئىشىتسە يوللى دەپ قىلغايدى تەھسىن».

«لەتافەتنامە» مەسنەۋىي شەكلىدە، ئەرۇزنىڭ «ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف»

(مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇلۇن) ۋەزنىدە يېزىلغان. ئەسەر تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى 24 بېيىتى ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، 21 بېيىتى سۇلتان مەھمۇد خان مەدھىيىسى، ئاخىرقى 10 بېيىت ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدىن ئىبارەت. ئاساسىي ماۋزۇ 10 مەكتۇپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 222 بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ئەسەر 554 بېيىت بىلەن تاماملىنىدۇ.

«لەتافەتنامە» دە چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن كۈيلىنىپ، ۋىسال شادلىقى، ھىجران قايغۇسى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەسەر چوڭقۇر پىكىر، قايناق ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇ XV ئەسىر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە خاس بەدىئىي ئەنئەنىلەرگە ئىگە.

«لەتافەتنامە» كومپوزىتسىيون قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىكى، نامە ژانىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك بۆلەكلەرنىڭ ئاساسەن مەۋجۇتلىقى ۋە بۇخىل بۆلەكلەرنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغانلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسەر تەسۋىرىي كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەنمۇ دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ:

شەھى مەشرىق ئەلەم ئالەمغە ئۇردى،
سىپاھى زەڭگى قورقۇپ يۈز ياشۇردى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇمىسرالاردا شائىر تاڭ يورۇپ، شەرق قىزارغانلىقىدەك تەبىئەت ھادىسىسىنى «شەرقنىڭ شاھى كۆككە قىزىلبايراق تاقىدى، تۈن لەشكەرلىرى ئۇنىڭدىن قورقۇپ، يۈزىنى يوشۇردى» دېگەنگە ئوخشاش تەسۋىرىي ۋاستىلەر بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. يۇقىرىدىقى تەلقىن ئەسەرلەرنىڭ چوڭقۇر ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزگە تولۇق ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

خوجەندىنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ XIV ئەسىر مۇھىتىدا «تەپەككۇر دېڭىزىغا نىقابسىز ھالدا شۇڭغۇپ، ھېسابسىز ئۈنچە ـ مەرۋايىت سۈزۈپ» چىققتى. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «لەتافەتنامە» دىن ئىبارەت بۇ مەرۋايىتى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلىك ياراتقان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە يالتىراپ تۇرماقتا.



# قارا قوشۇنلۇق قوشىقى

رەتلىگۈچىدىن: لوپنۇر قوشاقلىرى ئىچىدە سۆز ـ ئىبارىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەم شەكلى ـ ۋەزنى، تۇراق، قاپىيە تۈزۈلۈشى، شۇنداقلا گرامماتىك قۇرۇلما جەھەتتە ئادەتتىكى قوشاقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم قوشاقلار بار. بۇ قوشاقلارنى لوپنۇرلۇقلار «قارا قوشۇنلۇق قوشىقى» دەپ ئاتايدۇ. ھازىرغىچە توپلانغان «قارا قوشۇنلۇق قوشىقى» تۆت خىل سۇتۇق (سۇتۇق ـ كۈي، ئاھاڭ مەنىسىدە) تا بولۇپ، بۇلاردا ئورتاق ئالاھىدىلىك بولغاندىن باشقا يەنە ھەربىر سۇتۇق قوشاقنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى، خۇسۇسىيىتى بار.

بىرىنچى خىل سۇتۇقتىكى قوشاق سەككىز كۇپلېت 107 مىسرا بولۇپ، كۇپلېتلىرىنىڭ مىسرا سانىمۇ ئوخشاش ئەمەس. مىسرالىرى سانى ئەڭ ئېزىمۇ باشقا ھەرقانداق قوشاقنىڭ مىسرا سانىدىن كۆپ. ئەڭ ئېزى سەككىز مىسرالىق، ئەڭكۆپى 19 مىسرالىق. پەقەت ئۈچ كۇپلېتلا 11 مىسرادىن تۈزۈلگەن. قالغان بەش كۇپلېتى ئوخشاشمايدىغان ساندىكى مىسرالار توپىدىن تۈزۈلگەن. بۇ قىسىمدىكى قوشاق قالغان ئۈچ قىسىمدىكى قوشاقتىن، بولۇپمۇ لوپنۇرنىڭ ئادەتتىكى قوشاقلىرىدىن مىسرا سانىنىڭ ھەم كۆپ، ھەم بىردەك ئەمەسلىكى، يەنە ھەم تۇراق ۋە قاپىيەلىنىشتە مۇقىم بىرلىكنىڭ يوقلۇقى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئىككىنچى خىل سۇتۇقتىكى قوشاق 19 كۇپلېت بولۇپ، مىسرا سانى ۋە قاپىيەلىنىش جەھەتتە لوپنۇرنىڭ ئادەتتىكى ئالتە مىسرالىق قوشاقلىرىغا ئوخشىسىمۇ، تۇراقتا بۆلۈنۈشتىكى، بوغۇملىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدىكى مۇقىمسىزلىقى بىلەن يەنە پەرقلىنىدۇ. ئاساسەن 7 بوغۇملۇق بولسىمۇ سەككىز، توققۇز بوغۇملۇق مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى خىل سۇتۇقتىكى قوشاق 16 كۇپلېت بولۇپ، بەش مىسرالىق. بۇ قوشاقمۇ ئالدىنقى ئىككى خىل سۇتۇقتىكى قوشاققا ئوخشاش ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئۆزىگە خاس بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇ خىل قوشاقنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىنىڭ بەشىنچى مىسراسى ئالدىنقى تۆت مىسرا بىلەن قاپىيىلىنىشتە ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز ھالدا شۇ كۇپلېتتىكى پىكىر ـ مەزمۇننىڭ قىسمەن خۇلاسىسى تەرىقىسىدە كېلىدۇ (تاسادىپىي قاپىيەلىنىپ قالىدىغان مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ).

تۆتىنچى خىل سۇتۇقتىكى قوشاق ئارىلاشما يەنى تۆت ۋە ئالتە مىسرالىق يەتتە، سەككىز بوغۇملۇق بولۇپ، ئارىلاپ بەش مىسرالىق، ئالتە مىسرالىق كۇپلېتلىرىمۇ بار. بۇ سۇتۇقتىكى

قوشاقلار ئالدىنقى سۇتۇقتىكى ھەم ئادەتتىكى لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ تەسىرىدە يېقىنقى زامانلاردا توقۇلغان.

«قارا قۇشۇنلۇق قوشىقى» نىڭ ئالدىنقى ئۈچ خىل سۇتۇقتىكىسى بىر ـ بىرىدىن ئالاھىدە خاسلىقى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى: (1) مەزمۇن يېقىدىن داستان خاراكتېرىدىگە ئىگە؛ (2) ئالدىنقى كۇپلېتىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى كېيىنكى كۇپلېتىنىڭ بىرىنچى مىسراسى بولۇپ تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق تەكرارلىق بىر يۈرۈش قوشاقتىكى ئومۇمىي مەزمۇننى ئىزچىل ئىپادىلەشتە، بىر كۇپلېت بىلەن يەنە بىر كۇپلىتنى بىر ـ بىرىگە باغلاشتا كىرىشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم رولى شۇكى، بۇ قوشاقلارنى يىغىپ رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇشتا كۆپ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. «قارا قۇشۇنلۇق قوشىقى» دىكى بۇ خۇسۇسىيەت باشقا خىلدىكى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا توقۇلغان يېڭى قوشاقلارغىمۇ تەسىر قىلىپ سىڭگەن.

«قارا قۇشۇنلۇق قوشىقى»نىڭ بىرىنچى ،ئىككىنچى خىل سۇتۇقتىكىسى لوپنۇردىكى ئۇرۇغ ـ قەبىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇنراق قوشاقلار بولۇپ، لوپنۇردىكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن رىۋايەتلەرگە تاقىلىدۇ. كۈي ـ سۇتۇق مىلودىيىسى جەھەتتىنمۇ خېلى قەدىمىيلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مەن تۆۋەندە كىتابخانلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنماقچى بولغان «قارا قۇشۇنلۇقلار» نىڭ تۆت خىل سۇتۇقتىكى قوشاقلىرىنى تولۇق دېگىلى بولمايدۇ. ھازىرچە قانچىلىك توپلىيالىغان بولسام شۇنچىلىكىنى رەتلەپ نەشرگە تەييارلىدىم.

**1**

مەن يامانىنى ئورساغۇ،①
نەدە دەيدۇ ئۇيتاغۇ.②
مۇندا كۆزگى تەۋىسەڭ③
ئۇيتاغاڭ ئايىلادۇ④،
ئۇ قارنى⑤ باغجاللارى
يۈزۈڭگە يايىلادۇ.
كۆزۈمدىن ياشىم تاشىپ،
ياشىم بويۇمغا ئاقىپ.
ئۇنىڭ بىلەن ئۆم يەتمەس،⑥
دۇلۇسخانغا⑦ چاپىپىپ.
ئەسكەرى ئۇ كۇشانىنى⑧.

ئەسكەرى ئۇ كۇشانىنى،
قىلغان ۋەدەسى قانى؟
خانىنى يارىشى بىلەن،

خانىنى سۇلتانلىرىدەك
چىقتىلا ئۇما قوشتاپ،⑨
قاناتىدا ئەگىتىپ.
تاس⑩ كۆيگەن تامۇس⑪ ئۇجان
تامۇس قولۇ⑫ يېڭىشىپ.⑬
سۇ پىرا ئاشى قاتتىق،
سايىدىن ئۆتۇسەن ئاتتىق،
بايدىن ئاڭلادىم قۇلاق.⑭
كىم بىلەن بولدى ساياق؟
يارنىڭ قەرەلى ئۇزاق.
قەرەلنى قويغاڭگا،
ئەندى ئىپسىنى يىغدى،
ئۇيقۇدا ياتقان يۈرەك،
بۇگۈن چۇشۇمگە كىردى.
ئۇ چۇلۇقۇ⑮ ئۇرۇغۇڭ

ياخشى كۆڭلۈمنى بىلدى.

ئۇ چۇلۇقۇ ئۇرۇغۇ،
خۇدايىمنى بۇيرۇغۇ.
يەلپۈنگەن قارا ساچى،
ئايغىر ئاتتى قۇيرۇغۇ.
قۇيۇلۇشادۇ(16) ساچى،
قوينۇدا چۆلمەك (17) ياشى.
ئاغى(18) سالامى بىلەن
بىزگە كەلىپتۇ خاتى.
ئۆلۈكلەر ئۇزاماغان،(19)
ئىگەم مۇنۇ دۇنياسى.
بىزگە ئەسقاتۇرمۇ،
بىئۇدانىڭ(20) قۇداسى.
ئاشقى يۈزگە يەتىپ،
ئاڭا يەتىشىپ ئاشى(21).
يىل چۆرۈلسە كېلەدۇ،
بەگلەرنىڭ ئاغاچاسى.
تال بويۇنۇ خىلىدا
ياراشىپ ئىپتاناسى.(22)

ئىپتاناسى ياراشىپ،
ئالۇر ئىدىم تالاشىپ.
مېنى ساڭا كۆڭلۈم تارتىپ،
كۆرمۇدۇم كۆزۈم غايىپ.
شۇنداق دېگەن سۆزۈلنۇ
ئاسايىش كۆڭلۈمگە ئالىپ.
ئۇچاققۇ باغچال قىلىپ(23)،
بارۇرمىز ناغرا چالىپ.
ئولتۇر كۆكسۈگنى يايىپ.

ئولتۇر كۆكسۈگنى يايىپ،
كەلگەنىكەن يۇرتۇغا،
پايلاماسمەن ھېرتۇغا.
ھەركىشى يەي تەمادا،
ۋەدەلەشكەن قۇشۇغا.
ھاۋانى تۇمانشتىپ
ئۇچۇپ كەتتى ھاۋادا.
يىگىت ئالما تاشلاغان،
بەلگۇسى قىز بالادا.
كۈندە قازانى قايناپ،
ئىلىكى(24) سۇپىرادا.

سۇپىرادا ئاشىن ئىپتەي،
ئاق ئۇندىن مولۇن(25) ئىپتەي.
سېنى كۆزۈڭ ماڭا ئويناپ.
مېنى كۆزۈم ساڭا ئويناپ.
سۇنساق قولىمىز يەتمەي،
ئەۋرىشىندەك ئىشلىپسەن.(26)
پۇتۇگنۇ چاققا سوزۇپ.
ھاكىم بەگ غۇژما(27) قىلسا،
خۇش، دەپ باشىگنى قويۇپ.
كەلگەنىكەن يۇرتۇغا،
توختىماي كەتتى يانىپ.
زېمىستان تالا يەردە
قالدىم قاراقىم(28) ئاقىپ.

زېمىستان تالا يەردە،
غېرىبجان تۇگۇ(29) يەردە.
كىشى كۆرمىگەن جاننى
سۇقۇپ قويدۇڭلار نەدە؟
كىشى كۆرمەگەن جاننى،
قاچان ئونۇتاي يارنى.
بۇنداق جاننى كۆرمۇدۇم،
ئايلانىپ ئالتە شەنى.
ئالتە شەگىچە بارغان،
تاھىر پادىشاگاڭنى.
شۇما جاننى ئاياماي،
ئىستەگەن زوھراخاننى.

مىنگەن ئاتلارى
ئۇخۇدا قالدى.

ئۇچكەن چايلارى
چوگۇندا قالدى.
كەيگەن تونلارى
ئاسقۇدا قالدى.
يېگەن ئاشلارى
تاغاردا قالدى.
يوتقان، تەكىسى
تەكچىدە قالدى.
خۇدادىن پەرمان
ئاغرىققا سالىپ
جەبرائىل كەلىپ
جانىڭنى ئالدى.
خوجا ئۇرۇغۇ
ئارماندا قالدى.

2

كۈن كۆرمەگەن كۈمۈشەك،①
ئۇچۇپ كەتتى زەۋىنگگە.
ئىچىمدەكى ئارمانىم
بىر سۆيمەدىم لەۋىڭگە.
ئۆلمۈسەك قاتىلارمىز،
ئەرزىم ئايتىپ بەگىڭگە.

ئەرزىم ئايتسام بەگىڭگە،
ئۆلتۈرۈپ قىلغايمۇ شىهىت.
ئويناقنا ناخشا ئايتىپ،
يارغا ئوقۇدۇم بىيىت.
باياباننى يارۇتۇپ،
ئۇچۇپ ئۆتكەن ئۇقار سىيىت.②

باياباننى يارۇتۇپ،
ئۇچۇپ ئۆتكەندۇ قونۇپ.
كەتمەسۇن كىشى تۇيۇپ
شۇ دۇشمەن كىيگەن تونۇ

شامال كەلسە پۇچۇلۇر،
زۇنۇممار③ ئەشمە قولۇ ④(ئەشمەقولۇ)

ئەشمە قولۇ قايرىلىپ،
گۈلى قالۇر سارغىيىپ.
مۇسۇلمانلار ساناڭلار
ئالتە يىل بولدى ئايرىلىپ،
بار دەردنى ئىچىمگە يۇتتۇم،
كۆيۈپ تۇرادۇ باغرىم.

كۆيۈپ كېتەدۇ باغرىم،
تا قىيامەت ئۆلگىچە.
ساقالىمغا ئاق چالدى،⑤
بەد گۇپانى⑥ كۆرگىچە.
ساقايمايدۇ ئاغرىقىم،
گۈل مەڭزىڭنى سۆيگىچە.

گۈل مەڭزىڭنى سۆيگۈچە،
يۈرەكىم بولدۇ كاۋاپ.
يانىڭغا بارالمادىم،
ئارادا جەمە ⑦ تاراپ.
بەد گۇپاما يار ئىكەن،
بىر قۇشامەت⑧ سۆزىن ئاياپ.

بىر قۇشامەت سۆز قىلساڭ،
ئاسمانغا ئۇچايلۇغۇم.
ئوتۇمدا تۇتقان ⑨ بوس ⑩قارىچۇغا،
يامان توغۇرغا ⑪ قونمۇغۇن.
ئۆزۈڭ بىلەن كېڭەشىپ،
ئەزگۈلەرگە ⑫ تويلۇغۇن⑬.

ياخشي كىشىگە تويلا،
هەركىمنى شۇندا مەككىسى⑭.
مەن كۆيدۇم قارىچۇغاڭغا،
هالىمنى بىلگىن ئىنەسى⑮.

ئۆلۈپ كەتسەم بوي بولۇپ، [16]
بولماس ئۇنىڭ ئۇندەسى. [17]

* *

چىرايىڭ ئالتۇن شىشە،
كۆندە يارۇر شام چىراي.
شام بولۇپ كۆيدى يۈرەك،
ئوتلارىڭغا پايلاماي.
ئىچىم تولدى دەرد بىلەن،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي.

قانداق قىلاي ئەمدى مەن،
قۇرغۇيۇم قاشى قارا.
نوقسەلەردىن [18] نوقسەسەن،
قۇرغۇيۇم، ئالەمئارا.
قۇيۇلۇر ئۇقار قاشى،
بولماغىل يۈزى قارا.

قۇيۇلۇپ ئۇقار قاشى،
ئۇيان - بۇيان سىرىلادۇ.
سەن ئۆزەڭ ئالتى باسار، [19]
يۇرت ئازىرى [20] بىلەدۇ.
گۈلىستان گۈل ئەرۋىسى [21]
چۈشكە كىرەدۇ.

چۈشۈمگە كىرگەن ئەرۋە،
ئوكۇمدا يوق ئۇ زادى.
جانىمغا قەست قىلغالى،
يەنە كەپتۇ جۇنۇ [22] غازى
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
بۇنى سوراماس قازى.

بۇنى قازى سوراماس،
سەمەر [23] كىشىدىن سوراي.
ئالدىڭدا مەن ناماقۇل،
ئىشلارىڭغا ھۆددە تۇراي.
كەتسەم سىينى ئۇنۇتۇپ،
يۈزى قارا مەن بولاي.

يۈزى قارا مەن بولاي،
قارىپتىمەن، ئەللەر كۈلەر.
ئالەم خەلقى سەپەر قىلسا،
بىر كىچە قونۇپ ئۆتەر. [24]
يىگىتلەرگە ئالما تاشلاپ،
كاككۇكتەك كۈلەر.

* *

ھىيلى چىللادى خورازىم،
مىنى چىقمادى ئاتىم.
يارىڭ ئۆزىگە يەتتىمەكىن
يولدىن ئەۋەتكەن خاتىم.
ئارامىنى ئالمايدىمەن، [25]
كەتسەما باشىم.

ئارامىنى ئالاي دىسەم،
باغلاۋالدى ئۆزىگە.
قاراپ جانىم كۆيەدۇ،
يالجىراغان [26] كۆزىگە.
كىچىككىنە تۇرۇمتاي
تۇرمايدىكەن سۆزىگە.

پۈتمەيدىمەن سۆزىگە،
ماڭا دىگەنى يالغان.
بىز ئولتۇرغان ئۆيلەردىن،
چەندانلار يىغلاپ يانغان.
چۆلۈمدىن [27] بىرىپتۇ بىلەك، [28]
ھەممىدىن قالغان.

چۆلۈمدىن بىرىپتۇ بىلەك،
مەندىن ئالغالى ئۇنەك. [29]

هەي، هاۋا، تۇرۇمتايىم،
ماڭا بولساڭچۇ يۆلەك.
بۇ زىندانى ئىچىدە
ئۆلۈپ كەتمەسۈن كىمەك.

بۇ زىندانى ئىچىدە
ئۆتەي سۇقسۇردەك غاقتاپ.
قارالىقىم ⑳ تۇرۇمتاي،
گۈل سىنىڭنى ㉛ ماختاپ.
ئىپىسىمدىن كەتمەس مېنىڭ،
يۈرگەنىم بىللە ئوينىاپ.

3

مۇس ① ئاستىدا كۈن پاتىپ،
دۇنيەمگە كەلدىم ئۇخلاماي،
ئىچىمدەكى ئارمانىم
ماختاي ئاتىڭنى توختاماي.
يار، كۆزۈڭ خۇمار ئىدى.

يار، كۆزۈڭ خۇمار ئىدى،
بوينۇڭداقى تۇمار ئىدى.
بۇلتۇرقى ئابدالداقى
زەپ قىيامەت دۇنيا ئىدى.②
چىرايىڭ بۆلەك يوسۇن

چىرايىڭ بۆلەك يوسۇن،
سەندەك بولامدۇ جاھان.
دۆڭگە چىقىپ قىچقاراي،
گەپىمنى ئىلىك ئالساڭ.
بەگىڭ خىلىمغا قاتقاي.

بەگلەر قاتقاي خىلىمغا،
دۆڭلەر سۇ بولغاي يىغىمغا.
نامغا ③ باسقان ئىزىڭلار،
ئاغاچىلاردەك سىنىڭلار④.
مىس تاخىسىدا چىنىڭلار.⑤

مىس تاخسا، چىنىڭ بىلەن،
كەلدىم يانىپ ياشىم بىلەن.
مېنىما ئۆلدى دەرلەر،
ئۆمۈر سۈرەي يارىم بىلەن،
جان تىلەي بەختىم بىلەن.
بەختىمنى ياشىنتىپ⑥
قويدى پايىسىز ⑦ ئىجلىمگە.⑧
ئىت ئالامغا ئۇس ⑨ تاقاپ،
قاچان ئۆتەر سەيلىگە.
قويمادى ئۆز مەيلىگە.

قويمادى ئۆز مەيلىگە،
ئۇما كەتتى بىزدىن تويۇپ،
خەنجەرگە سانچىلالى،
بىزما زوھراخانىدەك بولۇپ.
تالچىلار ⑩ سوقسۇر ⑪ بويۇن.

تالچىلار سوقسۇر بويۇن،
بىرگە توختاتقىن كۆڭلۈڭنى.
پاختا باشتەك بۇرۇماي،
تارارا ⑫ توقۇ بوزۇڭنى.
مەن بىلدىم چىن كۆڭلۈڭنى.

مەن بىلدىم چىن كۆڭلۈڭنى،
كىلىۋىدىم سېنى بىقىپ.⑬
قولۇڭنى زايا قىلماي
ماڭغىن ئاياغىڭ قىقىپ.
ناي ⑭ پاختا قارا ساچىڭ.

ناي پاختا قارا ساچىڭ،
ئاش يىيىشىڭلار مىس تاختا.
ۋەدەلەشتۇق قىشلاقتا،
ئايرىلىشتۇق ئۇشماقتا،⑮
ئۇشماقتا چىقما يارىم.

ئۇشماققا چىقما يارىم،
سەن ئانداق دېمەگىن تاھىر.
بىر بارىپ قاتىــلارغا
جان تەندە قالمادى بىغىر.
قۇش بىلەن بىلەك ئېغىر.

قۇش بىلەن بىلەك ئېغىر،
ماڭسام يېتەلمەيمەن ئۇچۇپ.
يولۇمنى بىلەلمەيــمەن،
مەن بارغان ھاسا تۇتۇپ.
قىيما قاش باينىڭ ئۇجۇتى⑯

قىيما قاش باينىڭ ئۇجۇتى،
ماڭىپ كەلگەندىڭلار بولەك.
ئارغا ⑰ بولغۇنۇڭلار قانى،
خىيال قىلغىن يەڭگەم تولەت.
ئالماي دۇشمەندىن ئۇنەك.

دۇشمەندىن ئۇنەك ئالىپ،
بارىۋدىم خانىم بىلەن.
بولتۇر تامۇستىن ⑱ بىرى
كۆرۈشمەدىم يارىم بىلەن.
گۈل بويى تالىم بىلەن.

گۈل بويى تالنى بىرى
ئابدۇللا باينى قىزى.
بۇلتۇرقۇ ئۆتكەن ئۇقار —
تۇل خاتۇن بايــنى خىلى.
ناماگە ⑲ باسقان ئىزى.

ناماگە باسـقان ئىزى،
ئۇما مەندىگدەك بولـماسۇن.
قۇشۇغا كۆز ئويناسۇن،
ئۇستام يىغىدا ⑳ قولداسۇن،
جىگدىگە، چىگىگە جۇۋالماسۇن.㉑

4

(ئارىلاشما قوشاقلار)

(1)

مەن نېمەنى جانۇقۇ،①
گۇناھكار قىلغان يازۇقۇ.②
ئىككى كىشەلىك كىمەگە
جىقتاپ تاياغان ③ ئازۇقۇ.④

جىقتادىم كىمەگە تاياپ،
ئولتۇراي ئىزىمغا قاراپ.
ئالتۇن دەستە گۈل ياساغان،
ئانداقى خانلارغا ياراپ.

توسۇۋدىم يولۇڭنى،
غەزەل قوشقان ئۇنىڭ ئاڭلاپ،
ئارامغا⑤ قويدۇم خۇدانى،
بىر تەرەپكە يۈردى ماراپ.

ئارامغا قويدۇم خۇدانى،
جەمەسى ⑥ يىتسۇن شۇلارنى.
چىگەگىم بۇيۇكغا زايا،
كىيەرسەن تورقا پىلانى.⑦

يېتىم - يەسىر بولسا كىرىپ،
كەلسە خەيرىيات خۇدانى.
تاۋاناقتىكى ⑧ جايىرغا ⑨
ئاتاك سالغان تۇرانى.⑩

ئەللەر بارىپ گەپ قىلىدى،
بەگلەر يازغان خاتىغا.
بىزنى كۆرگەن كۆزۈمىزنى،
ئىنىم قاتقاي ناخشىغا.

كۆندە قاراسىنى تۇتۇپ،
ئايدا تارىماي باشنى.

قارا قوشۇن كېتەر چاغدا،
ئىلغاۋىدىم ياخشىنى.

قارا قوشۇن كېتەر چاغدا،
ئوت يالجىرايدۇ باغرىدا.
ماگا پايلاماسا ئىچىك،
ياقىن ئولتۇر يانىمدا.
سۆزلەگەن سۆزۈك چالىشىپ، ⑪
ئۆزۈك كۆرۈنمەيسەن تامدا.

تامنى ئىچىدە سۆزلەرسەن،
تارقۇز ⑫ ئىغىگنى ⑬ كۆزلەرسەن
مەندىن بۆلەك يار تۇتساك،
ئىلان ئوخشاش يۆرگۈلەرسەن.

زوھراخانىم پېچاق ئالىپ
كىرگەندەكەن تاھىرغا.
مەنما پايلامايمەن ساگا،
ياقىن ئولتۇر يانىمدا.
ئايرىلۇرغا چىدامايمەن،
ئىندەشەدىمەن سالىمدا. ⑭

(2)

مېنىڭ بىر يارىم بار قۇرغۇي بالاسى،
بىلسەگلار ئىچىمدە كۆيۈك ياراسى.
كۆيدۈرۈپ سالغالى مەنى ئازابقا،
ئالەمگە تۇغۇپتۇ ئۇنى ئاناسى،

تۇغۇپتۇ ئالەمگە ئۇنى ئاناسى.
پەرىشتە ئوخشايدۇ پۇشتى ـ پاناسى.
ئىچىمگە دەرد سالىپ ئەجەپ تاۋايدۇ ①
«قارالىق» ② دەپ مەنى ئۇنىڭ داداسى

«قارالىق» دەپ مەنى شۇنچە تاۋالاپ،
يارىمۇ كېتىپتۇ مەندىن يامانلاپ،
سىنىگنى دام قىلىپ «قالۇچى» ③ قىزى
كەپتەردەك يۆرمەگەن ھەر يەردە دانلاپ

(3)

ماگا ئەجەپ دەرد بولدۇ،
سەن يولۇگدىن يانماساك.
ئىككى باردىم ئىشىكىگگە،
ئۇيقۇدىن ئويغانماساك.
ياش باللانى ئىچىدە،
«قارا» ① دەپ ياراتماساك.

«قارا» دەۋەي ياراتماي،
كاملىقىم بار نەرىمىدە.
ساگا بارمۇ مەندەكى،
بۇ ئەۋەيلە ② شەرىدگدە.
تۇيۇق ③ قىلماي ئويناپلى،
ئىزىلىك قالماس كەينىگدە.

يىگىرمەدىن كام ئەمەس،
ھېساب قىلسام ياشىگنى.
ساگا ئالا بولۇر دەپ،
چۇشۇرمەدىم باشىمنى. ④
ئوتۇگدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈك بەرگىن ئاشىمنى ⑤

ئەندى قالدىم بالاغا،
قاۋۇن تارىپ سازلىقا.
چايىنى توشۇتقالى،
مېنى ئالسۇن ئايلىقا.
ئاق شايى كۆينەكىنى
كىيىپ چىقار يازلىقا.

ئىشىكىگە مەن بارسام
چىراي ئاچماي كىشىگە.

مېنى ئۇناپ ⑥ ياتۇرمۇ،
كېچە ئۇخلاپ چۈشىدە.
دەرد، سىر-ىمنى ئۇخمايدۇ،
ھەركىم دەردى ئىچىدە.

ئۆزىگە رىسقى بولسۇن،
مىنىۋالغان ئارغىماق.
تورغاي خانىنىڭ خىيالى
مەندىن كۆكۈل ئايرىماق.
ماڭا ھەجەپ تەس بولدى،
گۈل شاخىنى قايرىماق.

كەلسەم ئۈيى قاراڭغۇ،
يېقىلماپتۇ چىراغى.
«قارالىق» قا ئاش ئېتىپ
تۈگەپ قالغانمۇ ياغى.
بەدگۇيا چارالىقنىڭ ⑦
ماڭا سالغان قىيناغى.

كىمگە ساقلاپ قويغاندۇ،
تۇرادۇ بالىق ياغى.
ئالماي ئۆسۈپ كېتىپتۇ،
پۈت - قولىنىڭ تىرناغى. ⑧
ئۆتۈپ كەتتى ھەسرەتتە،
ياشلىقىمنىڭ گۈل چاغى.

مەللەسىدە بىر كىشى
ئارقامدىن تولا مارار.
مۇنار سالدى ئىشىكىگە،
باشىغا ⑨ چىقىپ قارار.
سايەسىدە ئولتۇرۇپ،
قىردىق غۇلاچىنى ⑩ تارا.

سەن «قارالىق» دەيدۇلا،
قارالىقىم گۇنامۇ؟
سەن بەدگۇيا يارنى دەپ
يۇرتتىن تانسام بولامۇ؟
ئۆسكەنىمدىن تارىمدا
تانالمايدۇ خۇدامۇ!

## ئىزاھلار

### 1

① ئورساق — بالا، پەرزەنت. ② ئوتاق — ئوتاق، مەھەللە، كەنت. ③، ④ بۇ ئىككى مىسرانىڭ مەنىسى: بۇ بەردە كۈزگىچە ھەردىكەت قىلساڭ، ئوقەت قىلساڭ ئۆيۈڭ كۆكلەيدۇ، روناق تېپىپ قالىسەن، دېگەنلىك. ⑤ ئۇقار — بىر خىل قۇشنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بېشىدىكى تاج پەيلىرى ھەم ئۇزۇن، ھەم رەڭدار بولۇپ، ئەتىۋارلىق. بۇرۇن ئۇنىڭ تاج پەيلىرىنى پادىشاھ ۋە شاھزادە، مەلىكە زادىلەر تاجىغا قىستۇرىدىكەن. ⑥ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: ئۆمرۈمنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ، دېگەنلىك. ⑦ دۇلۇس — ئادەم ئىسمى. ⑧ كۇشان — كۇچارنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى. ⑨ قۇشتاپ — قۇش كۆتۈرۈپ. ⑩ تاس — تاز، ⑪ تامۇس — تومۇز. ⑫ قۇلۇ — ئادەم ئىسمى. ⑬ يېڭاشىپ — يېڭىلىپ، مەغلۇپ بولۇپ. ⑭ قۇلاق — خەۋەر. ⑮ چۇلۇق — ئادەم ئىسمى. (مىلادى 619 - يىلدىن 620 - يىلغىچە قاغان بولغان غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى چۇلۇق بولۇشى مۇمكىن) ⑯ قويۇلۇشادۇ - تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، يېيىلىپ، يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. ⑰ چۆلمەك — تۈگۈنچەك. بۇ يەردە كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياش كۆكسىگە ئېقىپ چۈشۈپ كۆلچەك ھاسىل بولدى، دەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن. ⑱ ئاغى — تەسەللىي. ⑲ بۇ مىسرا-

نىڭ مەنىسى: ئۆلۈم - يېتىمنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بىر ئۆلۈك - جەسەتنى يەرلىككە قويۇپ بولغىچە يەنە بىرلىرىنىڭ ئۆلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، بىرەر ئېغىز ئاپەت ياكى ئۇرۇشتىن بىشارەت بېرىدۇ. ⑳ بىشۇدا — ئادەم ئىسمى. ㉑ ئاشى — تاشەم يەنى كۆكۈل، ئەقىدە. ㉒ ئىپتا-ناسى — چاچباغ، چاچ بېزەكلىرى. ㉓ ئۈچاققۇ باغچال قىلىپ — گۈلخانلارنى لاۋۇلدىتىپ. ㉔ ئىلىكى — بەرىكىتى. ㉕ مۇلۇن — مولۇن. مانتىغا ئوخشاش تۈگۈپ ئېتىمدىغان تاماقلارنى مولۇن-نىڭ پۇتىغا ئوخشىتىپ مولۇن پۇت، دەيدۇ، ㉖ ئىشلىپسەن — تولغىنىپسەن. ㉗ غۇژما — هەيۋە، پوپاڭ. ㉘ قاراق — قارىچۇق، (كۆز قارىچۇقى). ㉙ تۈگۈ — بۇلۇڭ.

## 2

① كۈن كۆرمەگەن كۈمۈشەك—(ئوخشىتىش) ئالتۇندەك، ساندۇقتا ساقلىنىدىغان ئۈنچە - مەر-ۋايىتتەك ئەتىۋارلىق، دېگەن مەنىدە. ② سېيىت — سەيد. ئوۋنىشانى، ئوۋ غەنىيمىتى. ③ زۇنۇممار—؟ ④ ئەشمە — نازۇك، يۇمران؛ ⑤ ئاق چالدى — ئاق كىردى، ئاق ئارىسلىدى. ⑥ بەدگۇپا — بىۋاپا، ۋاپاسىز. ⑦ جەمە — سۆز - چۆچەك. ⑧ خوشامەت سۆز — ياخشى سۆز، كۆڭۈل ياسايدى-غان سۆز. ⑨ ئوتتۇمدا تۇتقان — ئىشقىم ئوتىغا بەنت قىلغان. ⑩ بوس — بوز. ⑪ توغۇر — توغ-راق. ⑫ ئەزگۈلار — ياخشىلار. ⑬ تويلۇغۇن — تويلاشقىن، توي قىلغىن. ⑭ مەككىسى — تە-لەيى، بەختى. ⑮ ئىنە — ئانا. ⑯ بوي — بويتاق ⑰ ئۈندە — ئەيىپ، گۇناھ. ⑱ — نوقسە — ياخشى. ⑲ ئالتى باسار — شاخ سانىغۇچ، يۈزسىز. ⑳ يۇرت ئازدىرى — يۇرت ئاممىسى، يۇرت جامائىتى. ㉑ ئەرۋە — غۇنچە، ㉒ جۇنۇ — ئادەم ئىسمى. ㉓ سەمەر — ئادىل، خالىس. ㉔ بۇ مىسرا-نىڭ مەنىسى: كۆرگەنىڭلا يار قىلىدۇ، ياندۇرمايدۇ، دېگەنلىك. ㉕ بۇ مىسرا: ئاردىكى مۇناسى-ۋەتنى، رىشتىنى ئۈزمەيمەن، دېگەن مەنىدە. ㉖ يالجىرىغان - يالجىغان، لاۋۇلدىغان. ㉗ چۇلۇ — ئادەم ئىسمى. ㉘ بىلەك — خالتا. ㉙ ئۈنەك — ئۆچ، ئىنتىقام، غوم. ㉚ قارالىقىم — قارا قوشۇنلۇ-قۇم دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى. ㉛ سىن — چىراي، تۇرق، قىياپەت، قامەت.

① موس — مۇز. ② بۇلتۇرقى ئابدالداقى زەپ قىيامەت دۇنيا ئىدى — مەنىسى: لوپنۇر-لۇقلار ئارىسىدىكى ئاساسلىق ئۇرۇق — قەبىلىنىڭ بىرى بولغان «قارا قوشۇنلۇقلار» توغرىسىدىكى راۋايەتلەردە ئابدال خانلىقى تىلغا كۆپ ئېلىنىدۇ. شۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە بىر زامانلاردا ئابدال خانلىقىدا ئۇزۇلمەي يۈز بەرگەن يېغىلىقلار (ئۇرۇش - جېدەللەر) هەم قۇم، بو-ران - قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، ياۋا چېچەك ئاپىتى سەۋەبىدىن ئاۋات، گۈللەنگەن ئابدال خانلىقى خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەن. ئادەملىرى ئىلاجىسىز هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن هەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىشكەن. ئەينى دەۋردە ئابدال خانى تەرىپىدىن مەجبۇرىي هالدا خوتۇنلۇققا ئېلىنغان خالۇت ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن بىر تۈركۈم قوشۇن ۋە پۇقرانى باشلاپ (بۇ چاغدا ئابدال خانى ۋاپات بولۇپ كەتكەنىكەن) شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، لوپنۇر-نىڭ سۇلۇق جايلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقان (يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر چەرچەن ۋە نىيە تەرەپ-لەرگە كېتىشىدىكەن) يۇقىرىقى قوشاق ئابداللىقلار لوپنۇرغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ كېيىنكى يىلى

توقۇلغان، «بۇلتۇرقى ئابدالدىكى زەپ قىيامەت دۇنيا ئىدى» دېگىنىدە ئابدال خانلىقىدا يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك تىنىمسىز ئۇرۇشلار، قۇرغاقچىلىق ۋە ئېغىر ياۋا چېچەك ئاپەتلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ③ ئاما — ئەم يەر. ④ سىن — چىراي، تۇرق، قىياپەت. چىنىگلار — چىنەگلەر. ⑥ يانشىتىپ — تەتۈر قىلىپ. ⑦ پايىسىز — ۋاقىتسىز. ⑧ ئىجلىم — ئەجلىم. ⑨ ئۆس — ئۆز. ⑩ تالجى — بىر تۈرلۈك قۇش. ⑪ سۇقسۇر — بويىنى ئۇزۇن، ئۆردەك تىپىدىكى بىر خىل قۇش ⑫ تارارا — تۈز، سىلىق. ⑬ بېقىپ — ئىزدەپ. ⑭ ناي پاختا — ئېتىلغان پاختا. ⑮ ئۇشماق — دۈيىلغا يېقىن مەنىدە. ⑯ ئۇجۇتى — ۋۇجۇدى، تېنى. بۇ يەردە پۇشتى مەنىسىدە. ⑰ ئارغا — سىرداش، ھەمراھ. ⑱ تاموس — تومۇز. ⑲ نامەگە — ئەم يەرگە. ⑳ يىغىدا — يىغىلىقتا. مالىمانچىلىقتا. ㉑ جۇۋالماسۇن — موھتاج بولمىسۇن.

4

(1)

① جانۇق — ئاچچىقلاش، ئەيىپلەش. ② يازۇغۇ — يېزىق. بۇ يەردە «يازما پەرمانى» دېگەن مەنىدە. ③ تاياغان — قاچىلىغان، باسقان. ④ ئازۇق — ئوزۇق. ⑤ ئارام — ئارىچى، ۋاسىتىچى، ئەلچى. ⑥ جەمە — گەپ - چۆچەك. ⑦ پىلا — پىلە. تور قاپىلا: كەندىرنىڭ ياخشىسى بولۇپ، تالاسى پىلە - يىپەكتەك يۇمشاق، چىدامىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ تالالىرىدىن بېلىق تۇتىدىغان تور توقۇلىدۇ. ⑧ تاۋانلىق — جاي ئىسمى. ⑨ جايىر — دۆك، دۆمبەل. ⑩ تۇرا — مۇنار، پوتەي. لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە تۇر، دەپ ئاتايدۇ. ⑪ چالىشىپ — ئاگىلىنىپ. ⑫ تارقۇز — لەقەم. ⑬ ئىغىلىك — ؟. ⑭ سالىم - ۋاقتىم، قەرەلىم.


(2)

① تاۋاش — قاغاش، تىللاش؛ يەكلەش. ② «قارالىق» — «قارا قوشۇنلۇق» نىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى. ③ «ئالۇچى» لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدىكى جەمەت — ئۇرۇقنىڭ نامى.

(3)

ئىزاھ: ① قارا — «قارا قوشۇنلۇق» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى. ② ئەۋەيلە — جاي ئىسمى. ③ تۈيۈق — تۈيۈلۈش، سېزىلىش، بىلىنىپ قېلىش؛ تۈيۈق قىلماي — تۈيدۈرماي. ④ ساڭا ئالا بولۇر دەپ چۆشۈرمەدىم باشىمنى — بېشىمدىكى چاقا (تاز) يارىغا قارىتىلغان كىنايە. ⑤ ئاشىمنى — نەزىرىمنى، دېگەن مەنىدە. ⑥ ئۇناپ — ئويلاپ، ياد ئېتىپ، ئەسلەپ، ⑦ چارا — جاي ئىسمى. ⑧ ئالماي ئۆسۈپ كېتىپتۇ پۇت — قولىنىڭ ناغى — بىرنى تاشلاپ، ئىرىيەنە بىرىنىڭ يولىغا تەلمۈرىدىغان، ھەتتا ھېچنېمىگە قولى بارماس بولۇپ قالىدىغان سەۋدايىلىقتا قارىتىلغان كىنايە. ⑨ باشىغا — ئۈستىگە، تۆپىسىگە. ⑩ قىرىقغۇلاچىنى — چېچىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش.

**تۇپلاپ رەتلىگۈچى: مۆيدىن سايىت**




(چۆچەك)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بۇ بوۋاي بىر دەم تىنىم تاپمايدىكەن. ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قوي، كالا، يىلقا - قۇلۇنلىرى ھېسابسىز ئىكەن.

بىر يىلى قىشتا ناھايىتى قاتتىق جۇت بولۇپ، مال - چارۋا يىگۈدەك ھېچ نەرسە قالماپتۇ. شۇڭا يىلقىچىلار يىلقىلارنى يىراق قىشلاقلارغا ھەيدەپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىلقىلارنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى يېتىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ دېرىكى بولماپتۇ. بوۋاي يىلقىچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ، يىلقىلىرىنىڭ دېرىكىنى ئېلىشقا، ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلىغا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا سېپتۇ. يىگىت ھەمراھلىرى بىلەن يىلقىلارنى خېلى ئۇزاق ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول يېنىشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. بىر چاغدا يىگىت ئېگىز بىر تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردە ئوت - چۆپلەر شۇنچىلىك كۆپ ۋە قويۇق ئۆسكەنىكەن. قارىسا ئوتلاقتا سېمىزلىكتىن دومبىسىدە توخۇم توختىغۇدەك سانسىز يىلقىلار قۇلۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگۈدەك، دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا بىر بۆرە پەيدا بولۇپ قاپتۇ - دە، چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە بىرلا سەكرەپ، بىر قۇلۇننى چىشلەپ ئېلىپ قېچىپتۇ. بوۋاينىڭ ئوغلى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. بىر چاغدا بۆرىگە يېتىشىپتۇ ۋە ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ، تايىقىنى كۆتۈرگەنىكەن، بۆرە يىگىتكە قاراپ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش:

— مېنى ئۇرما!... — دەپ ۋارقىراپتۇ.

يىگىت كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۆرە بولسا ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىتنىڭ دوستى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— بۆرىنى نېمىشقا ئۇرۇپ يىقىتمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش زۇۋانغا كېلىپ، ئۆزىنى ئۇرماسلىقىمنى ئېيتىپ يالۋۇردى، — دەپتۇ يىگىت.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەن، بۆرىنىڭ ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىگىنىنى كىم ئاڭلاپتىكەن؟ — دەپتۇ دوستى.

ئۇلار يەنە بۆرىنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئاتلىرى ھېرىپتۇ. دوستى خېلى ئارقىدا قېلىپ يەنە ئاقساقالنىڭ ئوغلى بۆرىگە يېتىشىپتۇ. يىگىت بۆرىنى ئۇراي دەپ تايىقىنى كۆتۈرۈپتىكەن، بۆرە يەنە:

— مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش نىيىتىڭدىن يانغىن. مەن ساڭا چىرايلىق، ساھىپجامال كىچىك سىڭلىمنى بېرەي. بۇ دۇنيادا سېنى بارلىق مۇراد ـ مەقسەتلىرىڭگە يەتكۈزەي! — دەپ يېلىنىپتۇ.

يىگىت يەنە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بۆرە كېتىپ قاپتۇ. دوستى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

—سەن نېمىشقا بۇنداق قاملاشمىغان سۆزلەرنى قىلىسەن؟ ئەگەر سېنىڭ بۆرىنى ئۆلتۈرگۈڭ كەلمىسە، ئاتتىن چۈش، مەن بۇ ئاتنى مىنىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ تېرىسىنى شىلىۋېلەي، — دەپ كايىشقا باشلاپتۇ.

— مەيلى بۇ قېتىم بۆرىنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن...، — دەپتۇ يىگىت.

ئۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن يەنە قوغلاپ مېڭىپتۇ. قوغلاپ ـ قوغلاپ بىر چاغدا ئۇنىڭغا يېتىشىپتۇ. بۆرە كەينىگە قاراپتۇ ۋە:

— ئەي ئادەمزات، كەينىمدىن قورقماي ماڭ. مەن ساڭا چىرايلىق، ئەقىللىق سىڭلىمنى بېرىمەن، مەن ئۆلگىچە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت دوستى يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆيگە قايتىپ كەتكىن، مەن بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرۈپ تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزۈمنى ئاتماقچىمەن. ئاتام ھەرگىز ئاۋارە بولمىسۇن. مەن چوقۇم قايتىپ بارىمەن، — دەپ ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىتنىڭ دوستى:

— ھەي دوستۇم، سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ ئىنسان بالىسىنىڭ بۆرىدىن خوتۇن ئالغانلىقىنى نەدە كۆرۈۋېدىڭ؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ.

مەن بۇ ئىشتا پېشانەمگە يېزىلغىنىنى كۆرمەكچىمەن. ئاتامغا مېنى تۇپتۇغرا بىر ئايدا كېلىدۇ، دەپ ئېيتىپ قويارسەن، — دەپتۇ يىگىت.

شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ دوستى كەينىگە يېنىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

يىگىت بۆرىگە ئەگىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغۇ ـ تاشلاردىن ئېشىپتۇ، دەريالارنى كېچىپتۇ. ئاخىرى بىر يەرگە كەلگەندە بۆرە بىر دۆڭنى ئايلىنىپ ئۆتۈپتۇ ـ دە، يوغان بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆڭكۈردىن بىر سېرىق چىشى بۆرە چىقىپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى بىلەن ئەگەشتۈرۈپ، ئۆڭكۈرگە باشلاپ كىرىپتۇ.

يىگىت بىرىنچى ئىندا بۆرە بالىلىرىنى ئۇچرىتىپتۇ. بۆرە بالىلىرى يىگىتنى كۆرۈپ، خىرىس قىلىپ ئېتىلغانىكەن، سېرىق بۆرە ئۇلارغا قاراپ خىقىراپ بىر نېمە دەپتۇ. بۆرە كۈچۈكلىرى دەرھال جىمىپ، ئۆز ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. ئىككىنچى ئىندا كۆك يايلىلىق قېرى بىر ئەركەك بۆرە بىلەن كۈل رەڭ قېرى چىشى بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، يىگىتنى توسۇپتۇ.

— بۇ سىلەرنىڭ قىزىڭلارنىڭ لايىقى. بىزنى قىشتىن سالامەت چىقارغان مۇشۇ يىگىتنىڭ ئاتلىرى ئىدى، — دەپتۇ ئۇنى تونۇشتۇرۇپ سېرىق بۆرە.

قېرى بۆرىلەر ئۈنچىقماستىن كەينىگە يېنىشىپتۇ. سېرىق بۆرە يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۈچىنچى ئىنغا كىرىپتۇ. بۇ يەردە ھەرخىل يېمەك ـ ئىچمەكلەر تەييار تۇرغۇرەك. سېرىق بۆرە:

— قېنى، مەرھەمەت، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ. بۇلاردىن خالىغىنىچە يېگىن! — دەپتۇ يىگىتكە.

كەچقۇرۇنلۇقى چىرايلىق بىر ئاق چىشى بۆرىنى باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يىگىتكە قاراپ:

— مانا سېنىڭ لايىقىڭ، — دەپتۇ-دە، ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ. ئاق بۆرە دەرھال ئۈستىدىكى بۆرە تېرىسىنى يېشىپ تاشلىغانىكەن، ئۇ ئاي دېسە، ئاغزى بار، كۈن دېسە، كۆزى بار، شۇنداق چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ ۋە يىگىتكە تەبەسسۇم بىلەن نەزەر ساپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۆرە قىز ھەر كۈنى يىگىتنىڭ يېنىغا كىرىپ، تېرىسىنى يېشىپ تاشلاپ قىزغا ئايلىنىدىكەن-دە، ئىككىسى كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن، مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىشىدىكەن. ئەتىگەنلىكى قىز يەنە بۆرىگە ئايلىنىپ، بۆرىلەر بىلەن بىللە نەلەرگىدۇ كېتىدىكەن. مۇشۇ يوسۇندا بىر ئاي بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىتنىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىدىغان ۋاقتى بوپتۇ. ئانا بۆرە يىگىت بىلەن بۆرە قىزنى ئۇزاتقاندا، كىچىككىنە بىر بىلەي تاشنى يىگىتكە بېرىپتۇ ۋە:

— بۇ بىلەي تاشنى يېنىڭدىن ئايرىما. بېشىڭغا كۈن چۈشسە بۇنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ چەيلىگەچ تىلىكىڭنى ئىزھار قىلساڭ خالىغان نەرسەڭ تەييار بولىدۇ، — دەپتۇ ۋە يەنە، — خوتۇنۇڭنىڭ بۆرە تېرىسىنى قىرىق كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ تاشلىۋەتمە، بولمىسا ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالىسەن، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

يىگىت ئاق بۆرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار كەچقۇرۇنلۇقى بىر قونالغۇغا كەپتۇ، ئۇ ھېلىقى بىلەي تاشنى يەرگە تاشلاپ، بىر تەپكەنىكەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئاق ئۆي پەيدا بوپتۇ، ئىچىگە كىرسە، تۈرلۈك-تۈمەن تائاملار تەييار تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ غىزالاردىن تويغىچە يەپ، ئۇيقۇسى قانغۇچە ئۇخلاپ، ئەتىسى يەنە يولنى داۋام قىپتۇ.

يىگىت ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يېتىلەپ كەلگەن ئاق بۆرىنى ئىشىك ئالدىغا باغلاپ قويۇپتۇ ۋە ئۆزى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاتا-ئانىسى:

— كېلىن قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەنە، ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ يىگىت.

پۈتۈن مەھەللىدىكى چوڭ-كىچىك ياش-قېرىلار توپلىشىپ، «كېلىن كۆرىمىز» دەپ كېلىشىپتۇ. ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، باغلاقلىق تۇرغان بىر ئاق بۆرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار نېمە دېيىشىنى بىلمەي قايتىپ كېتىشىپتۇ. ئاق بۆرە كۈندۈزلىرى ئىشىك تۈۋىدە ياتىدىكەن، كېچىسى چىراغ يېقىلىشى بىلەن بۆرە تېرىسىنى سېلىۋېتىپ، ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ، يىگىتكە قاراپ شوخ كۈلكىسى بىلەن نازلىنىدىكەن. ئۇلار بىر-بىرىگە تەلمۈرۈپ ھەشقىپېچەكتەك چىرمىشىدىكەن...

يىگىت كۆپ ۋاقىتنى خوتۇنى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تالا-تۈزگە كەمدىن-كەم چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— بۇنىڭ بۆرىگە ئۆيلىنىشۋالغانلىقىنى قارىمامدىغان، بۆرە دېگەن يىرتقۇچ تۇرسا، ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ياۋايىلىشىپ قالدى، — دەپ كۈلۈپتۇ بەزىلەر:

— ئەي بۆرىنىڭ ئېرى، — دېسە، يەنە بەزىلەر:

— يول بولسۇن بۆرى يىگىت!؟ — دېيىشىدىكەن.

كىشىلەرنىڭ مۇنداق زاڭلىق قىلىشىلىرىنى ئاڭلاش يىگىتنى قاتتىق ئازابلاپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇ تالا-تۈزگە پۈتۈنلەي چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ تاقىتى قالماپتۇ. شۇڭا ئوتتۇز يەتتە كۈن بولغان كېچىسى، خوتۇنى ئۇخلاپ قالغان پەيتتە تېرىنى ئېلىپ، ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. بۇرنىغا تېرە ھىدى كىرگەن بۆرە قىز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، ئەھۋالنى بىلىپ ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاپتۇ ۋە:

— ۋاي ئىست...! يامان قىلدىڭىز، يەنە ئۈچ كۈن تاقەت قىلسىڭىز بولماسمىدى؟ ئانام ئېيتقان سۆزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە يىگىت بىلەن كېلىن ئىككىسى تالاغا چىقىپتۇ. مۇنداق پەرى سۈپەت چىرايلىق چوكاننى كۆرگەن كىشىلەر ھەيرانۇ-ھەس بولۇشۇپ، ئاغزىنى ئېچىشىپ قاراپلا قاپتۇ.

يىگىتنىڭ ئاتىسى بۇ ئەھۋالدىن خۇشال بولۇپ ئەل-يۇرتنى چاقىرىپ يەتتە كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

«بوۋاينىڭ ئوغلى ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ...» دېگەن سۆز پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ، بۇ سۆزلەر ئاخىرى پادىشاھقا ئاڭلىنىپتۇ. ياش ئايالنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆزىنى توختىتالماي نۆكەرلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ، بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۆيدە كېلىندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. دەرۋازىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن، بىر پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىشىنى سەزگەن ياش كېلىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا يۈرىكىگە ئىشىق ئوتى تۇتىشىپتۇ. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، بېشى ئايلىنىپ، يىقىلىپ كېتىشكە تاس قاپتۇ، شاھنىڭ ھالىنى پەملىگەن كېلىن:

— مېنىڭدەك بىر ئاددىي ئايالدىن نېمانچىلا قورقۇپ كەتتىلا؟ — دەپ كۈلۈپتۇ.

شاھ بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرالماپتۇ ۋە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ شۇ نازىنىندىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، ئۇنى كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى قىلمايدىغان، باشقا ئىشقا قولى بارمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى بوۋاينىڭ كېلىنىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ بىر ھىيلىگەر موماينى تېپىپ ئۇنىڭغا مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇ ئايالنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بوۋاينىڭ ئوغلىنى كۆزدىن يوقىتىش لازىم. ئاتىلىرى ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋەتكەن. سىلى ئۇ يىگىتنى شۇ ئالتۇننى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇسىلا. يىگىت ئۇنى ئىزدەپ بارىدۇ. ئاخىرى ئۆزى ھالاك بولىدۇ، — دەپتۇ دەللە.

ئەتىسى شاھ يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى دېڭىز تېگىدىن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىتنىڭ بېشى قېتىپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە شاھ تاپشۇرغان بۇ قىيىن ئىش توغرىسىدا خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قايغۇرماڭ، — دەپتۇ بۆرە قىز ئېرىگە تەسەللى بېرىپ، — بۇنىڭ ئامالى بار،

شاھتىن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراڭ. خۇدا خالىسا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق ئاياغلىشىدۇ.

ئايال ئېرىگە بازاردىن ھەرخىل يىپەك ۋە زەر يىپلارنى ئەپكەلدۈرۈپ كەشتە تىكىشكە باشلاپتۇ، ئۇ بىر كېچە-كۈندۈزدە شۇنداق چىرايلىق، نۇرلۇق بىر گۈل تىكىپتۇكى، ھەتتا كېچىسى ئۆينىڭ ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ گۈلنى ئېرىگە بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇ گۈلنى تورغا باغلاپ، دېڭىزغا تاشلاڭ. بۇنىڭغا ئاددىي بېلىق كەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ گۈلنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. پەقەت بېلىق پادىشاھىلا كېلىدۇ. شاھ بېلىق گۈلنى چىشلىشى بىلەنلا ئۇنى قىرغاققا تارتىپ چىقىرىڭ. سىز ئۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ ئاتىسى چۆكتۈرۈۋەتكەن ئالتۇننى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ. ئۇ بېلىق پادىشاھى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭ، گۆرۈ ئۈچۈن ئۇنىڭ قانىتىدىن ئازراق يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى تۆش يانچۇقىڭىزغا سېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ.

يىگىت دېڭىز ياقىسىغا بېرىپتۇ ۋە ھېلىقى گۈلنى تورغا باغلاپ، دېڭىزغا تاشلاپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھ بېلىق ئۇزۇنغىچە كەلمەپتۇ، بىر چاغلاردا كۆك دېڭىز نۇرلىنىپ، كۆپۈك چېچىپ دولقۇنلىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا بىر ئالتۇن بېلىق گۈلگە يېقىن كەپتۇ-دە، گۈلنى كاپپىدە چىشلەيمەن، دەپ تورغا چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىت تورنى تارتىۋېلىپ ئالتۇن بېلىقنى قىرغاققا چىقىرىپتۇ. شۇ چاغدا بېلىق:

— مەن ساڭا پۈتۈن ئۆمرۈڭگە يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنيا بېرىمەن، مۇراد-مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن، مېنى قويۇۋەتكىن! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئەگەر سەن دېڭىزنىڭ تەكتىدىن ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى چىقىرىپ بەرسەڭ قويۇۋېتىمەن، بولمىسا ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، — دەپتۇ يىگىت.

بېلىق پادىشاھ ئالدى بىلەن ئالتۇننىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ قانىتىدىن بىر تالنى يۇلۇۋېلىپ، ئاندىن دېڭىزغا قويۇۋېتىپتۇ.

ئالتۇن بېلىق دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ، ھەممە بېلىقلارنى يىغىپتۇ. ئۇ دېڭىزنىڭ ئاستىدا ئات بېشىچىلىك بىر پارچە ئالتۇن بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، كىم بىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. لېكىن ھېچقايسى بېلىق بۇنى بىلمەيدىكەن.

— بېلىقلارنىڭ ھەممىسى كەلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىق شاھى.

— پەقەت بەش يۈز ياشلىق بىر قېرى بېلىقلا كەلمىدى، — دەپتۇ خىزمەتكار بېلىق.

بېلىق شاھ ئۇنىمۇ چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

مۇلازىم بېلىق ھېلىقى قېرى بېلىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سېنى شاھ چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

قېرى بېلىق بولسا، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، بېلىق شاھنىڭ ياساۋۇللىرى قېرى بېلىقنى تۇتۇپ، زورلاپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدىلا شاھ ئىزدەۋاتقان، ھېلىقى ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى كۆرۈپ قاپتۇ. قېرى بېلىق ئەنە شۇ ئالتۇننى ئاستىغا بېسىپ ياتقاچقا، شۇنىڭ قۇۋۋىتىدىن بەش يۈز يىل ياشىغانىكەن.

مۇلازىم بېلىقلار ئالتۇننى ئېلىپ كېتىشكە قېرى بېلىق جان تەسلىم قىپتۇ.

ئالتۇن بېلىق ۋەدىسى بويىچە ئالتۇننى يىگىتكە چىقىرىپ بېرىپتۇ. يىگىتمۇ ئۇنىڭ قانىتىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئالتۇن بېلىق يىگىت بىلەن خوشلىشىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

يىگىت ئالتۇننى ئېلىپ شاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. يىگىت قايتىپ كەتكەندىن كېيىن پادىشاھ ھېلىقى موماينى يەنە چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— يىگىت ئالتۇننى تېپىپتۇ، سەن ئۇنى شۇ ياقتا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ دېمىگەنىدىڭ؟ مېنى ئەخمەق قىلغىنىڭ ئۈچۈن كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپ كايىپتۇ.

— قۇدرەتلىك شاھىم، مېنى كەچۈرسىلە، — دەپ يىغلاپتۇ موماي، — يەنە بىر مەسلىھەتىم بار، ئاڭلاپ باقسىلا. ئاتلىرىنىڭ بىر توپ يىلقىسى يوقالغانىدى، ھازىرغىچە ھېچكىم بۇ يىلقىلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ يىگىتنى شۇ يىلقىلارنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇسىلا. ئەگەر ئۇ يىلقىلارنى تاپقان ھالەتتىمۇ، ھەيدەپ بۇ يەرگە ئەپكېلەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ياۋايىلىشىپ كەتتى.

شاھ يىگىتنى شۇ كۈنىلا چاقىرتىپ يۈتكەن يىلقىلارنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. يىگىت ئۆيىگە كېلىپ، شاھنىڭ يېڭى ئەمرىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىتنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇ تاياقنى ئېلىپ «بىسمىللا» دەپ يولغا چىقىڭ. سىز كۈن چىقىشقا قاراپ تۇرۇپ، «يا، شاھى مەردان!» دەپ توۋلىسىڭىز، بۇ تاياق سىزنى باشلاپ ماڭىدۇ ۋە يىلقىلار ئوتلاپ يۈرگەن ئورۇنغا ئاپىرىدۇ. ئۇ ئاتلارنىڭ ئارىسىدا بىر جەرەن ئايغىر بار، سىز ئۇنىڭغا بىرلا سەكرەپ مېنىڭ ۋە ئۇنىڭ يايلىنى تۇتۇۋېلىپ، تاياق بىلەن راسا ئۇرۇڭ. ھەرگىز كۆزىگە ئۇرۇپ سالماڭ. ئايغىر ئاخىر سىزگە بويسۇنىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنى راسا چاپتۇرۇپ، توپتوغرا شاھنىڭ سارىيىغا بېرىڭ، باشقا يىلقىلارمۇ سىزگە ئەگىشىپ بارىدۇ.

يىگىت خوتۇنىنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە ئىشنى پۈتكۈزۈپ، يىلقىلارنى شاھ سارىيىغا ئەپكېلىپتۇ.

ياۋايىلىشىپ كەتكەن ئاتلار شاھ سارىيىنى ئۇپۇر-توپۇر قىلىپ، چاڭ-توزانغا كۆمۈۋېتىپتۇ. شاھ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ بۇ ئاتلارنى كەلگەن جايىغا ھەيدىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، موماينى جازالىماقچى بولۇپتۇ. موماي شاھ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ:

— شاھىم، رەھىم قىلسىلا، يىگىتنى يەنە بىر ئىشقا بۇيرۇپ باقسىلا، ئەگەر ئۇ بۇ ۋەزىپىنىمۇ ئورۇنداپ كەلگۈدەك بولسا، ئاندىن كاللامنى ئالسىلامۇ رازىمەن.

شاھ ماقۇل بوپتۇ. موماي ئۇنىڭغا:

— ئاتلىرى ۋاپات بولۇپ يەتتە نەزىرىسىنى بەرگەندە، بىر قارا قوچقار سويۇلغانىدى. سىلى يىگىتكە ئەنە شۇ قارا قوچقارنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇسىلا، — دەپتۇ.

شاھ يىگىتنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىگە سويۇلغان قارا قوچقارنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ قايغۇرۇپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا:

— ئەمدى مەن تۈگىشىدىغان ئوخشايمەن. پادىشاھ ئاتىسىنىڭ نەزىرىسىگە سويۇلۇپ ئاللىقاچان يەپ تۈگەتكەن قارا قوچقارنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى... — دەپتۇ.

— ئەگەر سەن ئانامنىڭ قېشىغا كىرىپ، بۆرە تېرەمنى كۆيدۈرمەي ئۈچ كۈن تاقەت قىلىپ تۇرغان بولساڭ، بېشىمىزغا بۇنچىۋالا كۈلپەتلەر كەلمەيتتى. ئەمدى ساڭا ياردەم قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئانامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورا. ئاندىن ئانامنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىل، — دەپتۇ خوتۇنى.

يىگىت شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۈچ

ئاي مۆھلەت سوراپتۇ. شاھ رازى بولۇپ،
يەنە ئۈچ ئاي قوشۇپ ئالتە ئاي مۆھلەت
بېرىپتۇ. يىگىت ئەتىسى ئەتىگەندە ھەم ـ
مەيلەن بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىش
ئالدىدا خوتۇنى ئۇنىڭغا:

ــ سەن ئۇ يەرگە بېرىپ كەلگىچە،
شاھ مېنى تىنىچ قويمايدۇ. شۇڭا سەن
ھېلىقى بىلەي تاشنى يەرگە تاشلاپ تىلى ـ
گىڭنى بايان ئەيلىگىن، بىر تۆمۈر ئۆي
پەيدا بولسۇن، مېنى شۇ تۆمۈر ئۆينىڭ
ئاستىنقى قەۋىتىگە يوشۇرۇپ قويغىن، سەن ـ
مۇ بارغان يەردە خاتىرجەم تۇرغىن، ــ دەپتۇ.
يىگىت بىلەي تاشنى يەرگە تاشلاپ،
بىر ئىككى قېتىم دەسسەپ چەيلىگەنىكەن،
يوغان بىر تۆمۈر ئۆي پەيدا بوپتۇ، يىگىت
بۇ ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە خوتۇنىنى
يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۆزى يولغا
راۋان بوپتۇ.

يىگىت يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول
مېڭىپ، بۆرىلەرنىڭ ئىنىغا يېتىپ بېرىپ ـ
تۇ ـ دە، قېرى بۆرىگە ۋەقەنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ. قېرى بۆرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

ــ ئەگەر سەن سۆزۈمگە كىرىپ، قىرىق
كۈن تاقەت قىلغان بولساڭ، بۇ كۈنلەر
بېشىڭغا كەلمەيتتى. سەن ئەمدى پادىشاھ ـ
نىڭ ئاتىسى كۆمۈلگەن مازارغا بېرىپ،
ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئاچقىن، ئاندىن ئۇنىڭ
ھەممە سۆڭەكلىرىنى يىغىپ، بۆشۈككە
سېلىپ قاتتىق تەۋرەت.... دەپتۇ.

يىگىت مازارغا بېرىپ قەبرىنى تېپىپ ـ
تۇ. ئۇ گۆرنى ئېچىپ ھەممە ئۇستىخانلارنى
يىغىپ بۆشۈككە سېلىپ تەۋرىتىشكە باشلاپتۇ.
شۇ چاغدا شاھنىڭ ئاتىسىنىڭ ئەرۋا ـ
ھى ناھايىتى بوش ئاۋازدا نالە قىلىپ:

ــ مېنى نېمىشقا تىنىچ ياتقىلى قوي ـ
مايسەن؟ ساڭا نېمە لازىم؟ ــ دەپتۇ.

ــ سېنىڭ ئوغلۇڭ مېنى تىنىچ قوي ـ
ماي مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتى ـ
دۇ، ــ دەپتۇ يىگىت.

ــ مېنىڭ ئوغلۇمغا نېمە كېرەك
ئىكەن؟ ــ دەپتۇ خاننىڭ ئەرۋاھى.

ــ سېنىڭ يەتتە نەزىرىڭگە بىر قارا
قوچقار سويۇلغانىكەن، ئوغلۇڭ شۇ قوچقارنى
سەندىن سوراپ ئەپكېلىشنى بۇيرۇدى، ــ
دەپتۇ يىگىت.

ــ بۇ قانداق گەپ، مەن ئۈچۈن بىر
قوچقارغا چىدىماپتىمۇ؟ ــ دەپتۇ ئەرۋاھ
غەزەپلىنىپ.

خاننىڭ ئەرۋاھى قوچقارنى گۆردىن
ئىرغىتىپ تاشلاپ بېرىپتۇ.

يىگىت قارىسا، ئۇنىڭ بىر سېنى يوق
تۇرغۇدەك.

ــ بىر سېنى يوقكەن دېسە، ئوغلۇڭغا
نېمە دەيمەن؟ ــ دەپتۇ يىگىت.

ــ مېنىڭ بېخىل ئوغلۇم ماڭا مۇشۇ
پېتى ئاتا قىلغان. بىر سان گۆشنى ئوغلۇم
خوتۇنى بىلەن يېگەن. يوقال ئەمدى، مېنى
ياتقىلى قوي، ــ دەپتۇ ئەرۋاھ.

يىگىت پاتلا ئۆيىگە قايتىپ بېرىپتۇ.
قارىسا، شاھ تۆمۈر ئۆينىڭ ئۈستۈنكى بىر
قەۋىتىنى بۇزدۇرۇپ بولۇپ، ئاستىنقى قەۋ ـ
ىتىگە تېگىش قىلغانىكەن.

يىگىت قارا قوچقارنى يېتىلەپ، مۇشۇ
ۋەقەنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاتىسى ـ
نىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى پادىشاھقا دەپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن، شاھ قاتتىق نومۇس
قىپتۇ ـ دە، يىگىتنىڭ تىنىچ ـ خاتىرجەم
ياشىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ.

يىگىت ئۆزىنىڭ خوتۇنى ۋە ئاتا ـ
ئانىسى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەخت ـ
لىك كۈن كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قەييۇم مۇتەللىپ
رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ پالتاجى

# ھېكمزادە بىلەن شاھزادە

(چۆچەك)

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكىم ئۇستا ئىسىملىك بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ھېكىم ئۇستىغا:

— ئوغۇللىرىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ ۋارىسى بولۇپ قالسۇن، ئەمدى مېنىڭ يېنىمغا بارسىڭىز ئوغلىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، شاھزادە بىلەن ئىككىسى دوست بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ.

— ھېكىم ئۇستا ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئوردىغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ۋە ھېكىم ئۇستىنىڭ ئوغلى يېقىن دوستلاردىن بولۇشۇپتۇ. يۇرت كىشىلىرى پادىشاھنىڭ ئوغلىنى شاھزادە دەپ ئاتاشسا، ھېكىم ئۇستىنىڭ ئوغلىنى «ھېكىمزادە» دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ. شاھزادە ئاغىنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھېكىمزادىنى كاتتا مېھمان قىلىپ، ئوردا كىشىلىرىگە مۇناسىپ كىيىم-كېچەك ئىنئام قىپتۇ.

بىر كۈنى ھېكىمزادە ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن شاھزادىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ھېكىمزادىنىڭ خوتۇنى پەتنۇسقا تىزىلغان نازۇ-نېمەتلەرنى ئېلىپ كىرىپ ئەدەب بىلەن شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شاھزادە ھېكىمزادىنىڭ خوتۇنىنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قاپتۇ. ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، ساھىبخان قانچە زورلىسىمۇ تۈزۈك بىر نەرسە يېمەپتۇ.

خىيالى ھېكىمزادىنىڭ ئايالىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىۋاتقان شاھزادە يىلاندەك تولغىنىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ھېكىمزادىنىڭ ئايالىنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىرى بىر قېرى دەللىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

دەللە ھېكىمزادىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ۋە ئايالغا شاھزادىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ.

ئايال دەللىنىڭ گېپىنى تۈگىتىشىگە يول قويماپتۇ ۋە:

— ھەي، سەن يولدىشىم بىلەن شاھزادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالماقچى بولۇۋاتامسەن، يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان بولساڭ جېنىڭدىن ئۈمىد ئۈزگىن، — دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

دەللە شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھېكىمزادىنىڭ خوتۇنى گېپىمگە قۇلاقمۇ سالمىدى. ئامال قىلىپ ھېكىمزادىنى كۆزدىن يىراق قىلسىڭىز، خوتۇنى تۇرمۇشتىن قىسىلىپ سىزدىن ياردەم سورايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقتەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە دەللىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ھېكىمزادىنى گۇناھقا يەتكۈزۈپ، قولغا ئاپتۇ ۋە مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىپتۇ. ھېكىمزادىنىڭ ئايالى شۇنىڭدىن تارتىپ موھتاجلىقتا ياشاپتۇ.

بىر كۈنى دەللە ئۇنىڭ ئۆيىگە كېپتۇ ۋە:

— سىز شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىڭ، ھەر نېمە بولسىمۇ ئېرىڭىز بىلەن ئىككىسى قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. ئۇ سىزنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ، — دەپتۇ. ئايال دەللىگە:

— سىز ئېغىر كۆرمەي مەن ئۈچۈن شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقسىڭىز، ئاز-دۇر-كۆپتۇر بىر نەرسە ياردەم قىلسا، — دەپتۇ.

شاھزادە دەللىدىن ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك ۋە تەڭگە تىللالارنى ئەۋەتىپتۇ.

دەللە بىر كۈنى ھېكىمزادىنىڭ خوتۇنىغا:

— سىڭلىم سىز نېمىشقا ئېرىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىمايسىز؟ ئەگەر سىز شاھزادىگە ئازراق ئىلتىپات قىلىپ ئۇنى خۇش قىلسىڭىزلا ھېكىمزادىنى قۇتقۇزالايسىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئايال نائىلاج دەللە بىلەن شاھزادىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

شاھزادە ئايالىنىڭ تەلىپى بويىچە ھېكىمزادىنى قويۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى كېچىلىك قاراۋۇل قىلىپ تەيىنلەپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى ئايالنى ئوردىغا ئەكەلدۇرۇپ ئەيش ئىشرەت قىلىپتۇ ۋە سەھەردە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ھېكىمزادە ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر كېچىلىك قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋېرىپتۇ.

بۇنداق نومۇسسىزلىق ۋەزىرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ ھېكىمزادىنى چاقىرىپ شاھزادىنىڭ سۈيىقەستىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ كېچىلىككە شاھزادىنىڭ ھوجرىسىنى كۆزىتىپ بېقىشنى تاپىلاپتۇ.

ھېكىمزادە كېچىسى شاھزادىنىڭ ھوجرىسىنى مارىسا، شاھزادىنىڭ قېشىدا خوتۇنى ياتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ كۆزىگە دۇنيا ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دەرھال يېنىدىن خەنجىرىنى ئېلىپ بۇ ئىككىسىنى تۆشەك ئۈستىدىلا بوغۇزلىۋەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ بۇ نىيىتىدىن يېنىپتۇ. ئەتىسى ھېكىمزادە شاھزادىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ماڭا بىرنەچچە ۋاقىت رۇخسەت قىلسىڭىز يۇرت ئارىلاپ ئايلىنىپ كەلسەم، — دەپتۇ. شاھزادە دەررۇ رۇخسەت بېرىپتۇ.

ھېكىمزادە ئوردىدىن چىقىپ، سەپەر تەييارلىقىنى تۈگىتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. نۇرغۇن يول يۈرۈپ، سەھرا-چۆللەرنى كېزىپ ئاخىرى كاتتا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. يول ئازابىدىن ۋە قاتتىق تەشنالىقتىن ئۇ ئۇدۇل كەلگەن بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپتۇ. بۇ ئۆيدە بىر بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ مومىيى ياشايدىكەن. ھېكىمزادە ئۇلاردىن سۇ سوراپتۇ. موماي ھېكىمزادىغا سۇ ئەپچىقىپ بېرىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ قەددى-قامىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپتۇ.

— بالام، قەيەردىن كېلىۋاتىسىز، كىمنىڭ بالىسى بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ موماي ھېكىمزادىدىن. ھېكىمزادە بولسا:

— ئىگە-چاقىسىز مۇساپىرمەن، ماقۇل تاپساڭلار سىلەرگە خىزمەتتە بولاي، — دەپتۇ.

هېكىمزادىنىڭ بۇ گېپى بوۋاي مومايـ
نى ئىنتايىن خۇشال قىپتۇ. شۇ كۈنىدىن
باشلاپ هېكىمزادە بوۋلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ
قاپتۇ.

مومای هەر كۈنى تاڭ سەهەردە ئورـ
نىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىپ ئاخشىمى
قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە پەيدا بولىدىكەن.
بىر كۈنى هېكىمزادە مومايدىن:

— هەي ئانا، سىزنى كۈن ئولتۇرۇپ
قاراڭغۇ چۈشكەندىلا كۆرىمەن، كۈندۈزى
نەگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مومای
ئۆزىنىڭ شاهنىڭ قىزىنىڭ خىزمىتىدە بولـ
ىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى هېكىمزادە ئوردا سىرتىدا
ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە هامـ
مامغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ
ئوردىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ يىگىتنى كۆرۈپ
قاپتۇ. شۇ هامان يۈرىكىگە ئىشىق ئوتى
تۇتىشىپتۇ. ئۇ مومايىنى چاقىرىپ:

— ئاشۇ يىگىتنى مېنىڭ يېنىمغا
ئېلىپ كىر، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مومای هېكىمزادىنى مەلىكىنىڭ يېنىغا
كەلتۈرۈپ ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە
هېكىمزادىنى هۆرمەتلەپ تۆرگە ئولتۇرـ
غۇزۇپ، ئالدىغا مول نازۇ-نېمەتلەرنى
كەلتۈرۈپتۇ. هېكىمزادىمۇ قىزنىڭ هۆسنـ
جامالىغا مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ. ئىككىيلەن
شېرىن سۆهبەتلەردىن كېيىن توي قىلىش
مەسلىھىتىگە كۆچۈپتۇ.

هېكىمزادە ئۆزىنىڭ شاهزادە ئىكەنـ
لىكىنى، شاهانە قائىدە-يوسۇنلار بىلەن
ئۆز يۇرتىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئاندىن توي
قىلىشى مۇۋاپىقلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىزمۇ
ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. هېكىمزادە
ئەتىسى قىز بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يۇرتىغا
راۋان بوپتۇ.

هېكىمزادە يۇرتىغا كېلىپلا شاهزادە
بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە قىزنىڭ تەرىپ تەۋـ
سىپىنى قىلىپ، ئۇ قىزنىڭ شاهزادىگە
لايىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپتۇ. شاهزادە شۇ
هامان چوڭ تەييارلىق قىلىپ هېكىمزادىنى
ئەلچى بېشى قىلىپ ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن
يولغا ساپتۇ.

هېكىمزادە ئەلچىلەر بىلەن بىرنەچچە
كۈن يول مېڭىپ ئاخىرى قىزنىڭ شەهرىـ
گە يېتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ئۇ توي جابـ
دۇقلىرىنى ئېلىپ پادىشاهنىڭ ئالدىغا بېرىپـ
تۇ. پادىشاهمۇ قىزىغا مۇناسىپ بۇ يىگىتـ
نى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىشقا قوشۇلۇپ 40
كېچە-كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۇيۇشتۇـ
رۇپ قىزىنى هېكىمزادىگە بېرىپتۇ. هېكىمـ
زادە مەلىكە بىلەن قوشۇلۇپ شادلىق ئىچىدە
كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. هېكىمزادە بىلەن كەلـ
گەن ئەلچىلەر ئەھۋالنى چۈشىنىپ قايتىپ
بېرىپ شاهزادىگە خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ.
شاهزادە بۇ ئەلەمدىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى
يېگۈدەك بولۇپ ئەتىسى بىرقانچە ئادەمنى
ئېلىپ هېكىمزادە تۇرۇۋاتقان شەهەرگە
ئاتلىنىپتۇ. شاهزادە ئەلچىلەرنىڭ ئاغزىدىن
ئاڭلىغىنى بويىچە شاه ئوردىسىغا كىرىپ
هېكىمزادە تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە
كەپتۇ. ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي قىلىچىنى
يالىڭاچلاپ ئۆيگە كىرىشكە مەلىكە تۇيۇپ
قېلىپ: «ئوغرى كەلدى» دەپ توۋلاپتۇ.

جىسەكچىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن يۇگۇ ـ
رۇشۇپ كېلىپ شاھـزادىنى باغلاپ پۇت ـ
قولىنى يەرگە تەگكۇزمەي پادىشاھنىڭ ئال ـ
دىغا ئاپىرىپـتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ
تۈن كېچىدە قىزىنىڭ ھۇجرىسـىغا نېمىدەپ
بارغانلىقىـنى سوراپتۇ. شاھـزادە غال ـ غال
تىترىگىنىچە ھەرقانچە ئـۆزىنى ئاقلىسـمۇ
ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ. پاد ـ
شاھ قاتـتـىق غەزەپـتىن «جالـلات» دەپ
تۈۋلاپتۇ. ئوردا ئىچـىدە ھېكىمـزادە ۋە
ئۇنىڭ ئايالى تەييـار ئىكەن. شاھـزادە
ھېكىمزادىگە قاراپ:

ـــ دوستۇم مېنى قۇتقۇزغىن، مېـنى
كەچۈرگىن...، ـــ دەپ يېلىنىپـتۇ. ھېكىم ـ
زادە:

ـــ بىزنىڭ دوستلۇقـىمىز ئاللىـقاچان
تـۈگىگەن. سەن ئۆلۈمگە لايـىق، ـــ دەپ
شاھزادىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىپتۇ. جال ـ
لاتلار شاھزادىنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ
ئۇنى قىيما ـ چىيما قىلىپـتـۇ. ھېكىمـزادە
مەلىكە بىلەن بەختـلىك دەۋران سـۈرۈپ
دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: جامال
رەتلىگۈچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

# يېچچەشمە بىلەن يانتاقچى

(چۆچەك)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن،
تـوق ئىكەن. ئەنە شۇنـداق زامانـلارنىڭ
بىرىدە، تەكلىماكانغا يېقىـن بىر يېزىدا بىر
تۇل خـوتۇن ياشايـدىكەن. ئۇنىڭ قاسىـم
ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. بۇ يىگىت
ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەل ـ يۇرتقا ساداقەت ـ
لىك بولۇپ، يانتاقچىلىق قىلىپـلا ئانىـسى
بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامـدايـدىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئېشىكـىنى مىنىـپ
يانتاق چاپقىلى مېڭىپتۇ. مېڭىـپ ـ مېڭىپ
ئاخىرى مەھەلـلىنىڭ چېـتـىدىكى ئېرىق
بويىغا يېـتـىپ كەپتۇ ـ دە، ئادىتى بويىچە
ئېشىكـىنى سۇغىرىشـقا باشلاپتۇ. دەل شۇ
پەيـتـتە قاسىم ئېرىق بويىدا تۇرغان بىر
سۇنايىـنى كۆرۈپـتـۇ ۋە تۆت ئەتـراپىغا
قاراپتۇ. بىراق بىرەر ئادەمـنىڭ قارىسـمۇ
كۆرۈنمىگەندىن كېيىن: «ئىگىسى ئۇچراپ
قالسا بېرىپ قويارمەن» دەپ ئويلاپ، سۇ ـ
نايىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. شۇ ماڭ ـ
غانچە كۈن دەل نەيـزە بويى ئۆرلىگەنـدە
ئاران يانتاقلىققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئېشىك ـ
نى ئوتقا قويۇپ بېرىپ، ئـۆيـدىن ئالغاچ
كەلگەن بىر قاپاق قېتىقنى سوغۇقراق ساق ـ
لاپ ئىچىش ئۈچۈن بىر نەم يەرنى كولاپ
كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن يانتاق چېپىشقا
باشلاپتۇ. بىر چاغـدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئىس ـ

سىقتا قاغىجىراپ كەتكەن بىر يوغان پاقا
ئۇچراپتۇ، قاسىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ
«كۆلچەك كۆرسەم قويۇپ بېرەرمەن» دەپ
ئويلاپ پاقىنى ئېلىپ قوينىغا ساپتۇ ۋە
ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. چۈش ۋاقتى بولغاندا
قاسىم قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئۇ ھېلىقى
قېتىقنى كۆمۈپ قويغان يەرگە كېلىپ
قارىغۇدەك بولسا، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
يوغان جامدەك بىرلا كۆزى بار، يۈزى
خۇددى تامدەك، بېشىدىكى مۈڭگۈزى
بۇغىنىڭكىدەك، قۇيرۇقىنىڭ كۆرۈنۈشى
ئېشەكنىڭكىدەك، بويىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆ-
گىنىڭكىدەك، ئەمما پۇتلىرى كالىنىڭكىدەك
شۇنداق كۆرۈمسىز بىر مەخلۇق تۇرغۇدەك.
قاسىم بۇ مەخلۇقنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ
ئۇزۇنىدىن بۇيان كەنت خەلقىگە زىيان
سېلىپ كېلىۋاتقان يەكچەشمە ئىكەنلىكىنى
بىلىپتۇ-يۇ، ئەمما كۆرۈنۈشىدىنلا كىشىلەر-
نىڭ روھى چىقىپ كەتكۈدەك سەت، غايەت
زور مەخلۇقنى پەقەت قارا كۈچ بىلەنلا
يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ.

— ئەي ئادەمزات ئۈچ كۈندىن بېرى
ناشتىسىز، قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تار-
تىشىپ كەتكەندى. ئەمدى سېنىڭ گۆشۈڭ-
نى يەپ قورسىقىمنى، قېنىڭنى ئىچىپ ئۇس-
سۇزلۇقۇمنى قاندۇرمىغىنىمنى كۆر! — دەپ
ۋارقىراپتۇ يەكچەشمە.

— ھەي ئەخمەق، نەچچە ۋاقىتتىن
بېرى يەكچەشمە ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمنى
ئاڭلىمىغان ئوخشايسەن. تولا كۆرەڭلىمە، بىر
قوشۇق قېنىڭنى تىلەپ ماڭا يالۋۇرساڭ
بولارمىكىن! — دەپتۇ قاسىم غەزەپ بىلەن.

يەكچەشمە بۇ يىگىتنىڭ باشقا ئادەم-
لەردەك ئاسانلا تىز پۈكمەيدىغانلىقىنى
سېزىپتۇ-دە، دەرھال قوينىدىن قوڭغۇزدەك
يوغان بىر پىتنى ئېلىپ قاسىمنىڭ ئالدىغا
تاشلاپتۇ. ئاچكۆز يەكچەشمىنىڭ كۆڭلىدىكى-
نى چۈشەنگەن قاسىممۇ قوينىغا سېلىۋالغان
ھېلىقى پاقىنى ئېلىپ يەكچەشمىنىڭ ئال-
دىغا تاشلىغانىكەن، ئىككى سەكرەپلا
يەكچەشمىنىڭ پىتىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

— باشقىدىن سىنىشىمىز، — دەپتۇ يەك-
چەشمە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي.

— بولىدۇ، قېنى كارامىتىڭنى كۆر-
سەت، — دەپتۇ قاسىم. يەكچەشمە بار كۈچى-
نى يىغىپ تۇرۇپ راسا كېلىشتۈرۈپ بىر
يەل قويىۋېتىپتىكەن، خۇددى يولۋاس ھۆركى-
رىگەندەك بىر ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ-
لا، ھەممە يەرنى سېسىقچىلىق قاپلاپ
كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت:

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلى-
غىن، بولمىسا قورقۇپ كېتىپ يۈرىكىڭ
يېرىلىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالىسەن، — دەپتۇ-
دە، دۈۋىلەپ قويغان يانتىقىنىڭ كەينىگە
ئۆتۈپ، يولدا تېپىۋالغان ھېلىقى سۇنايىنى
بولۇشىغا چاپتۇ. سۇنايىنىڭ ئاۋازىدىن تىت-
رەپ كەتكەن يەكچەشمە بۇ نۆۋەتمۇ ئۇت-
تۇرۇپ قويغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ:
«ئەمدى كۈچ سىنىشىمىز!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بىز ئىنسان ئەۋلادى ئەزەلدىن
مەرد كېلىمىز، — دەپتۇ قاسىم، — يەنە قانداق
كاراماتىڭ بولسا چىقارغىن بىر كۆرەي!

يەكچەشمە بۇ نۆۋەت بارلىق كۈچىنى
پۇتىغا يىغىپ، ئادەملەرنىڭ قۇچىقىمۇ يەت-
مەيدىغان بىر تۈپ دەرەخنى شۇنداق تەپ-
كەن ئىكەن، دەرەخ قاراسلاپ سۇنۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن قاسىممۇ قېتىقنى
كۆمۈپ قويغان يەرنى پەملەپ تۇرۇپ:

— ئەمدى مېنىڭكىنى كۆرگىن! —
دەپلا بىر دەسسىگەنىكەن، توپىغا مىلەن-
گەن قېتىق چاچراپ چىقىپ يەكچەشمىنىڭ
يۈز-كۆزلىرىنى بويىۋېتىپتۇ.

— سەن بىر پەشۋا بىلەن بىر تۈپ
دەرەخنى يىقىتقان بولساڭ، مەن بىر پەشۋا
بىلەن يەرنىڭ مېڭىسىنى چىقىرىۋەتتىم.

بۇنىڭغا ئەمدى نېمە دەيسەن؟ يەنە قانداق كارامەتلىرىڭ بولسا چىقارغىن، كۆرۈپ باقاي.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يەكچەشمە كۆڭلىدە «راست ئەمەسمۇ، ئۇ بىر پەشۋا بىلەن يەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتكەن تۇرسا، مېنىڭ مېڭەم قانچىلىك نېمىدى؟» دەپ ئويلاپتۇ-دە، يىگىتنى ئالداپ ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ:

— ھەي «باتۇر يىگىت، ساڭا قايىل بولدۇم، ئەمدى ئىلتىماسىم شۇكى، بىز مەڭگۈلۈك دوستلاردىن بولايلى. بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مېھمان بولساڭ، سېنىڭدەك باتۇرنى باشقا يەكچەشمىلەرمۇ كۆرۈۋالسا، — دەپتۇ.

قاسىم يەكچەشمىنىڭ غەرىزىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىدىن باش تارتىدىغانلا بولسا، ئۆز ھىيلىسىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ماقۇل بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا-ماڭا بىر چوڭ دەرياغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. قاسىم قارىغۇدەك بولسا، يەكچەشمە ھېچ ئىككىلەنمەستىن دەرياغا كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. قاسىم كىرەي دېسە سۇ شۇنداق كۆپ. ئۇ دەرھال بىر ئەقىل تېپىپتۇ-دە، يەكچەشمىگە قاراپ: — ئەي يەكچەشمە، سەن سۇنى كېچىپ يۈرگىنىڭ بىلەن بىز ئىنسان ئەۋلادى ئۈچۈن بۇنچىلىك سۇنى كېچىپ يۈرۈش بىر ئاۋارىچىلىق، ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، مەن بىرلا ئاتلاپ ئۇ قاشقا ئۆتۈپ بولىمەن، بىراق بىز دوست بولغىنىمىز ئۈچۈن سېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ. مەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسەم، سەن دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ بولغىچە زېرىكىپ قېلىشىڭ تۇرغانلا گەپ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان يەكچەشمە ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا مەن سېنى ئېلىپ ئۆتەي، — دەپتۇ ۋە قاسىمنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ، ئۇلار يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ماڭا-ماڭا يەتمەكچى بولغان مەنزىلگە ئىككى كېچە-كۈندۈز دېگەندە ئاران يېتىپ كەپتۇ ۋە باشقا يەكچەشمىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپتۇ. يەكچەشمىلەر بۇ پالۋان يىگىتكە ئاتاپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق داستىخاندا يىگىتنىڭ ئىنتايىن ئاز غىزالانغانلىقىنى كۆرگەن «باش» يەكچەشمە ئۇنى بىر باپلاشنى ئويلاپتۇ. يەكچەشمە قاسىمغا:

— ھېرىپ قالدىڭىز، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ. قاسىمۇ «بۇ ئىشتا چوقۇم بىر سىر بار» دەپ ئويلاپ ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكچەشمە قاسىمنى ئايرىم بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئاندىن چىقىپ كېتىپ ئىشىكنىڭ سىرتىدىن تۇيدۇرماي قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ باشقا يەكچەشمىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، قاسىمنى قانداق ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئارىدىن بىر يەكچەشمە:

— ھەي بۇنىڭ باش قاتۇرغىدەك نېمىسى بار؟ دەل ئاشۇ يىگىت ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە نۇرغۇنلىغان تاش بار، ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە يوغان بىر تۈڭلۈكمۇ بار. تاشلارنى دەل يېرىم كېچە بولغاندا تۈڭلۈكتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلايدىغان بولساق، مىڭ جېنى بولغان بىلەنمۇ ساق قالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتىكەن، بۇ مەسلىھەت ھەممىسىگە يېقىپتۇ.

قاسىم يەكچەشمىلەرنىڭ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، قېلىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يوتقىنىغا تەكىيىنى سولاپتۇ ۋە ئۆزى بىر ياققا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل يېرىم كېچە بولغاندا، دېگەندەك ھەر يوغان تاشلار تەكىيىنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈلمەي چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن «بولدى ئەمدى ھەرقانچە باتۇر

بولسىمۇ بۇ چاغىچىلىك كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتتى» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تاشلار چۈشۈشتىن توختاپتۇ. سەھەر ۋاقتى بولغاندا قاسىم تاشلارنى يوتقاننىڭ چۆرد ـ سىگە تىزىپ قويۇپ، يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يوتقانغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. يەكچەش ـ مىلەر كىرىپ قارىسا يىگىت بەخىرامان ئۇخلاۋاتقۇدەك. قاسىم يەكچەشمىلەرنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپلا:


ـــ ئەجەبمۇ پىت چىققىنا، كېچىدىن بېرى ئامان ـ خۇدا ئۇخلىيالماي كەتتىم، ـــ دەپتىكەن، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يەكچەش ـ مىلەر «شۇنچىۋالا تاشلار پىت چاققانچى ـ لىك بولغان بولسا، ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن، تېزدىن بۇ تاشلارنى يۆتكىۋېتەيلى، ھېلى ئويغىنىپ قالسا چاتاق بولمىسۇن يەنە» دېيىشىپ كېچىدىن بېرى تاشلىغان تاشلار ـ نى ئەتىگىنى يۆتكەپ كېتىپتۇ.

قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كەتمەكچى بوپ ـ تۇ. قايتىشىدا ئۇ يەكچەشمىلەرنىمۇ ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئەمما يەكچەشمىلەر قورقۇپ «سەن بارغىن. سەن با... ر... غىن» دېيىشىپ زادىلا ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى باش يەكچەشمە يەكچەشمىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياۋاشلىرىدىن ئىككىنى تەيىنلەپ، ئۇلارغا بىر خالتا كۈمۈش، بىر خالتا ئالتۇن كۆتۈرگۈزۈپ، قاسىمغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. قاسىم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يانتاقلىققا كەپتۇ. چېپىپ قوي ـ غان يانتاقنى ئىككى يەكچەشمىگە ئارتىپ، ئۆزى ئۇستىگە مىنىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

قاسىم ئۆيىگە ئاز قالغاندا يول بويىدا ئويناپ يۈرگەن بىر بالىغا گەپ ئۆگىتىپ «ئانامغا خەۋەر قىلىپ قويغىن» دەپ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ.

قاسىم ئىككى يەكچەشمىنى باشلاپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە يەكچەشمىلەرنى ھويلىغا باشلاپ قويۇپ ئۆزى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

قاسىم ئانىسى بىلەن گەپنى بىر قىلىـ ـۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى قولىغا يوغان بىر قىڭراقنى ئېلىپ قازاننىڭ گىرۋىكىگە سۈركەپ تۇرۇپ:



— بالام ئاۋۋال قايسىسىنى سويىمىز؟ ئاۋۋۇ تەرەپتىكىسى خېلى چوڭدەك كۆرۈنىدۇ. ئاۋۋال شۇنى سويۇپ مەھەللىمىزگە بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەرسەك قانداق؟ — دېگەنىكەن، تاشقىرىدا ئولتۇرغان يەكچەشمىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ. يەكچەشمىلەرنىڭ قاچقىنىنى كۆرگەن قاسىم قولىغا بىر پالتىنى ئېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، «يەكچەشمىلەرنى تۇتۇڭلار!» دەپ قوغلاپتۇ.

بۇ ئىككى يەكچەشمە ئىككى يېنىغا قارىماستىن ئۇدۇل ئالدى تەرەپتىكى چوڭ ئورمانلىققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇلار ھاسىراپ ھۆمۈدەپ ئاران كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىر تۈلكە چىقىپ كەپتۇ ۋە يەكچەشمىلەرگە قاراپ:

— نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

يەكچەشمىلەر بولغان ئەھۋالنى بىر قۇر سۆزلەپ بەرگەنىكەن، تۈلكە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە شۇنچە كۈلىسەن؟ — سوراپتۇ يەكچەشمىلەر.

— ھەي، سىلەر شۇنداق بوي، شۇنچىۋالا كۈچۈكلار بىلەن ئاشۇ بىر ئادەمگە تەڭ كېلەلمىدىڭلارمۇ؟ مەنچۇ، مۇشۇنچىلىك تۇرۇپمۇ، داۋاملىق ئاشۇلارنى بوزەك قىلىمەن. توخۇلىرىنى تۇتۇپ يەيمەن، نەرسە-كېرەكلىرىنى بۇلاپ قاچىمەن، — دەپتۇ تۈلكە.

— ئەگەر سىلەر ماقۇل دېسەڭلەر ھازىر ئۈچىمىز بىللە بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ ئالدىمىزغا سېلىپ كېلەتتۇق، بىراق سىلەر...

— بولىدۇ، ئەگەر راستىنلا سەن دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بىر تونۇتۇپ قويايلى، — دەپتۇ يەكچەشمىلەر.

شۇنىڭ بىلەن تۈلكە ئىككى يەكچەشمىنى باشلاپ، قاسىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

قاسىم يەكچەشمىلەرنىڭ كۆزدىن غايىب بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، بىر چاغدا قارىسا ھېلىقى ئىككى يەكچەشمىلەرنىڭ بىر تۈلكىگە ئەگىشىپ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەكچەشمىلەرنىڭ يېقىنراق كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار يېقىنلاشقاندىن كېيىن:

— ھە، تۈلكە دوستۇم ساڭا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟ ئانا، ئارغامچىنى تېزرەك ئېلىپ چىقىنا، تۈلكە دوستۇم ھېلىقى يەكچەشمىلەرنى تۇتۇپ كەپتۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يەكچەشمىلەر «ئالدىنىپتىمىز» دەپ تۈلكىنى بىر پەشۋا بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ. قاسىم غەلىبە قىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ:

— يەكچەشمىنى تۇتايلى، يەكچەشمىنى تۇتايلى! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە كىشىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ مەھەللىنىڭ چېتىگە بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاچكۆز مەخلۇق بۇ كەنتكە ئىككىنچىلەپ دەسسىمەس بوپتۇ. كىشىلەرگىمۇ زىيان سالماس بوپتۇ. خەلق شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھەسەن موللا

رەتلىگۈچى: سابىرجان سەيىت

# موللا مىشرىق

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ ئۇنىڭ مال-مۈلكى ھەددى-ھېسابسىز ئىكەن. پادىشاھ پۇقرالارغا ئالۋان-ياساقنى كۆپ سېلىپ قىيىنغاچقا ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن نارازى ئىكەن.

بۇ شەھەردە موللا مىشرىق دەيدىغان بىر نامرات ئادەم ياشايدىكەن. موللا مىشرىق تولىمۇ گەپدان ۋە قىزىقچى ئادەم بولغاچقا پادىشاھ ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپ گەپكە سالىدىكەن. موللا مىشرىق پادىشاھنىڭ قاملاشمىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھامان دەرھاللا ئۇنى گەپ-سۆزدىن توسۇيدىكەن. پادىشاھ موللا مىشرىقنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن رەنجىپ قاپتۇ. بىر كۈنى موللا مىشرىقنى ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— بىر كۈنلۈك ئوزۇق ئال، سەپەرگە چىقىمىز، — دەپتۇ. ئۆزى بولسا تۆت كۈنلۈك ئوزۇق ئېلىپ ئىككىسى بىللە يولغا چىقىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى موللا مىشرىقنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ دەرمانىدىن كېتىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ موللا مىشرىقنى گەپكە سالماقچى بولۇپ ھەدەپ سۆزلەپتۇ. موللا مىشرىققا بولسا قورساقنىڭ ئاچلىقىدا گەپ-سۆز خۇش ياقماپتۇ.

پادىشاھ موللا مىشرىقنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچكە:

— قورساق ئاچتىمۇ؟ — دەپتۇ.

— بەك ئاچتى، تەقسىر، — دەپتۇ موللا مىشرىق.

— مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنىڭغا ئۇنىساڭ، ساڭا سەپەر توقۇچىدىن بىر نەچچىنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئاچلىقتا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالغان موللا مىشرىق دەرھال ماقۇل بوپتۇ.

— شەرتىم شۇكى، — دەپتۇ پادىشاھ، — سەپەردىن قايتىپ بېرىش بىلەنلا قىزىڭنى ماڭا بېرىسەن.

پادىشاھ بۇ توغرىلىق ھۆججەت يازدۇرۇپ، موللا مىشرىقنىڭ قولىنى باستۇرۇۋاپتۇ. ئاندىن خۇرجۇندىكى سەپەر توقاچلىرىنى موللا مىشرىققا بەرگەچ:

— ياغلىق ياغلىق توقاچ يەمسىز؟ — دەپ خەقىراپ كۈلۈپتۇ. ئاندىن ئۇ:

— ئەمدى سەپىرىمىز مۇشۇ يەرگىچىلىك بولدۇ، — دەپلا ئاتنى ئارقىسىغا بۇراپتۇ.

موللا مىشرىق ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىنى ئويلاپ يۈرەك-باغرى ئېزىلىپتۇ. موللا مىشرىق پادىشاھ بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ماڭا بىرقانچە كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، قىزىم بىلەن ئوبدانراق مۇڭدىشىۋالسام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. موللا مىشرىق ئۆيىگە بېرىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. قىز دادىسىدىن ئەھۋال سورىسا، دادىسى لام-جىم دېمەستىن يېتىۋېرىپتۇ. قىزى تولا سوراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دادىسى بارلىق ئەھۋالنى قىزىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ــ غەم قىلماڭ دادا، ــ دەپتۇ قىز، ــ مەن بازارغا بېرىپ، بىر نەچچە مىڭ قوڭغۇراق ئېلىپ كېلەي، جۇۋىڭىزنى تەتۈر ئۆرۈپ قوڭغۇراقلارنى جۇۋىنىڭ تۈكىگە ئاسايلى، تۇمىقىڭىزنى تەتۈر ئۆرۈپ ئۇنىڭ تۈكلىرىگىمۇ قوڭغۇراقنى ئاسايلى، يۈزىڭىزگە ئاق پەردە تارتىپ، جۈمە كۈنى پادىشاھ سەھەردە يۇيۇنۇش ئۈچۈن مونچىغا كىرگەندە، سىز مونچىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرىسىز، پادىشاھ يالىڭاچ بولۇپ بېشىدىن سۇ قۇيغاندىن كېيىن، سىز تۈڭلۈكتىن سەكرەپ چۈشۈپ پادىشاھنىڭ گېلىنى سىقىپ تۇرۇپ: «مەن جان ئالىدىغان ئەزرائىل، جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم» دەيسىز. پادىشاھ قورققىنىدىن سىزدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي دېگەن يەرگە يېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ خوتۇن - قىز ئوردىغا كىرگۈزمەسلىككە ۋەدە ئالىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىز ئامان - ئېسەن قالىمىز، ــ دەپتۇ.

موللا مشرىق قىزىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپتۇ. پادىشاھ سەھەردە مونچىغا كىرىپ ئەمدىلا بېشىغا سۇ قۇيۇپ تۇرۇشىغا، موللا مشرىق تۈڭلۈكتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ۋە قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، ھە دەپ پادىشاھقا ئېسىلىپ ھەيۋە قىپتۇ. پادىشاھ جالاقلاپ تىترەپ قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. ئۇ توختىماي «سۇبھانالللا، سۇبھانالللا» دېگۈدەك. موللا مشرىق ھەممە ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاستا مونچا ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆزىنى سىرتقا ئاپتۇ.

ناشتىدىن كېيىن موللامشرىق ئوردىغا بېرىپتۇ ۋە شاھقا كۆرۈنۈش قىپتۇ. بۇ چاغدا ئوردا ئەھلىمۇ يىغىلغان ئىكەن. پادىشاھ موللا مشرىقنى كۆرۈپلا.

ــ ھە مشرىق، ياغلىق تۇقاچ يەمسىز؟ ــ دەپ ئۇنى شاڭخۇ قىپتۇ.

موللامشرىق ھېچ ئىككىلەنمەيلا:

ــ پادىشاھى ئالەم، جاڭگۇر - جۇڭگۇر قىلغاندا، سۇبھانالللا دەمسىز؟ ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، لام - جىم دېمەي ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. كېيىن موللا مشرىقنى ئوردىغا چاقىرىپ كەپتۇ ۋە: جاڭگۇر - جۇڭگۇر دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. موللا مشرىق ھېچ ئىككىلەنمەي:

ــ كېچىسى چۈشۈمدە ماڭا مونچىدىكى ئىشلار ئايان بولدى، ــ دەپتۇ.

ــ بولدى، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە



تىنىمايلى، ساڭا يۈز مىسقال ئالتۇن بېرەي، — دەپ موللا مىشرىقا يالۋۇرۇپتۇ پادىشاھ.

— ماڭا ئالتۇنىڭنىڭ كېرىكى يوق، پۇقرالارغا ئازار بەرمىسەڭ بولىدى، — دەپتۇ موللا مىشرىق.

پادىشاھ دەرھال يۇرتنى ئادىل سوراشقا قەسەم بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ يۇرتتىكى خەلق تىنچ-ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سايىت ئەلگەك
رەتلىگۈچى: مەمتىمىن ياسىن


# ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك قوچقار

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا مەغرىب تەرەپتىكى ئېگىز تاغنىڭ باغرىدا كىچىك بىر يېزا بولغانىكەن. بۇ يېزىدا بىر باي بار ئىكەن. يېزىنىڭ ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز كاتتا يايلاق بولۇپ، ھەممىسى باينىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەن. بۇ باينىڭ قويلىرى شۇنداق كۆپ ئىكەنكى، ئۇنىڭ سانىنى ئېلىش تەس ئىكەن. لېكىن باي بەكمۇ بېخىل ئادەم بولغاچقا بىرەر قوينىمۇ سويۇپ يېيىشكە چىدىمايدىكەن. يىل بويى ماللىرىنى باققان قويچىلارغا يىل ئاخىرىدا بىردىن ئورۇق قوينى ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ بېرىدىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇ قويلارنى يېمەي بېقىپ كۆپەيتىشكە يول قويمايدىكەن.

بۇ يېزىدا بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇن بولۇپ، ئۇلارمۇ باينىڭ قويىنى باقىدىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. قويچىنىڭ ئايالى ناھايىتى ئوماق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پۈتۈن يېزىدىكى كىشىلەر بۇ ياش ئەر-خوتۇننى مۇبارەكلەپ، ھەممەيلەن بوۋاقنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپتۇ. ئوغۇل چوڭ بولۇپ دادىسىغا ئەگىشىپ قوي باققىلى چىقىدىغان بوپتۇ. بالا قوزا-ئوغلاقلارغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ داۋاملىق «ماڭا قوزا ئېلىپ بەرگىن» دەپ دادىسىغا جېدەل قىلىدىكەن. دادىسى ئەتىۋالىق بىر تال ئوغلىنىڭ گېپىنى يەردە قويماي، دېگىنىنى قىلىپ بېرىدىكەن. ئەمما بالىسىغا قوزا ئېلىپ بېرىشكە ئامالسىز قاپتۇ.

ياز ئۆتۈپ قىش كەپتۇ. باينىڭ قويچىلارغا ئىش ھەققى بېرىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ياش قويچى بايغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مىڭ مۇشەققەتتە ئورۇق بىر بوغاز ساغلىقنى ئاپتۇ. ئۇلار بۇ ساغلىققا ئۆزلىرى نېمە يېسە شۇنى بېرىپ، ناھايىتى



ياخشى بېقىپتۇ. ساغلىقمۇ ئۇلارنىڭ ئەجرىنى يەردە قويماي، بىر جۈپ قوزىلاپ بېرىپتۇ. قوزىلارنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى چىشى ئىكەن. ئەركەك قوزىنىڭ ئىككى تال مۈڭگۈزى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، كۈندۈزى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىكەن. كېچىسى بولسا چىراغقا ئوخشاش نۇر چاچىدىكەن. ئۇلار قوزىلارنى ئۆيگە ئەكىرىۋېلىپ بېقىپتۇ. قوزىلار سەمرىپ قۇيرۇقلىرى لىغىلداپ، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان بوپتۇ. چىشى پاقلان بىر ياشقا كىرگەن كۈنى ئۆزىگە ئوخشاش بىر جۈپنى قوزىلاپتۇ. بۇ بىر ئۆيلۈك كىشىلەر خۇشاللىقىدا خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ سەدىقىلەر بېرىپتۇ.

قويلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. قوي كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنى بېقىشمۇ قىيىنلىشىپتۇ. ئاخىرى ئەر-خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، قويلىرىنى ھەيدەپ يىراق بىر يايلاققا كۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ يايلاقنىڭ ئوت-چۆپى ۋە سۈيى خېلى مول ئىكەن. ئاتا-بالا ئىككىيلەن بىر تەرەپتىن مال بېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئۇلارنىڭ تېرىغان زىرائەتلىرى شۇنداق ئوخشاپتۇكى، كۈزدە ئۇلار ئاشلىقنى كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماي ئۈچ ئايدا ئاران يىغىۋاپتۇ. ساغلىقلار ھەر يىلى تۆتتىن قوزىلاشقا باشلاپتۇ، ماللارنىڭ سانىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئەمما شۇنچە قوينىڭ ئارىسىدا ھېلىقى ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك قوچقاردىن باشقا بىرمۇ قوچقار يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بۇ قوچقارنى خۇددى ئۆز بالىسىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىكەن. كېچىلىرى قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدىن چىراغ ئورنىدا پايدىلىنىدىكەن. ئادەتتە ئۇلار قوي باققىلى چىقمىسىمۇ، قوچقار نەدە ياخشى ئوت بولسا شۇ يەرگە قويلارنى باشلاپ بېرىپ بېقىپ، كەچ بولغاندا ياندۇرۇپ كېلىدىكەن. قوچقارنىڭ مۈڭگۈزى بەكمۇ ئۆتكۈر بولغاچقا ياۋۇز بۆرىلەر قويلارغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن.

ئايلارنى قوغلىشىپ يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ ياش ئەر-خوتۇننىڭ يۈزلىرىگە قورۇقلار چۈشۈپ، بەللىرى مۈكچىيىپتۇ. ئوغۇل بولسا راسا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ مىجەزى بارغانسېرى غەلىتە بولۇپ ئۆزگىرىپتۇ. بۇرۇن مال بېقىشقا تولىمۇ ئامراق بۇ بالا ئەمدىلىكتە ئىش خۇش ياقمايدىغان ھو-

رۇن بولۇپ قاپتۇ. ئاخشمى ياتسا، ئەتـ
سى چۈشته ئاران ئورندىن تۇرىدكەن.
قورسقنى توقلىۋېلىپلا ئۆزى بىلگەن
تەرەپكە كېتىدكەن. ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپ
پىگە كىرمەيدكەن. ئاتا - ئانىسى بالىسىد
كى بۇ ئۆزگىرشنى كۆرۈپ ناھايىتى
قايغۇرۇپتۇ. ئۇلار بالنى ئۆيلەپ قويساق
تۈزۈلەرمكىن دەپ نۇرغۇن چىرايلىق قىزلارنى
تاپقان بولسمۇ، ئوغلى بۇ قىزلارغا ھەر
خىل ئەيىبلەرنى قويۇپ ياراتماپتۇ. بۇ
ئەھۋال ئاتا - ئانىنى تېخىمۇ غەمگە ساپتۇ.
بىچارە ئاتا ئوغلىنىڭ دەردى ۋە ئۆزۈن
يىللىق جاپالىق ئەمگىكنىڭ ھارغىنلىق
تۈپەيلىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.
ئانىسى ھەر تەرەپكە چېپىپ باققان بولسى
مۇ، لېكىن ئېرىنىڭ كېسىلگە داۋا تاپال
ماپتۇ. بىر كۈنى ئاتىسى ئوغلىنى قېشىغا
چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ:
— ئوغلۇم، مەن ئۇ ئالەمگە سەپەر
قىلىدىغان ئوخشايمەن. مەن كۆز يۇمغان
دىن كېيىن ئاناڭنى ھەرگىز رەنجىتمە.
ھەرقانداق قىيىنچىلىق تارتساڭمۇ ئالتۇن
مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى قولۇڭدىن چىقارما، —
دەپ نەسىھەت قىپتۇ.
ئاتىسى جان ئۈزگەندىن كېيىن ئانا -
بالا ئىككىيلەن يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئۇلار
شۇ ھالەتتە تاڭ ئاتقۇچە ھازا قىلىپ دەر
مانىدىن كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە
ئەل - جامائەت بىرلىكتە مېيىتنى كۆتۈرۈپ
ھەممە تەرەپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان
ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ
دەپنە قىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئانا - بالا
ئىككىسى كۈنلىرىنى قايغۇ - ھەسرەت بىلەن
ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.
ئوغۇل بارا - بارا ئاتىسىنىڭ نەسىھ
تىنى ئۇنتۇپ ئانىسىنى قاقشىتىشقا باشلاپ

تۇ. ئانا ھەر كۈنى خۇدادىن ئوغلىغا ئىنـ
ساپ - تۆپەق تىلەيدىكەن. بىراق ئوغلى
ھېچ ئىنساپقا كەلمەپتۇ. ئۇ كۈندىن -
كۈنگە ھەددىدىن ئېشىپ قويلارنى خالىغى
نىچە ئۆلتۈرۈپ، يەپ بولالمىسا سېتىپ
تاشلايدىغان بوپتۇ. ئانىسىنىڭ نەسىھەتلى
رى قۇلىقىغا كىرمەيدىكەن. ئۇزۇندىن بېرى
بالىنىڭ ئىچىگە جىن كىرىۋېلىپ، «ئالتۇن
مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى سويۇپ يېسەم،
ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن بېشىمغا تاج كى
يىپ پادىشاھ بولۇپ قالسام» دېگەن خى
ياللار ئۇنى ۋەسۋەسكە سېلىشقا باشلىغا
نىكەن. بىراق ئۇ ئانىسىدىن ئەيمىنىپ
قوچقارنى ئۆلتۈرەلمەي يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى
كېچىسى ئانىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە
ئاستا قوتانغا كىرىپتۇ - دە، قوچقارنى ئۆل
تۈرمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئالتۇن مۈڭ
گۈزلۈك قوچقار زۇۋانغا كېلىپ بالىغا:
— ھەي ئوغۇل، پەيلىڭدىن يان. بول
مىسا ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالىسەن، —
دەپتۇ.
ئەمما بالا قوچقارنىڭ سۆزىگە پىس
سەنتمۇ قىلماي پۇتلىرىنى چۈشەپ، بوغۇ
زىغا پىچاق سۇرۇپتۇ. شۇ ھامان قوچقار
بىر پارچە ئوتقا ئايلىنىپلا ئاسمانغا كۆ
تۈرۈلۈپتۇ. بالا ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ
قاپتۇ. ئەتىسى ئانىسى ئوغلىنى ئىزدەپ
قوتانغا بېرىپ قارىسا، ئوغلىنىڭ ئاغزى
تېزەككە چاپلانغان ھالەتتە ياتقۇدەك.
باي بەرگەن قېرى ساغلىقتىن باشقا قويلار ئۇ
يەر - بۇيەردە ياتقان پېتىچە تاشقا ئايلىنىپ
قاپتۇدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئانا ئوغ
لىنىڭ بەختسىزلىكىغا ھەسرەتلىنىپ دەريا -
دەريا ياش تۆكۈپتۇ. ئەمما ھېچ ئىش
ئورنىغا كەلمەپتۇ.

رەتلىگۈچى: مەھتىمىن ياسىن

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

## ئىشتا ئۆز ئارزۇسىنى ئۆلچەم قىلىش ئادىللىق ئەمەس

مىسىر پادىشاھلىرىدىن بىرى بىر ئەدەبسىز كىشىنى شەرىئەت بويىچە جازالاش ئۈچۈن سىياسەتگاھىغا ئېلىپ كېلىپ:

— ئۇنىڭغا ئەدەب تايىقى ئۇرۇڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئادەم تاياق ئاستىدا تۇرۇپ، يامان تىل بىلەن پادىشاھنى ھاقارەتلەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— ئۇنى ئۇرماي قويۇۋېتىڭلار، — دەپتۇ. ئەجەبلەنگەن ئوردا ئەربابلىرىدىن بىرى:

— ئەي پادىشاھ، بۇ شوخ بىھايانى تېخىمۇ زىيادىرەك ئەدەبلەش لازىم ئىدى. ئەپۇ قىلىشقا نېمە سەۋەب بولىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئۇنى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن تاياق بىلەن ئەدەبلىگەنىدىم. ئۇ مېنى ھاقارەتلىك تىلى بىلەن ئەدەبلىدى. نەپسىم ئىزا تارتىپ، غەزەپلىنىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭراق جازا بەرگۈم كەلدى. لېكىن مېنىڭ شەرىئەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئۆز نەپسىم ئارزۇسىنى دەپ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشىم مۇۋاپىق ئەمەس. شەرىئەت ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشقا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئارزۇ-ھەۋىسىمنى، خۇسۇسىي ئاداۋىتىمنى قوشۇۋالسام بۇ ئادىللىق بولمايدۇ. ياخشى ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى ئۇ ئىشقا شەخسىي غەرىزىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسا، بۇ خالىسانىلىق بولمايدۇ. بۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ساۋاب ئەمەس گۇناھقا، ئالقىش ئەمەس، قارغىشقا ئىگە بولىدۇ.

## سەۋرچان ۋە چىدامىلىق بولۇشنىڭ ئاخىرى بەختتۇر

تۇران پادىشاھلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنداق خەۋەر كەلتۈرۈلىدۇ: ئافراسىياب ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىگە: «مەردلىك ۋە مەردانىلىق جەھەتتە سىناپ كۆرمەي تۇرۇپلا، كىشىنىڭ سۈرىتىگە، بويىتۇرقى، چىراي ۋە شەكلىگە، لاپ ئۇرغانلىقىغا قاراپ ئالدىنىپ كەتمەڭلار» دېگەنىكەن.

بىر كۈنى ئافراسىياب ئەمىرلىرىدىن بىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەش

قىپتۇ. تۇساتتىن بىر چايان كېلىپ ئەمىرنىڭ كىيىمى ئىچىگە كىرىۋاپتۇ-دە، چېقىپ نەشتەر سانجىغىلى تۇرۇپتۇ. چايان شۇنداق قاتتىق چېقىپتۇكى، ئۇنىڭ ئۇنىڭ بارلىق زەھىرى ۋە نەشتىرى كاردىن چىقىپتۇ. ئەمىرمۇ شۇ دەرىجىدە چىدام ۋە سەۋىر-تاقەت كۆرسىتىپتۇكى، چىرايىنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتىپ قويماپتۇ. مەسلىھەتتىن توختاپمۇ قالماپتۇ.

كېڭەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئەمىر ئۆيىگە بېرىپ چاياننى كىيىمىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. كېيىن بۇ ئەھۋال پادىشاھقا ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن ھەيران بولۇپتۇ. ئەمىر ئىككىنچى قېتىم پادىشاھنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كەلگەندە پادىشاھ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئەمىردىن سوراپتۇ:

— ئىنسان زىيانلىق نەرسىنى ئۆزىدىن يىراق قىلىش زۆرۈر ئىدى. سەن نېمە ئۈچۈن چاياننى دەرھال ئېلىپ تاشلاپ ئازابتىن ئازاد بولمىدىڭ؟ ئەمىر جاۋاب بېرىپ:

— مەن ئۆزلىرىدەك بۈيۈك پادىشاھنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەت رىشتىسىنى چاياننىڭ نەشتەر ئۇرۇشى بىلەن ئۈزۈۋەتمەيمەن. ئەگەر بۈگۈنكى كېڭەشتە چاياننىڭ چېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىسەم، كەلگۈسىدە ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەننىڭ زەھەرلىك تىغىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەمىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپتۇ. ئەمىر چىدام ۋە سەۋر-تاقىتى ئارقىلىق يۇقىرى مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بوپتۇ.

## ياخشى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىدۇ

خەلىپە مەئمۇننىڭ دەۋرىدە شورلۇق زېمىندە ياشىغان بىر ئەرەب بار ئىكەن. ئۇ ئۆمرىدە تاتلىق سۇمۇ ئىچىپ باقمىغان ۋە تاتلىق مېۋىمۇ يەپ باقمىغان ئىكەن. بىر چاغدا ئەرەبنىڭ يۇرتىدا قەھەتچىلىك بولۇپتۇ، ھېلىقى ئەرەب ئاشلىق ئىزدەپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئەرەب تۇيۇقسىز مۇنبەت بىر زېمىنغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ تاتلىق سۇ توپلىنىپ قالغان بىر ئويمانغا كۆزى چۈشۈپتۇ، ئەرەبنىڭ كۆزىگە شامالدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان بۇ سۈزۈك سۇ بەكمۇ پاك ۋە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئەرەب بەكمۇ ھەيران بولۇپتۇ. ئۇ دەرھال سۇ لېۋىگە كېلىپ بىرئاز ئىچكەنىكەن، سۇ ئۇنىڭ تامىقىغا چەكسىز ھۇزۇر ۋە لەززەت بېغىشلاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «تەڭرىنىڭ جەننەتتە شېرىن ۋە ھۇزۇرلۇق سۈيى بار» دەپ ئاڭلىغانىدىم ئەگەر گۇمانىم توغرا بولسا، تەڭرىنىڭ موھتاجلىقىم ۋە تەشنالىقىمغا رەھمى كېلىپ، بۇ سۇنى جەننەتتىن ماڭا يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. بۇ سۇدىن بىرئاز ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھقا تۆھپە قىلسام، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھ ماڭا ئىنئام بەرسە، بالا-چاقىلىرىممۇ مۇشۇ سۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن قەھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالار...» دەپ ئويلاپتۇ، ئەرەب بىر تۇلۇمغا ھېلىقى يامغۇر سۈيىدىن قاچىلاپ، باغداد يولىغا راۋان بولۇپتۇ-دە، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

بىر قانچە مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن، شىكارغا چىققان خەلىپە مەئمۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئەرەب خەلىپىنىڭ قېشىغا بېرىپ، دۇئاغا ئېغىز ئېچىپتۇ. پادىشاھ ئەرەبكە قاراپ:

— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەرەب:

— «مەن پالانى سەھرادىن بولىمەن، ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى قەھەتچىلىك بالاسىغا دۇچار بولۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى» — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سىز قايسى تەرەپكە بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە. ھېلىقى ئەرەب:

— سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، لېكىن قۇرۇق قول كەلدىم. سىزگە شۇنداق ئۇلۇغ تۆھپە ئېلىپ كەلدىمكى، ھېچبىر كىشىنىڭ ئارزۇ قولى ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئەمەس، ھېچبىر مەخلۇقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئەمەس، — دەپتۇ.

خەلىپە بۇ سۆزدىن ئەجەبلىنىپ:

— ئەكەلگەن تۆھپىلىرىڭىزنى كەلتۈرۈڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

ئەرەب تۇلۇمنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— مانا بۇ جەننەت سۈيى، بۇ سۇنى ئالەمدە ھېچكىم ئىچكىنى يوق، — دەپتۇ.

خەلىپە بىر خادىمىغا تۇلۇمدىن بىر قاچا سۇ ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

خەلىپە سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ. تۇلۇمنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى بۇزۇلۇپ قاڭسىق بولۇپ قالغانىكەن.

خەلىپە ئەرەبنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپتۇ. ئەمما ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ، ئۇ ئەرەبنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆرمەپتۇ.

— ھەي قېرىندىشىم، — دەپتۇ خەلىپە ئۇنىڭغا، — راست ئېيتىپسىز. بۇ ھەم تاتلىق ھەم سۈزۈك سۇ ئىكەن. بۇنى ھەر قانداق كىشىگە بېرىشكە بولمايدىكەن، ئەمدى قالغان سۇنى مېنىڭ مەخسۇس سەرپىياتىم ئۈچۈن قالدۇرغايسىز.

خەلىپە سۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەرەبكە:

— ھەي بۇرادەر، سىز ماڭا ناھايىتى ياخشى تۆھپىلەرنى كەلتۈرۈپسىز، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ھاجەتلىرىڭىزنى سۆزلەڭ، — دەپتۇ.

— ئەي مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى، — دەپتۇ، ئەرەب، — بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى خەلقلەر ئاچارچىلىق ۋە سۇسىزلىق دەردىدىن ئۆلەر ھالەتكە يېقىنلاشتى. ئەھلى يۇرتلىرىمىزنىڭ، بالا ـ چاقىلىرىمنىڭ ھالى خاراب، شۇ ھاجەت ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم.

خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خەزىنىچىلەر ئەرەبكە مىڭ دىنار پۇل بېرىپتۇ. ئاندىن خەلىپە ئەرەبنى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، يۇرتداشلىرىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئەرەب كەتكەندىن كېيىن، خەلىپىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى:

— ئەي پادىشاھ، سىز نېمە ئۈچۈن ئۇ ئەرەب ئېلىپ كەلگەن سۇدىن باشقىلارغىمۇ بەرمەيسىز، نېمىشقا ئۇنى بۇ يەردىن ئۆتكۈزمەي قايتۇرۇۋېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— بۇ سۇ بەكمۇ قاڭسىق ۋە بەدبۇي ئىكەن، ئەرەب ئۆزى ئىچىپ كۆنگەن سۇيىگە سېلىشتۇرۇپ، بۇ سۇنى جەننەتنىڭ

سۈيى دەپ خىيال قىپتۇ. ئەگەر بۇ سۈنى
سىلەرگە بەرگەن بولسام، سىلەر ئۇ ئەرەب-
نى ئەيىبلىگەن، مەسخىرە قىلغان بولاتتىڭ-
لار. ئۇ بىچارە ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن
قىلغان ئىشىدىن شەرمەندە بولغان بولاتتى.
ئەگەر بۇ يەردىن قايتۇرۇۋەتمىسەم ئۇ
بىرىپ دەريانىڭ تاتلىق ۋە تىپخىمۇ ھۇزۇر-
لۇق سۈيىدىن ئىچىدۇ - دە، مۇنچە بەدبۇي
سۈنى مىنىڭ قىشىمغا ئىلىپ كەلگىنىگە
خىجالەتچىلىك تارتىپ قالىدۇ. بىر موھتاج
كىشى مىنىڭ مۇكاپات ۋە ئىھسانىمدىن
ئۈمىد كۈتۈپ كىلىپ، ئاقىۋەت نائۈمىد
بولۇپ، چىرايىغا خىجالەتچىلىك چاڭ-
توزانلىرىنى قونۇرۇپ قايتىشىدىن ھايا
قىلدىم، - دەپتۇ.

## ئەدەب - ئەخلاق ىبباھا بايلىق

مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن
بولغان ئاداۋىتىنى تۈگىتىپ، ئوتتۇرىدا
ئىناقلىق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىزىنى رۇم سۇلتانىنىڭ
ئوغلىغا نىكاھلاپ بىرىپتۇ. رۇم سۇلتانىمۇ
ئۆز قىزىنى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا
بىرىپتۇ. ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلغاندىن كىي-
يىن، ئەلچىلەر ۋە مەكتۇپلار ھەر ئىككى
تەرەپتىن ئۈزۈلمەي يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان
بولۇپتۇ. بۇ ئىككى پادىشاھ ئىتتىپاقلاش-
قانلىقتىن ھەر ئىككى دۆلەت گۈللىنىپ
تەرەققىي قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ
قىلماقچى بولغان ھەربىر چوڭ - كىچىك
ئىشلىرىدا بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ
تۇرىدىكەن. مۇھىم ئىشلىرىغا بولسا ئۆز-
ئارا مەسلىھەتلەشمەي قەدەم قويمايدىكەن.
بىر كۈنى مىسىر پادىشاھى رۇم سۇل-
تانى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دەپتۇ:
- بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىز - تىرىكلى-
كىمىزنىڭ ئاساسى، ھاياتىمىزنىڭ جەۋھەرلى-
رىدۇر. بىزلەر ئالەمدىن ئۆتسەك، نام - نىشا-
نىمىز ئەنە شۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئارقىلىق
ساقلىنىدۇ. ھېكمەتلەردە «تىرىكدۇر دىيار-
دە ھەر كىمكى ئول، قويۇپ كەتتى ئورنىدا
ياخشى ئوغۇل» دىيىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ بىزلەردىن كىيىن خۇشال - خۇرام،
خاتىرجەم ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يىيىشىمىز
كىرەك. ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت
ئەسۋابلىرىنىڭ پىكرىنى قىلىشىمىز كىرەك.
مەن ئوغلۇم ئۈچۈن قىممەت باھالىق نەفىس
ماللار، سانسىز ياخشى ئات، تۆگىلەر ۋە
باشقا ھەر خىل چارۋىلار، كىيىم - كىچەك-
لەر، ئۆي - ئىمارەتلەر، تۈگمەنلەر ۋە
باشقا مال - مۈلۈكلەرنى مىراس قىلدىم.
سىز ئوغلىڭىزنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن
نىمە تەدبىر كۆردىڭىز، نىمىلەرنى تەييار
قىلدىڭىز؟» - دىدى.
بۇنى ئاڭلىغان رۇم سۇلتانى كۈلۈپ
كىتىپ:
- مال - مۈلۈك ۋاپاسىز، يارۇ - دوست
تۇراقسىزدۇر، مال - دۇنيانىڭ ھىسابىنى
قىلىش كىرەك. لىكىن بۇ دۇنيانىڭ
بايلىقلىرىغا ئالدانماسلىق لازىم. مەن ئوغ-
لۇمنى ئەدەب كىيىملىرى بىلەن جابدۇپ
قويدۇم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى سۈپەت ۋە
ئەدەب - ئەخلاقلارنى مىراس قويدۇم. مالغا
زاۋال يەتسىمۇ، لىكىن ئەدەب - ئەخلاق
مەڭگۇ قىممەتلىكتۇر، - دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مىسىر پادىشاھى
«ئەل ــ ئەدەبۇ خەيرۇن ـ مىنەززەھەبى»
(ئەدەب ـ ئەخلاق ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك)
دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ، رۇم سۇلتانىـ
نىڭ پىكرىگە قايىل بولۇپتۇ. بۇ مەنىدە
مۇنداق بىر نەزم بارلىققا كەلگەن:

ئەدەب بايلىقى قارۇن كەنجىدىن خوپ،
ئەدەب قەدرى پەرىدۇن مۇلكىدىن خوپ.
نەزەردە تۇتمىغاي پۇل ـ مالنى دانا،
مۇلۇك چۇنكى بولالماس مەڭگۇ ھەمراھ.
ئۇلار ئارزۇ قىلار ئىلمۇ ئەدەبنى،
ئۇلار تاپقان ئەدەبتىن شان ـ شەرەپنى.

## خەلقنىڭ دىلى ئادالەتتىن مەڭگۇ سۆيۈنىدۇ

ئۆتكەنىكى زاماندا سۇلتان مەلىك
شاھ سەلجۇقى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىـ
كەن. ئۇ بىر كۇنى زىندەرۇد ئېقىنى بويىدا
شىكار قىلىۋېتىپ ئىستىراھەت ئۇچۇن
كۆكلەمزارغا چۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ خادىملىرىـ
دىن بىرى كەنتتىكى ئېرىق لېۋىدە ئوتـ
لاپ يۇرگەن بىر كالىنى كۆرۇپ، ئۇنى ئۆز
ئادەملىرىگە تۇتتۇرۇپ كېلىپ، ئۆلتۇرۇپ،
گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. كالىنىڭ ئىگىـ
سى شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇل
خوتۇن بولۇپ، ئاشۇ كالىنى سېغىپ سۇتىـ
نى سېتىش ئارقىلىق تۆت بالىسىنى بېقىپ
كۇن ئۆتكۇزىدىكەن. ئۇ خوتۇن بۇ ئەھۋالـ
دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يىغلاپ
بىھوش بولۇپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن
ھېلىقى پادىشاھ ئۆتىدىغان يولدىكى كۆۋـ
رۇكتە ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ دۆلەت
ئەربابلىرى بىلەن يېتىپ كېلىۋاتقاندا
ھېلىقى خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھنىڭ
ئالدىنى توسۇپ ئەھۋال ئېيتماقچى بولغاـ
نىكەن، كالىنى ئۆلتۇرگەن خادىم ئۇ بىچاـ
رىنى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپتۇ.

ــ توسما، ــ دەپتۇ سۇلتان مەلىك
شاھ، ــ بۇ ئاجىز بىچارە كۆرۇنىدۇ. سۆزىنى
ئاڭلاپ باقايلى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار
جۇرئەتلىك ۋە تىلى ئۆتكۇر كېلىدۇ.

ئايال ئەرزە تىلىنى ئېچىپ دەپتۇـ
كى:

ــ ھەي ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئوغلى،
ئەگەر سىز بۇ زىندەرۇد دەرياسىنىڭ كۆۋـ
رۇكىدە دادىمغا يەتمىسىڭىز قىيامەت كۇنى
سىرات كۆۋرۇكى ئۇستىدە ئاداۋەت
قولۇمنى ياقىڭىزدىن ئالماسمەن، قايسى
بىرىنى ئىختىيار قىلىسىز، ئويلاپ كۆرۇڭ.

ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىنىڭ ھەيۋىتىدىن
سۇلتان دەرھال ئاتتىن چۇشۇپ پىيادە
بولۇپتۇ.

ــ ھەي ئانا، ــ دەپتۇ سۇلتان ئۆتۇـ
نۇپ، ــ مېنىڭ ئۇ كۆۋرۇك ئۇستىدە جاۋابـ
كار بولۇشقا تاقىتىم يوق. ھازىر ئېيتىڭ،
كىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىڭىز، مەن
دادىڭىزغا يېتىمەن.

خوتۇن:

ــ ئەي پادىشاھ، باياتىن سىزنىڭ
ئالدىڭىزدا ماڭا ئازاب قامچىسىنى كۆتۇرـ
گەن مۇشۇ خادىمىڭىز مېنىڭ تىرىكچىلىك
بۇلىقىمنى زۇلۇم تۇپراقلىرى بىلەن تولدۇرـ
دى. يېتىم باللىرىم ۋە مەن ئاجىزنىڭ
تىرىكچىلىك دەسمايىمىز بولغان بىر كالاـ
نى ئۆلتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ غىزاسى ئۇچۇن
كاۋاپ قىلدى. ياق ئۇ كالىنى ئەمەس، مەن
بىچارىنىڭ يۇرەك ـ باغرىنى كاۋاپ قىلـ

دى، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ تۇل خوتۇنـنىڭ دادىنى
ئاڭلاپ دەرھال ئۇ خادىمغا سىياسەت تەـ
منى تېتىتىپتۇ. ئۇ خوتۇننىڭ بىر كالىسى
ئورنىغا ئۇ خـادىمـنىڭ ھالال مېلىدىن
يەتـمىش سېغىن كالا ئېلـىـپ بېرىـشنى
بۇيرۇپتۇ. ماللار دەرھال ئۇ خوتۇنـنىـڭ
قولىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ پادىشاھ
ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا
ئۇنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشكەن خوتۇن
پادىشاھنىڭ قەبرىسىگە بېرىــپ، ھــاجەت
يۈزىنى دۇئا قىلىشىگە قارىتىپ تۇرۇپ
دۇئا قىپتۇ: «ئەي تەڭرىم، مەن دەردمەند
بولغان ۋاقتىمدا بۇ تۇپراق ئىچىدە ياتقان
بەندەڭ ياردەم قىلىپ مېنىڭ ھاجىتىمـنى
راۋا قىلـغانـدى. ئەمـدىلىكتە ئۇ سېنىڭ
رەھمىتىڭگە موھتاج بولۇپــتۇ. ئۇ مېنىڭ
بىچارىلىك ۋاقتىمدا ماڭا رەھىم قىلغانىدى.
ئۇ ھەم بىچارە بولۇپتۇ. سەنـمۇ ئۇنىڭـغا
رەھىم قىلغىن».

## قەلبـلەرنى بويـسۇنـدۇرۇشـنىڭ ئەپچىل چارىسى

پادىشاھ خۇسرەۋنىڭ شان ـ شەۋكەت ۋە
باتۇرلۇق ـ شىجائەتتە تەڭداشسىز بىر قومانـ
دانى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ لەشكىرىي ئىلىمـ
دىكى مىسلىسىز ئىستېداتى بىلەن مەشھۇر ئىـ
كەن. كارامەت تەدبىرلىك ۋە ئاجايىپ جۈرئەتـ
لىك كىشى ئىكەن. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ ئىقتىـ
دارى ۋە خىزمىتىدىن كۆپ مەمنۇنكەن. شۇڭا
ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دانا مەسـ
لىھەتچىسى دەپ بىلىدىكەن. ئۇ قوماندان
شاھنىڭ ھۇزۇرىدا گوياكى:

مەملىكەتنىڭ ھۆسنىگە زىننەت ئىدى،
سەلتەنەت قوللىرىغا قۇۋۋەت ئىدى.

دېگەن مىسرالاردىكىدەك مەرتىۋىدىكەن.
بىر كۈنى ئايىغاقچىلار پادىشاھقا:
ــ بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە سىزنىڭ ئۇ
پالۋىنىڭىز ئىتائەت قىلىش يولىدىن چىقىپ،
باشتۇڭلۇق بىلەن سىزگە دۈشمەن بولىدىـ
غاندەك تۇرىدۇ. ئەھۋال يۈز بېرىشـتىن
ئاۋۋال ئۇنىڭغا چارە كۆرۈش كېرەك، ــ دەپ
ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

خۇسـرەۋ بۇ سۆزنى ئاڭلـىغانـدىن
كېيىن غەم ـ قايغۇغا چۆكۈپتۇ. كۆڭلىدە:
«ئۇ پالۋىنىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەملىكەت
شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئورۇنلىشىپ، ماڭا
قارشى سەپ تۈزسە، چوڭ ـ چوڭ سىپاھىلىرىم
ۋە ئاساسلىق لەشكەرلىرىم ئۇنىڭ تەرەپدارى
بولىدۇ. ئۇنىـڭ دۈشـمەن بولۇپ قوشۇن
تارتىپ كېلىشى بىلەن سەلتەنىتىم مىزانىغا
نۇقسان، شاھلىقىم گۈلزارىغا خازان يەتسە
قانداق قىلارمەن» دېگەنلەرنى ئويـلاپـتۇ.
پادىشاھ ئاخىرى بۇ مەسىلە ھەققىدە دۆلەت
ئەربابلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتـكۈزۈپـتۇ.
كېڭەشتە ئۇ قوماندانىنى بەند قىلىش قارار
قىلىنىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ ئۇ قوماندانىنى ئۆز ھۇزۇۋـ
رىغا چاقىرتـىپ ئەكىلىپ بۇرۇنـقى دەرىـ
جىسىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ.
ئۇنىڭ بارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ياخـ
شى ئىش ـ پائالىيەتـلىرىنى ناھايىتى كۆپ
مەدھىيىلەپتۇ. قىممەتلىكبۇ يۇملارنى سوۋغا
قىلىپ، ئۇنى تارتۇقلاپـتۇ. ئانـدىن يەنە
ئوردا دەرۋازىسىغىچە چىقىپ ئۇنى ئىززەت

بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.
بەدنىيەت ئايغاقچىلار بۇ ئىشقا يەنە
شكايەت تىللىرىنى سوزۇپ:
— پادىشاھ تۇنۇگۇن قىلىشقان كېڭەشـ
كە نېمە ئۇچۇن بۇگۇن خىلاپىـلىق قىلىـ
دۇ،— دېيىشىپتۇ.
پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:
— مەن كېڭەشكە خىلاپلىق قىلمىدىم،
قىلغان سۆزلىرىمدىنمۇ يېنىۋالمىدىم. كېڭەشـ
تە ئۇ ئەمىرنى بەند قىلىش قارار قىلىنغان.
مەن ئۇنى ئەڭ ئۇنۇملۇك هالدا بەند قىـ
لىشنى قارار قىلدىم. ئەڭ ياخشى بەند قىـ
لىشتا ئۇنىڭ قەلـبىدىن باشـقا مۇۋاپىق
ئەزاسىنىڭ يوقلۇقىنى هېس قىلدىم. ئىنئام-
ئېھسان ئارغامچىسى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى
باغلىيالىساملا باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭ قەلـ
بىگە ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالـ
غان بارلىق ئەزالىرىنىمۇ ئۇنۇمـلۇك بەنـد
قىلـغان بولىمەن. سىلەر ئويـلىغان تۆمۈر
بەنـدكە كىشـلەر ئىـكەك سالسا بۇزۇلۇپ
ئاجرايدۇ. هالبۇكى، قەلبكە سالغان بەندكە
هېچ نەرسە تەسىر قىلالمايدۇ. «قۇشـلارنى
دان بىلەن، ئىنسانلارنى ئېھـسان بىلەن
ئوۋلاش كېرەك» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىـ
مىغانمىدىڭلار، — دەپتۇ.
شۇ چاغدا پادىشـاھ كۆڭـلىگە: «بۇ
پالۋىنىمنىڭ دىلىدىكى دۈشمەنلىك داغلىرىـ
نى ياخشىلىق ۋە ئىنئام بۇلىقىنىڭ سۈيـى
بىلەن يۇيۇپ ئاداۋەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىـ
نى، ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قولىنىڭ كۈچى
بىلەن يۇلۇپ تاشلاي» دېگەن ئاقىلانە پىكىر
چوڭقۇر ئورۇنلاشـقانىكەن. شۇ قېتىمـلىق
ۋەقەدىن كېيىن ئۇ قوماندانىنىڭ شاھ خۇسـ
رەۋگە بولغان ئىخلاس ۋە ساداقىتى تېخىـ
مۇ چىڭىيىپتۇ. جان پىدالىق كەمىرىنى بېـ
لىگە چىڭ باغلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە
پـۈتـۈن ۋۇجۇدى بىلەن شـاھ ئۈچۈن
خىزمەت قىلىپتۇ.

## ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەممىنى قايىل قىلـىدۇ

سېخىي ئادەملەرنى ئۇنىڭ خەيرى -
ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولمىغان كىشلەر-
مۇ ئۆزىگە دوست هېس قىلىدۇ. مەسىلەن،
قەشقەر خەلقى هىندىسـتانـدا بىر سېخىي
كىشى بار، دەپ ئاڭلىسا، ئۇنى كۆرمەستىن
دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئېھـسانىغا تەھسىن
ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ سېخىي دۇنيادىن
ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنى ئەسلەيدۇ. پەزىلەت
ۋە ساخاۋىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.
هاتەم تەيىنىڭ ۋاپاتىغا توققۇز ئەسىر-
دىن ئاشتى. لېكىن هازىرغىچە ئۇنىڭ هاياتىنى
ئەسلىگەن كىشلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ خاتىرە
سۆزلىرىنىڭ باھارى مەدھىيـە ۋە ئاپىرىن
شامالىلىرى ئارقىلىق خۇش پۇراق چاچماقتا.
ئۇنىڭ جانىنى ياشارتقۇچى هېكايەتنامىلىرى
ئالقىش گۈللىرى بىلەن زىننـەتلەنمەكتە.
ئۆز دەۋرىدە هاتەمنىڭ سېخىيـلىق
نامى ۋە قىلـغان ساخـاۋىتىنىڭ شۆهـرىتى
پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ
كىشلەر كۆڭلىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتـقان
ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىدىن بارغانسېرى
هەسەت ئوتىغا گـىرىپـتار بولغان يەمەن
سۇلـتانى، شام پادىـشـاھـى ۋە رۇمـنىڭ
هۆكۈمـدارى هاتەمـگە ئاداۋەت قىلىـشـقا
باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ هەر بىرى ئۆز
ئالدىغا سېخىيلىق دەۋاسىنى قىلـىشـىپ،

مەردانىلىق لاپلىرىنى ئۇرۇپ يۇرۇشىدىكەن. هالبۇكى، هاتەمنىڭ سېخىيلىقى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەيدىكەن. شۇڭا پادىشاھلار هاتەمنى ئۆز ئالدىغا سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئالدى بىلەن شام پادىشاھى هاتەمنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز دانە قىزىل يۈڭلۈق، قارا كۆزلۈك تۆگە تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ چاغدا مۇنداق تۆگىلەر پۈتۈن ئەرەب ۋىلايەتلىرىدە كەمدىن-كەم تېپىلىدىكەن. تېپىلغاندىمۇ ئىنتايىن قىممەت سېتىلىدىكەن. هاتەمنىڭ ماللىرى ئىچىدە بولسا، بۇنداق سۈپەتلىك تۆگە يوقكەن. شام پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى هاتەمنىڭ قېشىغا كېلىپ پادىشاھنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ. هاتەم پۈتكۈل ئەلچىلەرنى خاس مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خادىملىرىنى يىغىپ:

— ھەممە يۇرت-قەبىلىلەرگە بېرىڭلار، «ھەر كىمنىڭ قىزىل يۈڭلۈق قارا كۆزلۈك تۆگىسى بولسا هاتەم قېشىغا ئېلىپ بارسا، ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھادا ئالىدۇ، تۆگىنى ئېلىپ بارغان كىشىگە يول مۇشەققىتىنىڭ ئەجرى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ» دەپ ئېلان قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

هاتەم شۇ ئۇسۇل بىلەن ئەرەب خەلقىدىن يۈز دانە تۆگە قەرز ئېلىپ شام پادىشاھىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر بۇ تۆگىلەرنى شاھقا كۆرسىتىپتۇ. شاھ ئەھۋالدىن ھەيران قېلىپ:

— مەن بۇ ئەرەبنى مۇنداقچە سىناپ كۆرۈۋىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى بىھېساب قەرزگە بوغۇپتۇ، — دەپتۇ. ئاندىن پادىشاھ بۇ تۆگىلەرگە مىسىر ۋە شامنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ماللىرىنى يۈكلەپ، قايتۇرۇپ هاتەمگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلچىلەر تۆگىلەرنى نۇرغۇن ماللار بىلەن هاتەم قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ. هاتەم بارلىق تۆگە ئىگىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز تۆگىسى بىلەن تۆگىدىكى ماللارنى قوشۇپ بېرىۋېتىپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ خەۋىرى شام پادىشاھىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شاھ ئۆز يېقىنلىرىغا:

— مۇنداق ئاجايىپ مەردلىكنىڭ ئادەمزات قولىدىن كېلىشى بەكمۇ تەس، مەن هاتەمنىڭ ھەقىقەتەن ساخاۋەت بابىدا تەڭداشسىز كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، — دەپتۇ.

* *

رۇمنىڭ پادىشاھى هاتەمنىڭ ساخاۋەت دەبدەبىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى سىناپ بېقىشنىڭ خىيالىغا چۈشۈپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى هاتەمنىڭ ئوقتەك تېز چاپىدىغان بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شاھ ۋەزىرىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— هاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى ئەرەب ۋە ئەجەم دۇنياسىغا پۇر كەتتى. ئۇ ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتتە مەغرىبتىن-مەشرىققە قەدەر تونۇلدى. مەن ئۇنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم. كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېتىنى تەلەپ قىلماقچىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتنى پىششۇرغاندىن كېيىن، لايىق سوۋغا-سالاملارنى قوشۇپ هاتەم قېشىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ

بارغاندا، ھاۋا سوۋۇپ كېتىپ، قار يېغىپتۇ. ھاتەم ئەلچىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئىستىقبالىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ، ئالىي مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ھاتەم خادىملىرىغا مېھمانلارنىڭ زىياپىتى ئۈچۈن ئات ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. مۇلازىملار ھاتەمگە:

— ئاتلارنىڭ ھەممىسى يايلاقتا، بۇ يەردە پەقەت ھېلىقى تەڭداشسىز ئۇچقۇر ئاتتىن باشقا ئات يوق، — دەپتۇ. ھاتەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مەيلى، ئاشۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مېھمانلار رۇم سۇلتانى تەلەپ قىلغان ئاتنىڭ گۆشىدە مېھمان بولۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ھاتەم مېھمانلارنى ئازادە ئىستىراھەت قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ھاتەم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزرە ئېيتقان ھالدا كىرىپتۇ. ئەلچىلەر رۇم سۇلتانىنىڭ خېتىنى ۋە سوۋغاتلىرىنى ھاتەمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ھاتەم پادىشاھنىڭ خېتىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلىپ، ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش ئىپادىسىدە بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەلچىلەر:

— ئەي ھاتەم، سىز پادىشاھىمىزنىڭ تەلىپىگە مۇنچىۋالا پەرىشانلىق كۆرسەتمىگىز، بىزنىڭمۇ سىزنى ئارتۇقچە تەڭلىكتە قويۇشقا ئامالىمىز يوق، — دېيىشىپتۇ.

ھاتەم بۇلارنى ئاڭلاپ:

— يوقسۇ، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، رۇم سۇلتانى مېنىڭدىن بىر ئات تىلەپتۇ. مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا بۇ قەدەر كۆپ ئەلچىلەرنى ۋە ئېسىل سوۋغىلارنى ئەۋەتىپتۇ. مېنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن خىزمەتكە لايىق كۆرۈپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال. مېنىڭ ھازىرقى پەرىشانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۈنۈگۈن سىلەرگە زىياپەت قىلغانلىرىم دەل ئاشۇ ئاتنىڭ گۆشى ئىدى. ئىسىت، ئەھۋالدىن نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق خەۋەر تاپمىدىم. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپسام پادىشاھنىڭ ئۈمىدىنى زايا قىلماس ئىدىم، خىزمىتىدىن مەھرۇم بولماس ئىدىم، — دەپ مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپتۇ.

شۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن رۇم سۇلتانىغا بۇ ئات نېسىپ بولماپتۇ. لېكىن ھاتەم بۇ ئەلچىلەرگە نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ، ھېسابسىز سوۋغا-سالاملار بىلەن قايتۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ سۇلتانغا ئەھۋالنى بىر-بىر بايان قىپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭ ئىنساب-ساخاۋەتتە مىسلىسىز، ئەخلاق-پەزىلەتتە تەڭداشسىز مەرد ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپتۇ. ئۇنى «سېخىيلىق بابىدا جاھاندا يېگانە ئادەمكەن» دەپ تەرىپلەپتۇ.

دېسە بولغاي ئادەم ئەۋلادى ئارا،
كەلمىدى ئۇنداق سېخىي ئادەم يانا.
نانىنى مۇھىم بىلدىلەر بارچە كىشى،
كەتتى ھاتەم بىلە ساخاۋەت ئىشى.

* *

يەمەن پادىشاھى ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان پېقىر ۋە موھتاجلارغا داستىخىنىنى كەڭ يايىدىغان، مەرد كىشى ئىكەن. بۇ پادىشاھ ئۆز ساخاۋىتىدىن باشقا سۆزىنىڭ ئەل ئاغزىدا سۆزلەنمەسلىكىنى، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ يېگانە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ بۇ خۇسۇستا مەشھۇر بولۇپ قالماسلىقىنى

ئويلايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قېشىدا
هاتەم تىلىغا ئېلىنسا غەزەپ ئوتلىرى
لاۋۇلداپ، هاتەمگە هاقارەت قىلىشقا
باشلايدىكەن: «هاتەم بولسا مېنىڭ ۋىلا-
يىتىمنىڭ پۇقراسى، ھەتتا ئۇ بىر سەهرا-
لىق. ئۇنىڭدا نە جاھاندارلىق مەنسەپى
ياكى مۇلۇكدارلىق مەرتىۋىسى يوق. ئۇ
بۇنداق نېسىۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەهرۇم.
ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ قولىدىن
كىشىلەر ماختاپ مەدھىيىلىگۈدەك قانچىلىك
ساخاۋەت كېلىدۇ. ھاتەمنىڭ پەقەت بىر-
قانچىلا ئات - تۆگىلىرى بار. بۇنىڭ
بىلەن قانچىلىك ساخاۋەت ئىشىكىنى ئاچا-
لايدۇ، مەن ھاتەمنىڭ بىر يىللىق ساخاۋى-
تىنى بىر كۈندە بىر ئادەمگىلا بېرىمەن.
ئۇنىڭ يۈز مېهماندارچىلىقىنى ماڭا كەلگەن
بىر مېهماننىڭ ناشتىلىقىغا بېرىمەن» دېگەن-
دەك سۆزلەرنى قىلىپ ھاتەمنىڭ ئىززەت-
ھۆرمىتىگە شەك كەلتۈرىدىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى شۇنداق چوڭ
ھەشەم بىلەن بىر زىياپەت قىلىپتۇ. شاھانە
داستىخانلىرىنى كەڭ يېيىپتۇ. پۈتۈن
خاسۇ - تائاملارنى جەم قىلىپ، تۈن بويى
خەيرى - ساخاۋەت قىلىپتۇ ئالتۇن كۈمۈش-
لەرنى تۆكۈپتۇ. ياقۇت، مەرۋايىتلارنى
چېچىپتۇ. زىياپەت خۇشلۇقى سەۋەبىدىن
بىرسى تۇساتتىن ھاتەمنىڭ ئىسمىنى ياد-
لاپتۇ. بېيىت:

بىرى ھاتەم ئىشىنى زىكرى قىلماققا ئېغىز
ئاچتى،
سېخىيلىقنى بايان قىلماق بىلەن مەجلى-
سكە دۇر چاچتى.

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزگە زەردىسى قاي-
ناپ، پەرىشان بولۇپتۇ. ھەسەت قانلىرى
تومۇرلىرىدا ھەرىكەتلىنىشكە
باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە:
«بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ تىلىدىن ھاتەم-
نىڭ نامى چۈشمەيدىغان بولدى. ھەممە
كىشىنىڭ ئېغىزىدا ھاتەمنىڭ مەدھىيىلىرى-
دىن باشقا گەپ يوق، ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە
ساخاۋەتلىرى كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىگە نەقەدەر چوڭقۇر
ئورۇنلاشقان - ھە؟!» دېگەن ئەندىشىلەر
پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھ شۇندىن كېيىن
بىردىر چارە قوللىنىپ، ھاتەمنى دۇنيادىن
يوق قىلىش نىيىتىگە كېلىپتۇ. بېيىت:

جاھان سەھنىدە مەۋجۇت بولسا ھاتەم،
مېنى ياخشى دېمەسلەر ئەھلى ئالەم.

پادىشاھنىڭ كىشىلىرى ئىچىدە بىر پۇل
ئۈچۈن يۈز كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن
يانمايدىغان، ئانچىكىم ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىنى رەنج ۋە
ئازار تاشلىرى بىلەن سۇندۇرۇپ ئۆتىدى-
غان بىر مەككار كىشى بار ئىكەن. پادىشاھ
ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئادەتتىكىدىن
كۆپ ئىلتىپاتلار قىلىپتۇ. يەنە نۇرغۇن
ئىنئام - مۇكاپاتلارغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن
ئۇنىڭغا مۇنداق پەرمان بېرىپتۇ:

— سەن تېزلىك بىلەن ھاتەم قەبىلى-
سىگە بارغىن، كۆڭلۈڭگە يەتكەن ھەممە
نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغىن، خاتىرەڭ قو-
بۇل كۆرگەن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ
بولسىمۇ ئۇ ھاتەمنى ھاياتلىق مۈلكىدىن
ماماتلىق سارىيىغا يوللىغىن، «ھاتەم» دې-
گۈچى بارلىق كىشىلەرنى «ماتەم» دېگۈزى-
ۋەتكىن. ئەگەر شۇ ۋەزىپىنى بېجىرەلىسەڭ،
سېنى شاھانە ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلايمەن.

ئۇ مەككار كىشى شاھنىڭ ئىشەنچىسى-
گە ئېرىشكىنى ئۈچۈن، قىن قىنىغا پاتماي

ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ھاتەمنى ئۆلتۆ-
رۇش ۋەزىيىسىنى زىممىسىگە ئېلىپتۇ. بىر-
قانچە مەنـزىللەرنى بېسىپ، ئاخىرى تەي
قەبىلىسىگە يېتىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ بۇ-
رۇن بۇ يەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھاتەمنىڭ
قورۇسىنى تاپالماي ھەر تەرەپلەرگە دوقۇ-
رۇپ، تېنەپ ـ تـەمـتىرەپ يـۈرگىنىدە،
تۇساتتىن بىر يىگىت ئۇچراپ قىلىپتۇ. ئۇ
يىگىتـنىڭ چىرايىدىن خۇش خۇيلۇقى ۋە
مېھمـانـدوستلۇقى بىلىنىپ تۇرار ئىكەن.
يىگىت ئۇ مەككارنىڭ شۇ مەھەللىگە مۇساپىر
ئىكەنـلىكىنى سېزىپـتۇ. ئۇنىڭغا چوڭقۇر
مېھرىبانلىق كۆرستىپ شېرىن تىل بىلەن
سوراپتۇ.

— قەيەردىن كەلدىڭىز، قاياققا بارـ
ـسـىز؟!

مەككار:

— مەن يەمەندىن كەلدىم، شامغا بار-
ماقچىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت:

— ئۇنـداق بولسا بۈگـۈن مـېـنىڭ
ئۆيۈمگە ئىلتىپات قىلىڭ، پېقىر خىزمەتكار-
لىق سۈپىتىدە شەرەپ نەزەرىڭىزگە ئېلىنى-
غايمەن، ئۆيۈمنىڭ سەھنىسىنى پايى قەدى-
مىڭىزنىڭ زىنـنىتى بىلەن يورۇتسىڭىز،
مەن جان ـ دىلىم بىلەن مىننەتدار بولغان
بولاتـتىم، — دەپتۇ.

مەككار ئۇ يىگىتنىڭ خۇش خۇيلۇقى،
كۆڭۈلـچەكلىكىگە مەھلىيـا بولۇپـتۇ ـ دە،
يىگىتنىڭ مەنزىلىگە بېرىپتۇ. يىگىت مېھ-
ماندارچىلىقنىڭ رەسمىيەتلىرىنى شۇ قەدەر
ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلـتۈرۈپـتۇكى، ئۇ
مەككار ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەي
قاپتۇ. ئۆمرىدە ئۇ تېخى مۇنداق زىياپەتـ
نى كـۆرۈپ باقـمىغان، ھەتـتا تەسەۋۋۇر
قىلىپمۇ باقمىغانىكەن. رەڭمـۇ رەڭ نېمەتـ
لەر، خىلـمۇ خىل تائاملار، تۈرلۈك ـ تۈمەن
شەربەتلەر تەرتىپ بويىچە ئۈزۈلمەي ئۇنىڭ
ئالـدىـغـا كـېـلـىـپ تـۇرۇپـتـۇ.
مېھمان بۇ يىگىتنىڭ مۇنچە كاتتا ئىلتىپاتـ
لىرى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئاپىرىن ئوقۇپـ
تۇ. زوق ـ شوق بىلەن ئاغـزى ـ ئاغـزىـغا
تەگمـەي: «بارىكاللـىلا، ئادەمـدە پەزىلەت
دېگەن مۇشۇنـداق بولسا، ئەردە ھىممەت
دېگەن مۇشۇنداق بولسا» دەپ ماختاپـتۇ.
ئۇلار بۇ كېچىنى ئەنە شۇنـداق زىياپـەت
ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا بۇ مېھمان ئۆيىدىن ئۆز
مەقسىتى تەرەپـكە قاراپ يول ئالماقـچى
بولۇپتۇ. يىگىت مېھماننىڭ خوشلـىشىش
تەرەددۇتىدىن پەرىشـان بولۇپ ئوتـلۇق
بېيىتلارنى تىلىغا جارى قىلىپتۇ. بېيىت:

يۈز داغ تۈشتى كۆڭلۈمگە يەتكەچ جۇدالىقىڭ،
ھەي ئىسىت، بولمىسا بوپتىكەن بۇ ئاشنالىقىڭ.

يىگىت ئاندىن تېخىمۇ كۆڭۈل ئىز-
دىگەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، ئىككى ـ ئۈچ كۈن
بۇ يەردە تۇرساڭ، سۆھبىتىڭـنىڭ پەيزى
بىلەن مېنى خۇشال قىلساڭ قانداق بولار؟!

مەككار:

— ئەي ئەزىز، شۇنچە كۆپ ئىلتىپاتـ
لارنى قىلدىڭ. ئۆزرە ئېيتىشقا ئاجىزمەن،
مېنى كۆپ ھايال قىلمىساڭ، چۈنكى بېشىمدا
مۇشكۈل ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنـداق بولسا بۇ ئىشـلىرىڭـدىن
مېنى خەۋەردار قىلغىن، قولۇمدىن كەلگىنى-
چە ئۇ ئىشلىرىڭغا ياردەم قىلىمەن، — دەپـ
تۇ يىگىت.

مەككار ئۆمرىدە تۇنـجى قېتىم دۇچ

كەلگەن بۇنداق مەردانە كىشىگە قايىل بولۇپتۇ. كۆڭلىدە: «مەن مۇنچە چوڭ ئىشقا قەدەم قويۇپتىمەن. يارسىز، مەدەتكارسىز بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تەس. بۇ ھىممەتلىك، تەجرىبىگە باي، سېخىي ۋە مۇساپىرلارنى يۆلەيدىغان يىگىت ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بۇ مۇشكۇل ئىشىمدا ھەمراھ قىلسام يامان بولماس» دەپ ئويلاپتۇ.

مەككار ئۇ يىگىتكە ئۆز سىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن يىگىتتىن سىر ساقلاش ھەققىدە نۇرغۇن قەسەم، ۋەدىلەرنى ئېلىپتۇ. ئاندىن ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:


— بۇ يەردە ھاتەم ئاتلىق بىر كىشى بار ئىمىش، ساخاۋەت ۋە مەردلىك لاپلىرىنى تولا ئۇرارمىش، ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق داپلىرىنى زىيادە چالارمىش، بۇ خەۋەردىن يەمەن پادىشاھىنىڭ كۆڭلىگە ھەسەت ئوتلىرى چۈشۈپ، مېنى ئۆز قەسرىگە چاقىرىپ كېلىپ، ناھايىتى كۆپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى، ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئاندىن ئۇ ھاتەمنى ئۆلتۈرۈشكە، بېشىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا سوۋغا قىلىشقا پەرمان بەردى. مەن بۇ پەرمان سەۋەبىدىن ۋە تىرىكچىلىكىمنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن ھۆكۈمنى بويىنۇمغا ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. ھازىر مەن يا ھاتەمنى تاپالماي، ياكى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. سەن ماڭا بۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسەتتىڭ، ئەمدى يەنە ماڭا ئاخىرىغىچە ياردەم قىلىپ، ھاتەمنى تېپىشىمغا يار - يۆلەكتە بولساڭ. مەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ۋەدىنى ئورۇنداپ، پادىشاھنىڭ بەرمەكچى بولغان ئىنئام ۋە مۇكاپاتلىرىنى ئېلىپ تۇرمۇشۇمنى غەمسىز ئۆتكۈزسەم.

يىگىت بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ.

— ئەي ئەزىز مېھمان، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئەھلى ئايال ۋە خىزمەتكارلىرىم خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن بېشىمنى ئېلىپ يولغا چىقىڭ، شاھىڭىزغا بېشىمنى تۆھپە قىلىپ، شاھ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتلارنى ئېلىڭ.

مەككار شۇ ھامان ئالدىدىكى يىگىتنىڭ دەل ھاتەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ھاتەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كۆزىنى ئۇنىڭ تاپانلىرىغا سۈرتۈپتۇ. يىغلاپ تۇرۇپ تۈمەن مىڭ ئۆزرىلەر ئېيتىپتۇ. ھاتەم ئۇنىڭغا يول جابدۇقلىرىنى تەل قىلىپ بېرىپ يولغا سېلىپتۇ. مەككار نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، يەمەن شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىپتۇ - دە، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپتۇ. پادىشاھ ئىنساب يۈزىسىدىن ھاتەمنىڭ مۇنچە سېخىي ۋە مەردلىكىنى ئېتىراپ قىلىپتۇ. كۆڭلىدە: «ئادەمزات ئىچىدە مۇنداق كۆكسى - قارنى كەڭ كىشى كەم ئۇچرايدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسا، ھاتەمنىڭ دەريادەك ساخاۋىتىگە مەن تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

«ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» ناملىق كىتابتىن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى.




## «ئامانشا» دېگەن ئىسىم توغرىسىدا (1)

پىچاننىڭ ھازىرقى ئامانشا دېگەن مەھەللىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قۇمتاغنىڭ تۈۋەن تەرىپى ئەسلىدە ئاۋات بىر شەھەر ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ناھايىتى قاتتىق بوران چىقىپ پۈتۈن شەھەرنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. پەقەت ھازىر «ئامانشا» دەپ ئاتىلىۋاتقان مەھەللىلا ئامان قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ جاينىڭ ئىسمىنى ئامان قالغان شەھەر (ئامان شەھەر) دەپ ئاتاپ، كېيىن بۇ سۆز ئامانشا دەپ ئۆزگىرىپ قالغانىكەن. ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## «ئامانشا» دېگەن ئىسىم توغرىسىدا (2)

قەدىمكى زامانلاردا تۇرپان، پىچان ۋە لۈكچۈنلەردە ناھايىتى دەھشەتلىك يېغىلىقلار بولغانىكەن. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان يۇرت - ماكانلار ۋەيران، ھېسابسىز مال - مۈلۈكلەر خاراب بولۇپ، مىڭلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. بۇ يېغىلىقتىن پەقەت لۈكچۈندىكى بىرلا مەھەللە ئامان ساقلىنىپ قاپتۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ مەھەللىنىڭ نامى «ئامانشەھەر» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر بۇ ئىسىمنى «ئامانشا» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان بوپتۇ.

## «سۇمقاغا»① دېگەن يەر نامى توغرىسىدا

قۇمۇللۇقلار تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن چاغلار ئىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن «سوپام» دەپ ئاتالغان بىر كىشى قۇمۇلغا كەپتۇ. ئۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپتۇ. بىر كۈنى سوپام نامازغا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئىستىنجا قىلىۋاتقاندا، كىچىك باللار سوپامنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ كەينىنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. سوپام ئاچچىقىدا

① «سۇمقاغا» — قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ جاي قۇمۇل شەھىرىنىڭ 30 كىلومېتىر غەربىدە، بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بۇ ئىسىمنىڭ ئەسلى ئاتىلىشىنى «سومۇل قاراغوي» دەپ دېيىلىدۇ.

بالىلارنى «شوُم قاغوُرلار» دەپ قارغاپتوُ.
زامانلار ئۆتوُپ بوُسۆز ئاشوُ جايغا ئىسىم
بولوُپ «شوُمقاغوُ» دەپ ئاتالغان ۋە ئاستا ـ
ئاستا «سوُمقاغا» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

## «جام تاش»

توُرپاننىڭ غەربىي شىمالىدا ــ تەڭرى
تېغىنىڭ جەنوُبىي باغرىدا «يوغانتېرەك»
دېگەن بىر جاي بار. ئەنە شوُ يوغانتېرەكـ
نىڭ ئۈستىدىكى «تەخەر يايلىقى» دېگەن
يايلاقنىڭ بىر چېتىدە «جام تاش» دەپ
ئاتىلىدىغان چايدان يوغانلىقىدا بىر تاش
بولوُپ، بوُ تاشنىڭ ئۈستى پىيالىنىڭ
چوڭلوُقىدا ئويمانچاق كەلگەن. بوُ ئويمانـ
چاقىقا 100 گىرام ئەتراپىدا شاراب سىـ
غىدىكەن. توُرپان خەلقى ئىچىدە بوُ ھەقتە
موُنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان:

ئۆتكەن زامانلاردا، كىشىلەر ھەر يىلى
ياز پەسلىدە موُشوُ يايلاقتا بەيگە ئۇيۇشـ
توُروُپ، بەزمە ـ سوروُنلار توُزوُشوُپ، مەشـ
رەپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچاركەن. بەيگىدە
بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن ئادەمگە ئاشوُ جام
تاشقا شاراب قوُيوُپ بېرىدىكەن. بىرىنچىلىكـ
كە ئېرىشكوُچى ئاتتىن چۈشمەي توُروُپ،
تاش قاچىغا قوُيوُلغان شارابنى بىرنەچچە
قېتىم ئېگىلىپ توُروُپ ئىچىدىكەن. بوُنداق
قىلىش بىر تەرەپتىن خالايىققا ھۆرمەت
بىلدۈرۈش ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن
بەيگىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكوُچىنىڭ
پالۋانلىقىنى يەنىمۇ نامايان قىلىش بولوُپ
ھېسابلىنىدىكەن. شوُ سەۋەبلىك، ئەۋلادلار
ئەنە شوُ چاغلاردىن قالغان ئەنئەنىنى قەدىرـ
لەش يۈزىسىدىن، ئوُ جام تاشنى ھازىرـ
غىچە ئۆزۈۋەتمەي كەلگەنىكەن.

## قوغوُن ـ تاۋوُزنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە

ئوُزاق زامانلار ئىلگىرى تەكلىماكانـ
نىڭ بىر چېتىدە سېلىم ئىسىملىك بىر
دېھقان ئۆتكەنىكەن.

بىر يىلى سېلىم بوۋايىنىڭ تېرىغان
قوغوُن ـ تاۋوُزلىرى ناھايىتى ئوُخشاپتوُ.
ئاشلىق ـ زىرائەتلەردىنمۇ مول ـ ھوسوُل
ئاپتوُ. ئوُ راسا ئوُخشىغان قوغوُن ـ تاۋوُزـ
لاردىن ھارۋىسىغا قاچىلاپ، يىراق جايـ
لارغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىشنى ئويلاپ
يولغا چىقىپتوُ.

ئوُ بىرقانچە كوُن يول يۈرگەندىن
كېيىن كەڭ كەتكەن تېرىلغوُلوُققا يېتىپ
كەپتوُ. ئوُ ئاھالە بار يەرگە يېقىنلاشقانـ
لىقىدىن خوُشال بولوُپتوُ. لېكىن كەچ كىـ
رىپ كەتكەنلىكتىن ئات ھارۋىسىنى يېزىـ
نىڭ بىر چېتىگە تارتىپ ئارام ئېلىپ،
ئەتىسى سەھەر يولغا چىقماقچى بولوُپتوُ.
ئوُ ئېتىنى ئوتلاشقا قويوُۋېتىپ ئۆزى ھارۋىـ
نىڭ ئاستىدا يېتىپ ئوُخلاپ قاپتوُ.

ئەتتىگەندە ئويغىنىپ قارىسا ئېتى
كۆرۈنمەپتوُ. ئوُ ئېتىنى ئىزدەپ مېڭىپتوُ.
بىر چاغدا ئوُ بوُغدايلىق ئىچىدە ئوتلاپ
يۈرگەن ئاتنى كۆرۈپتوُ. ئوُ ئۆزىنىڭ بىـ
پەرۋالىق قىلغىنىغا خىجىل بولوُپ، زىيان
بەدىلىگە ئوُخشىغان بىر دانە قوغوُن بىلەن
بىر دانە تاۋوُزنى ئېتىزلىقتا زىرائەت

ئىگىسىگە قالدۇرۇپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى بىر دېھقان ئېتىزلىققا كېلىپ قارىسىغۇدەك بولسا بىر ئېتىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسى ئاق تۇرغۇدەك. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا يېقىن بارسا دۆگىلەك ئىككى نەرسە ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقانمىش. ئۇنىڭ نە كۆزى، نە پۇتى، نە ئاغزىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك. ئۇ كىشى: «بۇ، بىر ۋەھشىي مەخلۇق ئوخشايدۇ، كىچىككىنە تۇرۇپ بىر ئېتىز بۇغدايىنى يەپ بولۇپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ مەھەللىدىكىلەرنى چاقىرىپتۇ.

كىشىلەر كېلىپ قارىسا راستىنلا بىر ئېتىز زىرائەت يوق بولۇپ، ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى نەرسە تۈگۈلۈپ ياتقۇدەك. كۆپچىلىك كالتەك ـ توقماقلار بىلەن ئۇ مەخلۇقلارنى دۇمبالاشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا بۇ ئىككى مەخلۇقنىڭ قانلىرى ئېقىپ، ئۇرۇقلىرى ھەر تەرەپلەرگە چاچراپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— ئەيىۋھەنناس، بۇ مەخلۇقنىڭ قانلىرى يەرنى بويىۋېتتى. قورسىقىدىكى باللىرى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! ئەگەر ئۇنىڭ باللىرى تۇغۇلۇپ كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا زىرائەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتۇپ تاشلار ئىكەن، ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا يوقىتىپتىمىز، — دېيىشىپتۇ.

كېلىدىغان يىلى بۇ يېزىدا ئاجايىپ ئىش بولۇپتۇ. ھەر تەرەپكە چاچراپ كۆمۈلگەن ئۇرۇقلار ئۈنۈپ چىقىپ، پەلەك تارتىپتۇ ۋە چېچەكلەپ خەمەكلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ پىشىپ ۋايىغا يەتكەندە ئېتىزلىقلاردا دۆۋىلىنىپ يېتىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ مۆجىزىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى يېرىپ يەپ كۆرسە بەكمۇ شېرىن ـ شەربەتلىكمىش. ئۇلار تاغار ـ قاچىلىرىنى ئەپكېلىپ ئۆيلىرىگە توشۇشقا باشلاپتۇ. كېيىن ئۇلار بۇ نەرسىنى بىر كىشىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى پەملەپتۇ.

شۇندىن ئېتىبارەن بۇ يېزىنىڭ دېھقانلىرى قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوغۇن ـ تاۋۇز كەڭ ئىقلىمغا ئەنە شۇنداق تارالغانىكەن.

## «خامىگۇا» (قۇمۇل قوغۇنى) ھەققىدە

قۇمۇل ۋاڭلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ خانغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم ئۆز تەۋەلىكىدىكى قىممەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلارنى «تارتۇق» قىلىش ئادىتى بار ئىكەن. بىر قېتىملىق تارتۇق قىلىنغان مەھسۇلاتلار ئىچىدە پىچاننىڭ داڭلىق ھون قوغۇنىمۇ بار ئىكەن. چيەنلۇڭ خان بۇ قوغۇنلارنى تېتىپ كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ ۋە يېنىدىكى ۋەزىرىدىن: «بۇ شىرىنلىك مېۋە قەيەرنىڭ مەھسۇلاتى؟» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرى: «بۇ قۇمۇل ۋاڭى سوۋغا قىلغان قوغۇن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇندا چيەنلۇڭ خان: «ھە، خامىگۇا دېگىنە» دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ قوغۇنلىرىنىڭ ھەممىسى «خامىگۇا» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، داڭقى ئالەمگە يېيىلىپتۇ.①

① خامىگۇا — «قۇمۇل ۋاڭ» دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز قىلماقچى.

# گىلەم ھەققىدە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر مەھەللىدە، قۇربان ئاتلىق بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ گۈلەم ئاتلىق چىرايلىقىنا، يالغۇز قىزى ياشايدىكەن. ئاتىسى كىگىز باسىدىكەن. قىزى ئۇجمە يوپۇرمىقىدا پىلە بېقىپ، يىپەكنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى قامدايدىكەن.

بىر يىلى كېرىيە پادىشاھى ھەشمەتلىك خان ئوردىسى ياساتماقچى بولۇپ يۇرتتىكى بارلىق پۇقرالارغا:

— كۇئېنلۇن تېغىدىن قاشتېشى قېزىپ، ئورمانزارلىقلاردىن ياغاچ كېسىپ ئەپكىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق جاكارلاپتۇ. پۇقرالار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن تاغ-ئورمانلارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ ئېغىر ئالۋان-ياساقنى پادىشاھقا تاپشۇرالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ ۋە ئۆز بېشىدىن قورقۇپ، باشقا ياقا-يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردا پۈتۈپتۇ. پادىشاھ ئوردىسىنى بېزەش ئۈچۈن يەنە پۇقرالارغا ھەر خىل تەڭلىمات كىگىز ۋە رەڭدار پالازلارنى توقۇپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇربان بوۋاي ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمە قىلىشنى بىلمەي غەمگە چۆكۈپتۇ. ئەقىللىق قىز گۈلەم ئاتىسىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلماقچى بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلەم ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، چېۋەر ئىككى قولىغا تايىنىپ تېرىدەك مويلۇق ۋە رەڭدار گۈللۈك بىسات توقۇشقا بەل باغلاپتۇ. ئۇ قوي يۇڭىنى ئىگىرىپ يىپ قىلىپتۇ. ئاندىن يىپلارنى قىزىل، يېشىل، سېرىق ۋە قارىغا ئوخشاش رەڭلەرگە بوياپ، ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچە توقۇشقا كىرىشىپتۇ. بىراق تۈننى كۈنگە ئۇلاپ ئارام ئالماستىن توقۇغان بولسىمۇ يەنىلا ئەپلەشمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ گۈلەم بوشاشماستىن كېچە-كۈندۈز توقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. گۈلەمنىڭ بۇنداق قايتماس ئىرادىسى ۋە ئىشچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن تەڭرى گۈلەمگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەرشتىن بىر پەرىشتىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە ئارغىماقتا مىنگەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي، ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك ئېسىل بىر پارچە زىلچىنى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئالغان ھالدا ئەرشتىن چۈشۈپ، گۈلەمنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئېتىنى توختىتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا گۈلەم ئۆستەڭ بويىغا سۇ ئالغىلى چىققانىكەن، گۈلەم ئۇ بوۋاينى ئۆيىگە باشلاپتۇ. قۇربان بوۋايمۇ مېھماننى خۇشاللىق بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپتۇ. بوۋاي چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ گۈلەم توقۇۋاتقان نەرسىگە سەپسېلىپتۇ. كېيىن گۈلەمگە ئۇنىڭ يېتىشسىزلىك جايلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئەقىللىق گۈلەم بۇ بوۋاينىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەسلىكىنى سېزىپتۇ. گۈلەم بوۋايغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، بوۋايدىن ئۆزىگە ئۇستاز بولۇشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سوراپتۇ. بوۋاي گۈلەمنى ئارغىماق ئېتىنىڭ ئۇستىگە ئارتىلغان زىلچىنى ئېلىپ

كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. گۈلەم زىلچىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن بوۋاي ئۇنى تامغا ئېسىپ تۇرۇپ گۈلەمگە:

— قىزىم، سەن مۇشۇ زىلچىنى ئۆلگە قىلىپ توقۇۋەر. مەن ساڭا ھەممە ھۈنەرنى سۆزلەپ بېرەي،— دەپتۇ — دە، سۆزلەشكە باشلاپتۇ. بوۋاي يىپ ئېگىرىشتىن تارتىپ تاكى يىپ بوياش، يىپنى جۈپلەش ۋە توقۇش، پۈتكەندىن كېيىن تىۋىتىنى قىرقىشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھۈنەرلەرنى گۈلەمگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن گۈلەمگە قاراپ:

—«قىزىم، سەن بەكمۇ ئىشچان ئىكەنسەن، ئىشچان ئادەم مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. سەن مېنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتۇپ، كىشىلەرگە بەخت - سائادەت يارىتىپ بەرگەيسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ بولۇپ گۈلەم بىلەن خوشلىشىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئاقكۆڭۈل گۈلەم بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ. ئۇ پەرىشتە بوۋاينىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، شۇ بويىچە يېڭىباشتىن گىلەم توقۇشقا كىرىشىپتۇ. يىگىرمە سەككىز كۈنلۈك جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن تولىمۇ كۆركەم ۋە گۈزەل، ئۆرنەكلىرى خۇددى دەستە - دەستە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغاندەك، بەئەينى گۈلزارلىقتا

ئۇخشايدىغان ئاجايىپ چىرايلىق چوڭ بىر پارچە زىلچىنى توقۇپ پۈتكۈزۈپتۇ ۋە پادىشاھقا سوۇغا قىلىش ئۈچۈن ئاتىسىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ. خانىش ۋە كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ زىلچىنى تاماشا قىلىشىپتۇ. پادىشاھ دەرھال قۇربان بوۋايغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام بېرىپتۇ. ئەمما قۇربان بوۋاي:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ئورنىغا يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى پۇقرالارنىڭ زىممىسىدىكى ئۈچ يىللىق باج - سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن،— دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— تولىمۇ ئەخمەق ئادەم ئىكەنسەن! مەيلى سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن،— دەپ بوۋاينىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. گۈلەم پۈتۈن يېزىدىكى ئەر - ئايال ھەممە كىشىگە ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. كىشىلەر گۈلەمنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەپ، ئۇنى زېمىندىكى گىلەمچىلەرنىڭ پىر ئۇستازى دەپ ماختىشىپتۇ ۋە گۈلەمنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ ئىنسانلار ئارىسىدىن مەڭگۈ ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن بۇ بىساتنى «گىلەم» دەپ ئاتاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە كىشىلەر زىلچىنى «گىلەم» دەپ ئاتاپ كەلگەنىكەن.

## «چەش قانچە» دېگەن نام توغرىسىدا

«چەش قانچە» كەنتى قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق ئاستانە يېزىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بولۇپ، يېزا مەركىزىگە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇمۇل تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. بۇ كەنتنىڭ نامى

توغرىسىدا ئەل ئىچىدە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان:

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مۆتىۋەر كىشى بۇ مەھەللىدىكى ئوخشىمىغان بۇغدايلارغا قاراپ،

ھەيران قاپتۇ ۋە يەرلىك بىر دىھقاندىن:
— بۇ ئېتىزىڭلاردىكى بۇغدايلار قانچە چەش كېلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. دىھقان بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاستانىدىكى ھېيت نامىزىدا ھېلىقى مۆتىۋەر كىشى بىلەن دىھقان يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مۆتىۋەر كىشى دىھقان بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ھەي دىھقان، چەش قانچە؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر، بۇ دىھقان تۇرۇۋاتقان كەنتنىڭ ئىسمى «چەش قانچە» ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ ئىسمى ئەل ئارىسىدا «چەش قانچە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ.

## يىغلاڭغۇ تاغ ئەپسانىسى

قەدىمكى زاماندا كۈسەن پادىشاھىنىڭ خانىشى بىر قىز تۇغۇپتۇ. قىز شۇنداق ساھىبجامال ئىكەنكى، ئۇنىڭ چېچەنلىكى ۋە گۈزەللىكى توغرىسىدا ئەل ئارىسىدا داستانلار توقۇلۇپ، قۇلاقتىن-قۇلاققا يېتىپ، ھەرقايسى ئەللەرگە تاراپتۇ. شۇ چاغدا خوتەن شاھىنىڭ شاھزادىسى پەرھادمۇ بۇ قىز توغرىسىدىكى قىسسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىقى-بىقارار بوپتۇ ۋە خوتەندىن كۈسەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

كۈسەن پادىشاھى ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەرگە شۇنداق پەرمان چىقىرىپتۇ: «كىمىكى ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغقا مىڭ ئۆي قېزىپ پۈتتۈرسە، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن.»

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە، بايۋەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېلى بوشاپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتىپتۇ. خوتەن شاھزادىسى پەرھاد كۈچارغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شىرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆز يۇرتىدا ئۆگەنگەن تاشچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆي ياساشقا كىرىشىپتۇ.

شىرىنمۇ پەرھادنى كۆرۈپلا ئاشىق بوپتۇ ۋە پەرھادقا ئۇسسۇزلۇق ۋە تائام يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. پەرھاد جاپالىق ئىشلەپ ئاخىرى توققۇز يۈز توقسەن توققۇز ئېغىز ئۆينى پۈتتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز ئۆينى ياساشقا كىرىشىپتۇ. ئۇزۇندىن بۇيان شىرىنگە ئاشىق بولۇپ يۈرگەن، ئەمما ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىر جادۇگەر موماينى ئەۋەتىپ، پەرھادقا زەھەر بېرىپ جېنىغا قەست قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەل-يۇرت ماتەم تۇتۇپتۇ. شىرىنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاشىقىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگەن تاغمۇ تاقەت قىلالماي ياش تۆكۈپتۇ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ تاغنىڭ قايغۇلۇق كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈپ، مىڭ ئۆي جايلاشقان تاغ باغرىنى كۆكەرتىپ، باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

## «قوناق بېشى ئەگكەنلەر»

ئۆتكەن زاماندا، تۇرپاننىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا ئىككى دىھقان قوشنا ئول-

تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى بېشى ئېگىلىپ ئۆسىدىغان «چىڭباش قوناق»، يەنە بىرى «ئۆرە باش قوناق» تېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، چىڭباش قوناق بېشىنى كۆتۈرەلمەي «ئېگىلىپ» كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى ئۆزىنىڭ قوناقلىرىنىڭ ئانچە ئوخشىمىغانلىقىنى ئېيتىپ قوشنىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. قوشنىسى چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەپتۇ: «سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئاي تولۇپ بولغاندا ئېتىزىڭنى سۇغىرىپ ئاندىن قوناقلىرىڭنىڭ بېشىنى ئېگىپ قويساڭ، قوناقلىرىڭ مىنىڭ ئېتىزىمدىكى قوناقلاردەك بېشىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاينىيدۇ» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ساددا قوشنا دېھقان ئۆزىنىڭ ئۆرە باش قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئەگدىم، دەپ ھەممە قوناقنىڭ بېشىنى سۇندۇرۇپ، ساڭگىلىتىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى قوپۇپ قارىغۇدەك بولسا، قوناقلارنىڭ ھەممىسى نابۇت بوپتۇ...

شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر ئاشۇ ساددا دېھقاننى «قوناق بېشى ئەگكەن» دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ. كېيىنچە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ قوناق بېشى ئەگكەنلەر دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن.

## لەيلەك مەھەللىسى ھەققىدە

قەدىمدە تۇرپاننىڭ مەلۇم بىر كەنتىدە بىر نەچچەيلەن بىرلىشىپ، قوي ئوغرىلاپ كېلىپ ئۆلتۈرۈپ يېيىشىپتۇ. ئاندىن بۇلار قوينىڭ كاللا-پاقالچاق، ئۆپكە-قېرىنلىرىنى بېسىقتۇرالماي مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كۆلگە ئاپىرىپ تاشلىغانىكەن، ئەتىسى بۇ ئۆپكە-قېرىنلار لەيلەپ سۇ يۈزىگە چىقىپ قاپتۇ. مۇشۇ يىپ ئۇچى بىلەن كىشىلەر ھېلىقى ئوغرىلارنى تېپىپ جازالاپتۇ. ئوغرىلارنىڭ بۇ قىلمىشى مەھەللىدىكى باشقا پۇقرالارنىمۇ ئاھانەتكە قويغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ مەھەللىنى «لەيلەك مەھەللىسى» دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ. بۇ نام تاكى ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋېتىپتۇ.

## «توخۇ شورپىسىنىڭ شىپالىق رولى» ھەققىدە

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا تاماكىنى تولا چەككەن بىر ئادەم بولۇپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئادەم ناھايىتى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مەيدىسىدە بىر نەرسە توختىماي گىژىلدايدىكەن. ئۇنى كۆرسەتمىگەن تېۋىپ قالمىغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئادەم ئوغلىغا: «مەن ئاخىرى مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. مەن ئۆلگەندىن كېيىن مەيدەمنى يېرىپ كۆرۈڭلار، مەيدەمدە چوقۇم بىر نەرسە بار» دەپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئۇنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ مەيدىسىنى يېرىپ قارىسا، دېگەنىدەك ئۇنىڭ مەيدىسىدىن كاللىدەك قاپقارا نەرسە چىقىپتۇ. ئۇ بەكمۇ قاتتىق ئىكەن، يەرگە تاشلىسىمۇ سۇنمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يىگىت ئۇنى ئاتىسىدىن قالغان تەۋەرۈك ئورنىدا كېچە-كۈندۈز يېنىدىن ئايرىماپتۇ، ئۇنى ئاش تاماق يېگەندە، ئۇسسۇزلۇق ئىچكەندە ئالدىغا قويۇۋېلىپ ئولتۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى يىگىت بازارغا كېلىپ بىر شورپىخانىغا كىرىپ توخۇ شورپىسى ئىچمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ

يەنە ھېلىقى نەرسىنى ئېلىپ جوزىغا قويۇپتۇ. ئاشپەزنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن كۆتۈرۈپ كىرگەن شورپا ھېلىقى كاللەكىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپ كەتكەندىكەن، ھايال ئۆتمەي قاچا ئېرىپ كېتىپتۇ. يىگىت بۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىپ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يىگىتنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق قاتتىق يىغلىغانلىقىنى سوراپتىكەن، يىگىت:

— ... ئاتام ھايات ۋاقتىدا مەن نىمىسكىنمۇ ئۇنىڭغا توخۇ ئۆلتۈرۈپ شورپا سېلىپ بەرمىگەن بولغىيتتىم. مەن مانا مۇشۇ ئىشقا ئۆكۈنۈپ يىغلاۋاتىمەن،— دەپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ تاماكا چېكىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر پات-پات توخۇ شورپىسى ئىچىپ، بۇنىڭ مەلۇم شىپالىق رولىنى كۆرۈۋاپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدا: «تاماكا چەككەن كىشى يىلدا بىر قېتىم توخۇ شورپىسى ئىچىشى كېرەك» دىگەن سۆز تارقالغانىكەن

## «داڭگال يېيىش» ھەققىدە

لوقمان ھەكىم بويىغا يەتكەن قىزىنى بىرىۋۇغا ياتلىق قىلىپتۇ. شۇ مەزگىللەردە لوقمان ھەكىمنىڭ تىبابەتچىلىكتىكى شۆھرىتى كۈنسېرى ئېشىپ، ئالدىغا كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۈيئوغلى بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ ئالدىغا «مەن ئاغرىدىم» دەپ كېلىپ باقماپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى لوقمان قىزىدىن سوراپتۇ. قىزى ئېرىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا قۇرۇپ كەتكەن قاتتىق ناندىن بىر بۇردا يەۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لوقمان ھەكىم قىزىغا قاتتىق نان پارچىلىرىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. قىزى شۇنداق قىپتۇ. لېكىن كۈيئوغۇل يەنىلا لوقمان ھەكىمنىڭ ئالدىغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلمەپتۇ. بۇنى لوقمان يەنە قىزىدىن سوراپتۇ. قىزى «ئۇ ھازىر ھەر ئەتىگىنى سېغىز داڭگالدىن بىر پارچىنى يەۋالىدىغان بولدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان لوقمان ھەكىم: «ئۇنداق بولسا ئۇ ئۆمۈرۋايەت كېسەل بولمايدىكەن» دەپتىكەن. ھازىرمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا مۇشۇ رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ، كېچىسى ئاشقازانغا يىغىلىپ قالغان زەرداپ سۇنى يوقىتىش كويىدا ھەر ئەتىگىنى بىرەر بۇردا قاتتىق ناننى يەۋالىدىغانلار ئۇچراپ قالىدۇ.

## چامغۇرنىڭ شىپالىق رولى

لوقمان ھەكىم سەييارە تېۋىپلىق قىلىپ يۈرۈپ تۇرپانغا كېلىپ قاپتۇ. تۇرپاننىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك چامغۇرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرى كېسەل بولمىغۇدەك، چۈنكى بۇ جايدا چامغۇر كۆپ ئىكەن، شۇڭا بۇ يەردە توختاپ تىبابەتچىلىك قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقكەن» دەپ كېتىپ قالغانىكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر چامغۇرنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ ئۇنى كۆپەيتىپ ئۆستۈرۈپ، مۇھىم ئوزۇقلۇق ھېسابىدا ئىستېمال قىلىدىغان بولغانىكەن.

# لوقماننىڭ تېۋىپ بولۇشىنىڭ سىرى

دۇنيانىڭ گىردابىدا بىر يوغان
تۆشۈك بولۇپ، ئۇ يەرگە پۈتۈن دۇنيانىڭ
سۈيى قوشۇلۇپ تۇرارمىش. ئۇ تۆشۈكتىن
توختىماي «سۇ! سۇ!» دېگەن سادا چىـ
قارمىش. ئەنە شۇ يەردە يەتتە تۈگمەن
بولۇپ، كىمكى بۇ تۈگمەنلەردە تارتىلغان
ئۇندىن تائام راسلاپ يېسە، ئۇ كىشى پۈتـ
كۈل دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، ئۇچار-
قانات، ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان
خاسىيەتكە ئىگە بولارمىش.

شۇ زامانلاردا، مەشھۇر بىر پادىشاھ
بولغانىكەن. بۇ پادىشاھ ئەشۇ يەتتە
تۈگمەندە تارتىلغان ئۇندىن ئېپكەلدۈرۈش
ئۈچۈن، بىرقانچە كىشىنى شۇ ئۇندىن تېـ
پىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار مىڭبىر
جاپا-مۇشەققەت، رىيازەتلەر چېكىپ،
ئاخىرى دۇنيانىڭ گىردابىدىكى يەتتە
تۈگمەندە تارتىلغان ئۇندىن ئازراق ئېلىپ
كەپتۇ، بۇنىڭدىن خۇشال بولغان پادىـ
شاھ ئۇننى ئۆزىنىڭ مەخسۇس ناۋىيىغا نان
يېقىشقا بېرىپتۇ.

شۇ چاغلاردا لوقمان ھەكىم پادىشاھ
نىڭ خاس ناۋىيىغا شاگىرت ئىكەن.
ناۋاي ناھايىتى تۈجۈپىلەپ نان يېقىپتۇ.
لېكىن ياققان نېنىدىن بىرىمۇ ساق تۇرـ
ماي، ھەممىسى چۈشۈپ كۆلگە مىلىنىپ
كېتىپتۇ. ئۆز بېشىدىن قورققان ناۋاي كۆلگە
چۈشۈپ كەتكەن نانلانى لوقماننىڭ يەۋېـ
لىشىغا بېرىپ، ئۆزى باشقا ئۇندىن خېـ
مىر يۇغۇرۇپ، ھونەرنىڭ بارىنى ئىشلىـ
تىپ، ناھايىتى ئەملىك توقاچ يېقىپ پادىـ
شاھقا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. پادىشاھ توقاچـ
نى خۇش بولۇپ يەپتۇ. لېكىن بىر نەچچە
كۈندىن كېيىنمۇ ئۆزىدە بىرەر يېڭىلىق-خاس
سىيەتنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرمەپتۇ. بۇنىڭـ
دىن ئەجەپلەنگەن پادىشاھ ناۋاينى ئالـ
دىغا چاقىرتىپ ئەھۋالنى ئەينەن سۆزـ
لەشنى ئېيتىپتۇ. ناۋاي پادىشاھتىن بىر
قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئىلتىجا قىـ
لىپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ماقۇللۇق بىلدۈـ
رۈپ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ناۋاي
بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئەينەن ئېيـ
تىپتۇ. پادىشاھ خاسىيەتلىك ناننى يېيىشـ
نىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولمىغانلىقىنى بىلـ
گەندىن كېيىن لوقماندا قانداق خاسىـ
يەت پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ
ئۇنى بىرگە ئېلىپ دالاغا چىقىپتۇ. دەرۋەقە
لوقمان ئۆزىگە ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ
نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى، گۈل-گىياھ،
ئۇچار-قانات، ھايۋانلارنىڭ قايسى گۈل-
گىياھ، دەل-دەرەخلەرنىڭ قانداق خۇسۇـ
سىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، قانداق
كېسەللەرگە قانداق قىلىپ ئىشلەتسە شىپا
بولىدىغانلىقلىرى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانـ
لىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ ئۆز ئوردىسىدىن
مەخسۇس خانە ئاجرىتىپ، لوقماننىڭ تىباـ
بەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كەڭ
ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ. لوقمانمۇ
ئەۋزەل شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تىـ
بابەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلانـ
دۇرۇپتۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لوقـ
ماننىڭ شۆھرىتىمۇ پۈتكۈل ئالەمگە تارـ
قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ھەبىبۇللا جوخا، تۇرسۇن ھوشۇر، مىجىت ھەبىبۇللا،
تۇرسۇن مەمەت، ئابدىنىياز روزى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىسمايىل تۆمۈر



## مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئاغىنىلەر، خۇش ئەمدى
مەن كەتتىم قىيامەتكە.
ئىچلىرىم تولۇپ كەتتى
يار قىلغان ئاھانەتكە.

ئاغرىپ قالدىم ئۆلگىلى،
يارىم كەپتۇ كۆرگىلى.
تۇرغىلى دەرمانىم يوق،
جان يارىمنى كۆرگىلى.

ئادا بولدۇم، ئادا بولدۇم،
يارىم مەن ئادا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

ئاينى خىجالەت قىلغان
ئايدەك يۈزۈڭ ئەمەسمۇ؟!
مېنىڭ قەلبىمگە ئوت سالغان
شېرىن سۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟

ئاق ئاتقا يېشىل توقۇم،
يېنىمدا سېنىڭ يوقۇڭ.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
كەلمەيدۇ مېنىڭ ئۇيقۇم.

ئاق ئەلەم، قىزىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە،
شېكەر بەرسە، سايرايدۇ.
شۇ كەمنىڭ چۇگانلىرى
پۇلۇڭ بولسا قارايدۇ.

ئاق سارايدا ئولتۇرغان
تۇلۇن ئاي مېنىڭ يارىم.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ
كارى بولمىغان يارىم.

ئاق چاي ئىچىپ، كۆك چاي ئىچىپ
مەست بولۇۋالغۇم بار.
ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭغا
چىرمىشىۋالغۇم بار.

ئالا يېشىل بولىدىكەن
ئىدىر تۈلكىسى.
جاننى ئېلىپ جاننى بېرەر
يارنىڭ كۈلكىسى.

ئاللايارىم، خان يايلاقتا
ئۆزۈڭ يايلامسەن؟
سىمىز قويىنىڭ قوزىسىدەك
سەكرەپ ئوينامسەن؟

ئالما ئاتتىم تىرەككە،
يىيىپ چۈشتى پىلەككە.
بېرىپ ئېيتىڭ يارىمغا،
ئوت كەتتى بۇ يۈرەككە.

ئالما گۈلىدەك چەندان،
گۈل بەرگىدە سارغايغان.
سارغايغان دىمەڭ بىزنى
يار دەردىدە سارغايغان.

ئالما ئەۋەتكىن دەيسىز،
ئەۋەتسەم كىم بىلەن يەيسىز؟
مېنىڭ قەدرىمنى بىلمەيسىز،
ئاخىر پۇشايمان يەيسىز.

ئالما قويغان سىڭگىغا
بىھى قويدۇم تۇيدۇڭمۇ؟
سەن ئۆزۈڭ نادان بالا،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
ئۈزگىلى بولمامدىكەن؟
كوڭلۇمدىكى يارىمنى
كۆرگىلى بولمامدىكەن؟

ئالمان قارچىغام بولسا
قۇشلاپ يارنى ئالدۇرسام.
تەشنا بولغان يۈرەكنى
يار ۋەسلىدە قاندۇرسام.

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
ئوت قالدىم ساماندا.
سامان كۆيۈپ كۈل بولدى،
خويمۇ قالدىم ئارماندا.

ئالتىشەھەردە بارمىكىن
سەن يارىمدەك ئاي چىراي؟
يىلاندەك تولغىنىپ چىقساڭ،
سەندىن قانداق ئايرىلاي؟!

ئالتۇن قارا كۆز يارىم
مەڭگۈگە ۋاپا ئەتسەڭ،
ئەقىدە ساقلىغان يارغا
جاننى سەدىقە ئەتسەم.

ئاپئېقىمەي ئاپىقىم،
بېشىمغا كىيگەن قالپىقىم.
سەن سۆيمىسەڭ سۆيمىگىن،
ئۆزۈم سۆيگەن ئاپئېقىم.

ئاسماندىكى ئايىم يوق،
كۆڭۈلدىكى يارىم يوق.
كۆرمەمسەن چىرايىمنى
ئىلگىرىكى چىرايىم يوق.

ئات چۇلۋۇرى ئارغامچە،
ماڭمىسا، ئۇراي قامچە.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
ئاتۇش يوللىرى قانچە؟!

ئاتايمۇ شۇبۇ تاشنى،
ئاتمايمۇ شۇبۇ تاشنى؟!
قاچانغىچە كۆرمەيمەن،
قەدىردان قەلەم قاشنى.

ئاتام بىلەن ئانام يوق،
ئەلگە ئەتىۋارىم يوق.
شۇ كەمدە ئۆلۈپ كەتسەم،
بېشىمدا مۇرەببەم يوق.

ئېتىم سۇغا كىرمەيدۇ،
غازى بارمىكىن كۆلدە؟
يار تالاغا چىقمايدۇ،
يارى بارمىكىن ئۆيدە؟

ئاتىڭىز تۇسۇن ئىكەن،
سۇندۇردى ئىگەرىمنى.
ئاتام بولسا ئالار ئىدىم،
كونا يار جىگەرىمنى.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
شۇۋىرغان يامان قاردا.
ئاغزىدا دېگەن بىلەن،
چىن كۆڭلى بۆلەك ياردا.

ئاخشام ئويىنغان يەردە،
ئالتۇن ئۈزۈكۈم قاپتۇ.
ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار،
كۆڭلۈمدىكى يار ئاپتۇ.

ئاخشامقى هارامزادە،
يارىم بىلەن گەپلەشتى.
ئۈنچۇقماي قويۇپ بەرسەم،
ئويناشقىلى ئەپلەشتى.

ئاخشاملىقتا يار كەلسە،
بىر بەلگە ئېلىپ قالسام.
هەرگىز تۈيمىسۇن دۈشمەن،
يارنىڭ كەلمىكى ئاسان.

ئاھ خېنىم، ئۆيۈڭ نەدە؟
ئۆيۈم يۇمىلاق شەدە!
ئوينىغىلى قويمامسەن،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە؟!

ئاھ، يارىم، هالىم يامان،
قاراڭغۇدىن ئايدىڭ يامان.
ئىشىق ئوتى ماڭا چۈشتى،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.

ئاشىق ئەتسەڭ مېنى ئەت،
بىر كۈن كېرەك بولارمەن.
دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا،
تاش يۈرەكلىك بولارمەن.

ئەجەبمۇ بىر داملايسىز،
بىز كۆرمىگەن ئەنجاننى.
غېرىبلىق ئەسەر قىلدى،
باقالمايمىز بۇ جاننى.

هۆسنى ئايدەك شۇ يارىم،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.
يارىدىن ئايرىلمىغان،
مېنىڭ قەدرىمگە يەتمەيدۇ.

يولۇڭغا تولا قاراپ،
تالدى كۆزۈم گۆھىرى.
ئاي كەبى تاڭ ئالدىدا،
سارغايتاي دەمسەن مېنى.

ئەل بەرگەننى مەن بەردىم،
تېپىپ ئالمىدىم يەردىن.
ئوتقا سالسام كۆيمەيدۇ،
قاچان چىقىدۇ دەردىم؟!

ئاشنا بولدۇم ئۈزۈڭگە،
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
بىر نەچچە زامان بولدى،
ئىپىتالمىدىم ئۈزۈڭگە.

باراي دىسەم، بارماڭ دەيدۇ،
بايلار باغىغا.
باينىڭ قىزى چۈچا ساپتۇ،
ئۈزۈن چاچىغا.

باغىڭغا كىرىپ ئالىپ،
ئۈرۈك ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قوشۇپ ئالىپ،
سىنى يىغلىتاي يارىم.

باغىمدىكى ئالملار،
سۇ كىرمەي قۇرۇپ قاپتۇ.
جىنىمغىنە شۇ يارىم،
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ.

باغقا بۇغداي تىرىسام،
بەلباغقا كەلگەن بۇغدىيىم.
ئۈگىنىپ قالغان چىغىمدا،
ئايرىۋەتكەن خۇدايىم.

باغقا كىرىپ ئالما يەڭ،
ھەممە مىۋىسى بىزنىڭ.
كۆكۈل بەرسىڭىز يارىم،
جاندىن ئۈزگىسى سىزنىڭ.

باغقا كىرىپ گۈلزاردىن،
گۈلدەستە تىرەي دەيمەن.
مىھرىبان شۇ يارىمنىڭ،
لىۋىدىن سۆيەي دەيمەن.

باغقا كىرسەم بۇلبۇللار،
ھەرتەرەپتىن سايرايدۇ.
جىنىمغىنا شۇ يارىم،
شاخ ئاستىدىن مارايدۇ.

باغقا تەرگەن گۈلۈڭنىڭ،
بىر تىلىنى ئۈزمىدىم.
قانچە يىراق كەتسەڭمۇ،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.

باراي دىسەم يول يىراق،
ۋاقتىدا كۆرەلمەيمەن.
يار ئۆتى يامان ئىكەن،
مەن ئۈرە يۇرەلمەيمەن.

باسما كۆكلەك كىيىپسەن،
ماڭالمايسەن ئىپكىشىپ.
ئەرگە تەگسەڭ ماڭا تەگ،
قوۋۇرغاڭ بىلەن كىپكىشىپ.

باھارنىڭ گۈزەل پەسلى،
گۈل تەردىم چۆنەكىمگە.
سىنىڭ بىلەن ئىشلىسەم،
كۈچ كىرەر بىلەكىمگە.

بىۋاپا دۇنيا ئىكەن،
بۈگۈن ئۈنۈتقان يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۈنۈتماس،
كونا سۆيگەن يارىنى.

بىۋاپا كەتتى يىراققا،
ئۈتى مەندىن كەتمىدى.
ئاھ ئۈرۈپ قان يىغلىسام،
ھالىمغا ئانچە يەتمىدى.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ،
توك خوراڭنى يەپتىمەن.
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما،
ئويلىمايلا دەپتىمەن.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلا بىلەن ئالما.
سەن ئۆزۈڭنى چوك تۇتۇپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالما.

بېغىڭدىكى ئالمىنى،
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
قاچان كېلىسەن يارىم؟
كۆزۈم تالدىغۇ ساقلاپ.

بېلىڭىزنى باغلاپسىز،
ئىزمىڭىزنى ئەتمەپسىز؟
بېشىمىزغا كۈن چۈشتى،
ھالىمىزغا يەتمەمسىز؟

بىزنىڭ يارنىڭ ئۆيلەرى،
ئېگىز دۆڭدە، سەيدەمدە.
دەردىمنى ئېيتىپ ئالاي،
خالى دېگەن بىر يەردە.

بىر ئادىشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.
قارا قاشىم بار مېنىڭ،
قوشىمقاش لازىم ئەمەس.

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
تۇرمىسام يار قاشىدىن.
خەلقى ئالەم ئالدىدا،
پەرۋانە بولسام باشىدىن.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
سۆزىدە تۇرمىغان يارنىڭ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
نوغايتۇنىڭ خولىدا.
مەن جان بەرسەم ئەرزىيدۇ،
شۇ يارىمنىڭ يولىدا.

بۇگۈن ئايغا ئۇن دەيدۇ،
ساناپ باقسام ئون ئالتە.
بىزنىڭ يارنى چوك دەيدۇ،
سىكىلەكلىرى كالتە.

گۈلباغقا ئانار تىكتىم،
بىرسىگە قىزىل ئالما.
ئۆزگىگە كۆڭۈل بېرىپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالما.

گۈل ئىكەن، بۇلبۇل ئىكەن،
رەنا، رەيھان گۈل ئىكەن،
قانىتى گۈلدىن گۈزەل،
ئۆزى شوخ بۇلبۇل ئىكەن.

گۈل تېرىدىم مايسا بولدى،
شاخ چىقاردى رەڭمۇ رەڭ.
ھەر كىشىنىڭ جۈپتى بولسا،
بۇخداي ئۆڭلۈك سەبدە رەڭ.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرسام،
گۈلى يوقمىكىن دەمسەن؟
يىراق سەپەرگە ماڭسام،
كۆڭلى يوقمىكىن دەمسەن؟

گۆلگە ئىشقى بولمىسا،
باغدا بۇلبۇل سايرامدۇ؟
مەيلى بولمىسا يارىڭ،
پەنجىرىدىن قارامدۇ؟

گۆللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كۆرەيلى تاغنى.
ئالتۇن قارا كۆز يارىم،
شەرەت قىلدۇ باغنى.

غانجۇمدا ئارغامچا،
ئۆزۈم قاتتىق ئالۋاڭچى.
قولدا پۇلۇم يوق ئۈچۈن،
مەن يارىمغا يالغانچى.

غورىڭىزنى يېمەيمەن،
يېسەم چىشىم قامايدۇ.
تەگتۇشۇم ئەرگە تەگسە،
مېنىڭ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

دەرەخ ئۈچىدا پاختەك،
يەرگە چۈشىدۇ ئوقتەك.
قىمارۋازغا تېگىۋاپسىز،
سۆيگەن خىلىڭىز يوقتەك.

دەرۋازاڭ ئەجەب يوغان،
ئىلىپ قويغىلى بولماس.
كىشىنىڭ قولدا يارىم،
سۆيۈپ قويغىلى بولماس.

دەردى بولمىسا يارىڭ،
ئېيتامدۇ تولا ناخشا؟
ناخشا ئېيتقانغا يار كەلمەس،
ناخشىدىن كۆڭۈل باشقا.

دەردىڭ تولىسى كەتتى،
مۇندىن كېيىن تارتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى،
قىيامەتتە تارتمايمەن.

دەردىڭ تولىسى كەتتى،
مەن ئاتىمنى ساتمايمەن.
ئەسقاتمىغان يار ئۈچۈن،
كۆيەك ئوتى تارتمايمەن.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
يارىم كەلدى قېشىمغا.
ئەجەب ياخشى ئەسقاتتى،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
تارى ئۈزۈلۈپ كەتتى.
يارىمنى خىيال قىلسام،
كۆڭۈل بۇزۇلۇپ كەتتى.

دۇتار چالىمەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
يۇرتۇڭدا مۇساپىرمەن،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

دۇتارىمنى ئېپ قويدۇم،
چالاي دېسەم تارىم يوق.
ئۆتەرمەنمۇ دۇنيادىن،
ئۆزۈم يالغۇز يارىم يوق.

ئېگىز دۆڭگە ساراي سالسام،
ئاراشتا قالدى.
مۇشۇ يەردىن بىر يار تۇتسام،
تالاشتا قالدى.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز مۇندا غېرىب جايدا،
سۆيگەن يارلىرىم قايدا.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
يول تېپىپ چۈشەلمەيمەن.
چىرايىڭغا كۆيدۈممەن،
ئەقلىڭگە ئىشەنمەيمەن.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى،
كۆلگە باشلىماق يارىم.
خەقنىڭ سۆزىگە كىرىپ،
مېنى تاشلىماق يارىم.

ئېتىزنىڭ يولى تاشلىق،
خويمۇ بولدۇ ئاشلىق.
قاچانغىچە كۆيمەيسەن،
مېھرىبان قەلەم قاشلىق.

جامالىڭنى جانان دەرلەر،
مەن بېرىپ كۆرەي دەيمەن.
پىيالەڭگە چاي قۇيۇپ،
مەن ساڭا تۇتاي دەيمەن.

يۈرىكىم چاك ـ چاك بولدى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي يارىم.
كېلەر يۈلۈڭغا باش قويۇپ،
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم.

جۇگانىمۇ تېگەي دەيدۇ،
چوكانىمۇ تېگەي دەيدۇ.
ئانىسى يامان خوتۇن،
«شايىدىن چاپان» دەيدۇ.

ئىلى دېگەن شەھرىڭدە،
ئۈن تاسقايدۇ لەڭزىدە.
مېنىڭ ئۇماق يارىمنىڭ،
مېڭى بار ئوڭ مەڭزىدە.

ئىشىكىڭدىن قوم ئالدىم،
تار كوچاڭدىن نەم توپا.
قىز ئالساڭ سۆيۈپ ئالغىن،
جۇگان دېگەن بىۋاپا.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتسەم،
مەيلى بارمىكىن دەمسەن؟
مەندىن ئۆزگە يارى يوق،
يالغۇز قالىدۇ دەمسەن؟

يوپۇرماقسىز دەرەخنىڭ،
سايىسى بولماسمىكىن؟
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
دورىسى بولماسمىكىن؟!

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قارا كۆز،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى.

كەچ كىرسە، تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
ياردىن ئايرىلىپ كەتتۇق،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

كەچ بولۇپ، يۇلتۇز چىقىپتۇ،
مەن قاچان ئۆيگە ياناي؟
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
يولداش قىلىپ ئۆيگە ياناي.

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.
ئەمدى كۆڭلۈك تىنىدىمۇ،
يۆرىكىمگە ئوت يېقىپ.

سالا بىلەن ئىچىپ قويدۇم،
كۆچلۈك هاراقنى،
تۆڭلۈك بىلەن چۇشىمەن دەپ
يېدىم تاياقنى.

كېچە بولسا ياتمايدۇ
دەرەخ ئۇچىدا قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرەكىم تويمىدى يارغا.

كۆندە كۆرمىسەم يارىم
ئاه ئۇرۇپ ياتالمايمەن.
ئىشقىڭدا ۋاپادارىم،
بارمىسام چىدالمايمەن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
قاراڭدىن قورقىمەن يارىم.
ئايرىلىشتىن قورقمايمەن،
پاراڭدىن قورقىمەن يارىم.

قەشقەر يولى قىيالىق،
ئۇرغاق سېلىپ ئۇرغان يوق،
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە
هېچكىم بىزدەك بولغان يوق.

قاشىنىڭ قاراسى سەندە،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە.
قاچان كېلىسەن يارىم؟
تاقەت قالمىدى مەندە.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى
ئېچىلسا پۇراقى بار.
مەن يارنى كۆرەي دېسەم،
ئۆيىنىڭ يىراقى بار.

قىزىلگۈلدە پۇراق بار،
بەرگىدە يوپۇرماق بار.
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن،
قىيامەتتە سوراق بار.

قولىدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىم كۆزىدە ياش بار.
يار كۆڭلى بۆلەك ئىكەن،
باغرىدا قارا تاش بار.

قولۇمدىكى قۇشۇمنى
پېشايۋانغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردلەرنى
ناخشام بىلەن تۆگەتتىم.

قوشۇما قاش شۇ يارىمنىڭ
نەشپۈت باغى بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرگىن،
كۆيگەن داغى بار.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى
پەلىيىمنىڭ يوقىدىن.
ياردىن ئايرىلىپ قالدىم،
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن.

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن
هويلاڭدا تېرەكىڭدە،
يىلان بولۇپ سويلايمەن
مەيدەڭدە، يۈرەكىڭدە.

لاچىن قونىمغان تېرەك،
سويما سالمىغان پىلەك.
ئون بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا تويىمغان يۈرەك.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئۈنلىرىم بوغۇلمامدۇ؟!
مەن يامان ئۆلۈپ كەتسەم،
ئورنۇمغا تۇغۇلمامدۇ؟

ئويناپدۇ يار، ئويناپدۇ،
ئەگىم يولدا ئويناپدۇ.
راست گېپىنى ئېيتماپدۇ،
شېرىن جاننى قىيناپدۇ.

ئورمىنى تولا ئوروپ،
قوللار قاپىرىپ قاتتى.
ئاتىدىن كىچىك قېلىپ
مېھرىبان ئانام باقتى.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى،
كۈندە كۆرەرمەن دەپ.
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

ئومىگىزنى مەن ئوردۇم،
ئۈنچىگىزنى سايلىماي.
يۈرەكلەردە داغ قالدى،
ئوتىگىزغا پايلىماي.

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
چا توخۇ پالاقلايدۇ.
قىزنى سۆيۈپ قويسام
ئانىسى ۋالاقلايدۇ.

بەلبېغىمنىڭ يوقىدىن
بېلىمگە باغلىدىم ياغلىق.
يار ماڭا ئىشەن ئەمدى،
سېنىڭ دەردىڭدە مەن ئاغرىق.

سارغايغان سۆگەتلەرنىڭ
سايىسى بولامدىكىن؟
يارغا كۆيگەن يۈرەكنىڭ
تازىسى بولامدىكىن؟

سەن تىرىك دەمسەن مېنى،
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
بەندىلەرنىڭ ئىچىدە
ئاسىي گۇناھكار بەندىمەن.

سەھەر تۇرۇپ يول سالدىم،
گۈلباغقا بارارمەن دەپ.
دەستە ـ دەستە گۈل تىزدىم،
ياردىغا تۇتارمەن دەپ.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
ئېرىقتا ئېقىپ تۇرسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار
يان قوشنا يېقىن بولسا.

تاغ ئارىلاپ سۇ كەلدى،
ئۈنچە ـ مارجان ساي بىلەن.
سۆيگەن يار كېلىپ قالدى،
يېڭى چىققان ئاي بىلەن.

تاغقا چىقتىم ئازادە،
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىلگۈلدىن زىيادە.

تال كەستىم ئادا بولدى،
مارجانلار شادا بولدى.
بىرىپ ئىيتىڭ ياردىمغا،
پەمىل چاي ئادا بولدى.

ئۇرىنلار ئۇچۇپ كەلدى،
گۈلزارنى ياراتقاندەك.
يارىم چىقتى ئالدىمغا،
ئالەمنى يورۇتقاندەك.

ئۇ كوچىدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچىدا مەن بولاي.
قىزىلگۈلى سەن بولساڭ،
يوپۇرماقى مەن بولاي.

ئۇلۇغ سۇنى لاي قىلغان
چوڭ كۆۋرۈكنىڭ توسىسى.
مىنى بىھۇش، مەست قىلغان
سۆيگەن يارىڭ ئۇسىسى.

خىيالنى تولا قىلسام
ئاغرىقتا چاقاي دەيدۇ.
مەن ياردىمغا سۆز سالسام،
ۋاقتىمغا باقاي دەيدۇ.

هاۋادىكى لاچىننىڭ
قاناتىدا توپا يوق.
خاپا بولماڭ جان يارىم،
ياش باللاردا ۋاپا يوق.

هويلاڭدىكى ئۈجمەڭنىڭ،
شاخى نەچچە ساناپ باق.
سەن يارىم مىنى دىسەڭ،
يۈرىكىمگە قاراپ باق.

چىقىۋاپسەن تىرەككە،
ئۈتنى ياقتىڭ يۈرەككە.
كۆڭلى پەسنىڭ قىلغىنى
ئۇرناپ كەتتى يۈرەككە.

چىلگە سارغىيىپ قاپتۇ،
ئىتمىزلىقتا پىلەكتە.
سەن سوردىما، مەن ئىيتماي،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

چوڭ سۇدا هاراق ئىچتىم،
دانىخان داڭلىق بىلەن.
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر،
قالىقاي ياغلىق بىلەن.

شەھەردىكى بايلارنىڭ،
ئىككىدىن سارايى بار.
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ،
ئالتۇندەك چىرايى بار.

ياغلىقىمنى كۆك بوياتتىم،
بەلبىغىمنى هاۋا رەڭ.
بىزنىڭ باغدا غورا پىشتى،
كۈندە كىلىپ ئۈزۈك يەڭ.

يامغۇرلار تولا ياغسا،
ئۆيدىن ئۆتىدۇ تامچە.
مەن يارنى سىغىنغاندا،
پۇتۇم ئات، قولۇم قامچا.

يار بارىدا ياخشى ئىدۇق،
يار كىتىپ يامان بولدۇق.
يار دەردى يامان ئىكەن،
سارغىيىپ سامان بولدۇق.

يار دەردىدە سارغايدىم،
يارغا يوق مېنىڭ قەدرىم.
خاڭنىڭ يولىدا يۈرۈپ،
ئۆتۈپ كەتتى مېنىڭ ئۆمرۈم.

يار تۇتۇپ نېمە قىلدىم،
جېنىمغا جاپا قىلىپ.
يۈرىكىم ئادا بولدى،
ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ.

يارىم بىلەن مەن ماڭدىم،
باغدىن گۈل ئۈزۈپ ياندىم.
يارىم ئاندا يار تۇتسا،
ئۈمىدنى ئۈزۈپ ياندىم.

يارىم كەلدى قول سالىپ،
تار كوچىدىن يول سالىپ.
بىزنىڭ يار ئۆتۈپ كەتتى،
يۈرىكىمگە ئوت سالىپ.

يارىم كەتتى يىراققا،
ئوتنى ياقتى چىراغقا.
يارنى شۇنچە چىللىسام،
ھېچ كەلمەيدۇ بۇ ياققا.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۈشۈپتۇ ياڭاقىغا.
كىشىنىڭ يارىنى يار دەپ،
ئۆلەيمۇ تاياقىغا.

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
كەتمىسەم يار قېشىدىن.
كېچە ـ كۈندۈز چۆرگىلەپ،
پەرۋانە بولسام بېشىدىن.

يارنىڭ بېغىدا بۇلبۇل،
گۈلى قايرىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نېمە قىلدىم،
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ.

يارىشىپتۇ ئەجەپمۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كىيىلمەن،
دىۋانىدەك كوچاڭغا.

يارنىڭ بويى قۇرغۇيدەك،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك.
يار سالدى پىراقىنى،
سارغايتتى سېرىدىق گۈلدەك.

ياخشى ئاتنى مىنگەندە،
تىزگىن سىيرىپ يۈرگەندە.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆسمەيدۇ،
گۈزەل يارنى سۆيگەندە.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر.

# چاغاتايچە لۇغەت

«ز»

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

**زابىت** [ضابط] (ئە) زەبت ئەتكۈچى، ئىدارە قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى؛
زابىت سىپەھدار ـ باشقۇرغۇچى، قوشۇن باشلىقى:

سۇرۇپ ئەلنى زابىت سىپەھدارلار،
سىياسەت تەرىقىدە غەددارلار.

ـــ نەۋائى

**زابىتە** [ضابطـه] (ئە) قائىدە، قانۇن، تەرتىپ، نىزام؛ قانۇن ـ قائىدە،
نىزامنامە:

ئىشىم بولدى كۈندىن قەۋى زابىتە،
تۇتار بولدى چوڭلار ماڭا رابىتە.

ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زابىتەئى دىن ـ دىن قائىدىسى، دىنىي قائىدىلەر:

زابىتەئى دىنغە نىگەھدار ئۈچۈن،
ئاجىزۇ ھەيرانغە مەدەتكار ئۈچۈن.

ـــ زەلىلى.

زابىتەئى رۇسۇمى شاھىي ـ شاھلىق ئىدارىسىنىڭ تەرتىپ قائىدىلىرى.

**زات** [ذات] (ئە) 1› ئەسل، ماھىيەت، ئاساس؛ 2› تەكرى؛ ئىگە، ساھىب؛
شەخس:

خالىڭ ئىزدەپ داغ تاپتىم، زاتىڭ ئەيلەپ كۆپ شەفىئ،
چۈنكى، شەيئىللاھ چىكىپ سائىل دىرەم ئۆززە تىلەك.

ـــ ئەرشى.

بار مەلەك نىشانىدۇرلار ئىشق زاتىدىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل مۇھەببەت سارىدىن.

ـــ ئەرشى.

3) جىسىم، گەۋدە:
دېدىڭ ۋەيرانە خۇبدۇر گەنجى زاتىم ئاسراماقىمغە،
بۇ ئەرمەسمۇ ئىدى مۇلكى ۋۇجۇدۇمنى خەراب ئەتتىڭ.
— گۇمنام.

4) ئىنسان تەبىئىتى، شەخسىيەت؛ كېلىپ چىقىش، نەسىل-نەسەب:
سەبا سوردى سېنىڭ ئاتىڭ نە بولغاي،
خەبەر بەرگىن ماڭا زاتىڭ نە بولغاي.
— خىرقەتى.

زاتى ئەللاھ — تەڭرى، ئاللاھ، خۇدا:
پەنجەڭنى كۆرەر ئېسەم بەناگاھ،
قىلغۇمدۇ خەيال زاتى ئەللاھ.
— ئەرشى.

زاتى بەشەر — بەشەرىيەت، ئىنسانىيەت، ئىنسانلار؛ كىشىلىك؛
زاتى پاكى — «زاتى پاكىي» غا قاراڭ:
ئاقار ھەردەم سۇخەنگەھ تۇتى يەڭلىغ ئاغزىدىن شەككەر،
ۋۇجۇدى زاتى پاكىڭ دۇررى ھەققىي شاھ جەھان پەرۋەر.
— قەرارى.

زاتى پاكىي — زاتى پاك، خۇدانىڭ سۈپىتى؛
زاتى فەرد — يېگانە شەخس؛
زاتى مەلەك — ئەسلى مەلەك، پەرىشتە؛
زاتى ۋاھىد — «زاتى فەرد» كە قاراڭ:
ۋەفا ئىستەر ئىسەڭ جۇز زاتى ۋاھىد،
فەلانى ئىستەمە، دېمە فەلانى.
— ئەرشى.

**زاتۇل - بۇرۇج** [ذات البروج] (ئە) بۇرچلار ئىگىسى، يەنى سەككىزىنچى پەلەك (كۇرسى):
بۇرجىغە بۇ يەتتى فەلەكدىن ئۇرۇج،
بەلكى ئانىڭ بابىدە زاتۇل - بۇرۇج.
— نەۋائى.

**زاتىي** [ذاتى] (ئە) بىر زات، يېگانە زات، ئۇلۇغ زات:
ۋۇجۇدلەر خوبى ئېردى ۋۇجۇدى ئالەم ئاراسى،
بەھاسىز گەۋھەرى ناياب ئېردى زاتى يەكتاسى.
— مەشھۇرى.

**زاتىي** [ذاتى] (ئە) تەبىئىي، ئەسلى، شەخسىي، تۇغما؛
ئىلتىفاتىي زاتىي — شەخسىي، خۇسۇسىي ئىلتىپات.

**زاخىر** [زاخر] (ئە) دولقۇنلۇق؛ دولقۇنلانغان، كۆتۈرۈلگەن؛ ھاياجانلانغان؛ ھاياجانلىق؛

**بەھرى زاخىر** — دولقۇنلانغان، مەۋج ئۇرغان دەريا:

كېلىپ كۆڭلى ئانىڭدەك بەھرى زاخىر،
كى ئاندا زاخىر ئەۋۋەل تا بەئاخىر.

— نەۋائى.

**زاد I** [زاد] (ئە) بالا، پەرزەنت، ئەۋلاد؛

**زادۇ بۇد** — تۇغۇلغان يېرى، يۇرت:

سورالدا ھەر بىرىنىڭ زادۇ بۇدىن،
كىنەتتە كۆردى بىر ساھىب ۋۇجۇدىن.

— لۇتفى.

**زادى شەكەررىز** — شېرىن سۆزلۈك، يېقىملىق پەرزەنت؛

**زادى ئىففەت** — پاكلىق سەۋەبلىرى؛

**زادى ئىففەت مەئاب** — ئىپپەتلىك خوتۇن، ئايال.

**زاد II** [زاد] (پ) 1› «ئازاد» نىڭ قىسقارتىلمىسى؛ 2› ئوزۇق، ئوزۇق-تۈلۈك؛ دەسمايە:

سەپەر مۇددەتىچە ئېلىپ زادنى،
بىلادىغە يەتكۈر بۇ دامادنى.

— ئا. نىزارى.

**زاد راھ** — «زادى راھ» قا قاراڭ:

دېدى ئەي ئاتا، راست قىل زادراھ،
كى بىچارە فەرزەندىڭە بول تەباھ.

— ئا. نىزارى.

**زادى ئەبەد** — مەڭگۈلۈك ئوزۇق؛

**زادى راھ** — يول ئوزۇقى، سەپەر جابدۇقلىرى؛

**زادى راھىلە** — «زادى راھ» قا قاراڭ.

**زاد سەرۋ** — ئازاد سەرۋ، تىك ئۆسكەن سەرۋ (قىش-ياز كۆپكۆك تۇرىدىغان، ھىدى يېقىملىق، خۇش قامەت بىر دەرەخ).

**زادە** [زاده] (پ) پەرزەنت؛ «زاد I» گە قاراڭ:

گەر مۇسۇلمان زادە بولساڭ، ئۆزۈڭ ئىنساف ئەيلەگىل،
مەن سۇساپ كەتسەم ئۆلۈپ ھازىر تۇرۇپ ئابى ھەيات.

— قەلەندەر.

**زادەئى تەبئ** — 1› كۆڭۈللۈك؛ خۇش پەم؛ 2› قابىلىيەتلىك، پاراسەتلىك:

نېچە زادەئى تەبئ ئېرۇر ناپىسەند،

كىشىنىڭ ئۆز ئالدىدە بار ئەرجۇمەندى.
— نەۋائى.

**زار** [زار] (پ) 1› پەرياد، يىغا، پىغان، ئاھ:
بەقالىق يار ھۇسنىن كۆرە ئالماي،
كى زار ئۆلغۇڭ ئاڭا قىلساڭ نەزارە.
— ئەرشى.
يەتسۇ قايدىن نالەئى زارىم قۇلاغىغە ئانىڭ،
چالدۇرۇر غەۋغا بىلەن بەزمىغە ئول چەڭۇ-رەباب.
— قەلەندەر.
2› يىغلىغۇچى، پەرياد چەككۈچى، ئاھ تارتقۇچى:
زار كۆڭلۇم سايرار ئول رۇخسارەئى نىكۇ كۆرۈپ،
ئەندەلىبى خۇش نەۋا يەڭلىغ گۇلى خۇشبۇ كۆرۈپ.
— مەشھۇرى.
3› غەمكىن، دەردلىك، ھەسرەتلىك؛ بىچارە، ئاجىز، كۈچسىز، ناتىۋان، خار:
كۆردۇم نۇرىنىكى زار ئاشىق،
بولدۇم ئاڭا مەنكى يارى سادىق.
— موللا سالىھ.
سىنىڭ ۋەسلىڭ تەمەننا ئەيلەپ ئەي گۇل،
يىلاندەك تولغانۇر بۇ جىسمى زارىم.
— خىرقەتى.
4› موھتاج، تەشنا:
كى يەئنى ئاتا ۋە ئانام باردۇر،
مىنى كۆرگەلى ھەم ئۇلار زاردۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
5› ئىسىملارغا قوشۇلۇپ يەر، جاي ناملىرىنى بىلدۇرىدۇ، مەسىلەن:
گۇلزار؛ بىنەفشەزار؛ سەبزەزار، دىگەندەك؛
**زار ئەيلەمەك** — يىغلاتماق، سىغىندۇرماق، مۆھتاج قىلماق.
گۇل يۈزۈڭغە ئەندەلىب يەڭلىغ قىلىپ زار ئەيلەدىڭ،
گۇلمۇسەن، رەيھانمۇسەن، يا ھۇرمۇسەن، غۇلمانمۇسەن.
— موللا بىلال.
**زار بولماق** — 1› ئاجىز، ناتىۋان بولماق، غەمكىن بولماق؛ دەرد-ھەسرەت چەكمەك؛ 2› موھتاج، تەشنا بولماق؛
**زار-زار يىغلاماق** — قاتتىق يىغلىماق، پەرياد ئۇرۇپ يىغلىماق؛

«قاق» قاراقىم سىزغۇرۇپ، يىغلاپ يولۇڭدا زار-زار،
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمۇ فىكرىم، قىيلۇ قالىم سەنمۇسەن؟
— موللا سالىھ.

زار قىلماق — ئاجىز، ناتىۋان قىلماق؛ غەمكىن، پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماق؛ خار، موھتاج، تەشنا قىلماق:
يارەب، سەھەر بىدار قىل، ئىشقىڭ غەمىدە زار قىل،
زىكرى شەرىفىڭ جارى قىل ھۇ-ھۇ دەبان قويسام ئاياغ.
— شەۋقى.

زار ئۇلماق — «زار بولماق» قا قاراڭ؛
زارۇبىقەرار — سەۋر-تاقەتسىز موھتاجلىق:
مەن فەقىر دىلخەستەگە رەھم [ئەيلە] ئەي شاھى جەھان،
كۆرگەلى ۋەسلىڭغە زارۇ بىقەرار بولدۇم نېتەي.
— موللا سالىھ.

زارۇ بىنەۋا — موھتاج ۋە غەمكىن:
جەھاندا بىر مېنىڭدەك يانە زارۇ بىنەۋا يوقتۇر،
مۇھەببەت تارىغە دائىم ئەسىرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.
— ئەرشى.

زارۇ زار — نالە، پىغان، قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىماق
بۇ سالىھ زارۇزار يىغلاپ، باشىغە گەردلەر ساچتى،
ئانىڭكى ئاھۇ فەريادۇ فىغانى ھەددىدىن ئاشتى.
— موللا سالىھ.

زارۇ زەلىل — خار ۋە خەستە؛
زارۇ غەرىب — خار ۋە غېرىب، بىچارە:
ئاجىزۇ بىچارەيۇ دەرماندەۋۇ زارۇ غەرىب،
سەن ئاخىر دەمدە ئەتا قىلغىل ئاگا ئىمانىنى.
— قەلەندەر.

زارۇ غەمناك — خار ۋە غەمكىن:
دېدى: بولدۇڭ نە دەپ سەن زارۇ غەمناك؟
دېدى: جانىمنى قىلدى بۇ نازىك چاك.
— خىرقەتى.

زارۇ مۇستەمەند — خارۇ-زارلىق، موھتاجلىق:
بولمىشەم، ئەي دوست، ھاجەتمەندۇ زارۇ مۇستەمەند،
يوق ئەمەل ساھىب كەرەمگە خەيرۇ ئېھسانىدىن لەزىز.
— ئابىد قۇمۇلى.

زارۇ مىسكىن — خار ۋە غېرىب، سولغۇن:

ئەرشىنىڭ باشى فەرەھدە ئەرشدىن ئۆتكۈسىدۇر،
گەر دېسەڭ، بۇ زارۇ مىسكىن خاكى دەرگەھدۇر مەگەر.
— ئەرشى.

زارۇ نىزار — خارۇ — زار، پېقىر، مىسكىن:
ئولدەمكى مېنى زارۇ نىزار ئەيلەدى ئىشق،
غەم تىغىدا كۆڭلۈمنى فىگار ئەيلەدى ئىشق.
— ئەرشى.

زارۇ ھەيران — خارلىق ۋە بىچارىلىك:
يارۇ يار دەپ بىھۇدە، ئەي سالىھى، جان چەكمەگىل،
يوقسە مەقسۇدۇڭ ئۈچۈنكىم زارۇ ھەيران سەنمۇسەن.
— موللا سالىھ.

زارى ئەبتەر — خارلىق، پېقىرلىق:
بولۇپ ئىشق ئىچرە بۇلبۇل زارى ئەبتەر،
ئىچىدۇر لەخشەئى چوغ، تاشى ئەخكەر.
— خىرقەتى.

زارى بىبىزائەت — ئاجىز، بىچارە، كەمبەغەل؛
زارى غەمكەش — زار ۋە غەملىك:
ئانىڭدەك بولدى بۇلبۇل زارى غەمكەش،
تۈشۈپ گۈل ھۇسنىدىن جانىغە ئاتەش.
— خىرقەتى.

زارىيىغلاماق — قاتتىق يىغلىماق، ھۆكرەپ، ھۆركىرەپ يىغلىماق:
سەھەرلەر ئويغانىپ فەرياد ئېتەرمەن،
خۇداغا زار يىغلاپ داد ئېتەرمەن.
— خىرقەتى.

زارىب [ضارب] (ئە) ئۇرغۇچى، زەربە بەرگۈچى:
ئانىڭ خاسىيەتى بۇ كىم مۇھارىب،
ئەگەر بۇ تىغ بىرلە بولسە زارىب.
— نەۋائى.

زارىب بولماق — ئۇرماق؛ ئۇرۇلماق؛

زاغ [زاغ] (پ) قاغا:
جەھانىنىڭ قۇشلارىدا فەرق نېدۇر؟
ئانىڭدۇر زاغى بۇلبۇل، بۇلبۇلى زاغ.
— ئەرشى.

زاغۇ زەغەن — قاغا — قۇزغۇن:
بىلمەگەي ھۇسنى جەمالىڭ مەدھىنى زاغۇ زەغەن،

باغدا گۇل ھەمدۇ سەناسىن بۇلبۇلى گويا بىلۇر.
— گۇمنام.

**زاك** [زاك] (پ) زاك، بوياق (چەم قارايتىش، چەكمەن بـوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق):
كەبىر، كەرەفشەيۇ سەندال، سەپىت،
كى ئاسفىر، زاك، چانتىيانا، خەدىت.
— موللا بىلال.

**زاكىر** [ذاكر] (ئە) تىلغا ئالغۇچى، ھەمدە ـ سانا ئېيتـقۇچـى؛ ئىبادەتـكە مەشغۇل بولغۇچى:
رەۋاجى ئىزدەسەڭ بازار مەھشەرنىڭ مەتائىدىن،
ھەمىشە زاكىر ئول، شەۋقى، نە شىرىن زىكرىدىن ھەرگىز.
— شەۋقى.

**زاگ** [زاك] (پ) زاك، بوياق، «زاك» قا قاراڭ.

**زال I** [ذال] (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدە «ذ» ھەرىپىنىڭ نامى:
نېچۇككىم بولسا دىل لەفزىدە نۇقتە «زال» بولۇر ھاسىل،
مەزەللەت ئىككى ئايرىلغان كۆڭۈلگە يەتتى خالىڭدىن.
— نەۋائى.

**زال II** [ذال] (پ) قېرى، كەمپىر، چال:
بار ئېردى شەھەرگە ياقىن پىرى زال،
قارىلىقدا ئېردى بويى مىسلى دال.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زال مەككارە** ـ مەككار كەمپىر:
كى ھەر كۈن ناز بىرلە جىلۋە قىلىسە زال مەككارە،
يۈزىنى كۆرسەتىپ كۆڭلىن ئالىپ، ئۆمرىنى قىلغاي كەم.
— ئەرشى.

**زالى ئافاق** ـ ئاسمان؛

**زالى چەرخ** ـ 1) پەلەك؛ 2) بىر كۈنلۈك ئاي، ھىلال؛

**زالى خىرەد** ـ ئەقىللىق، ئەقىللىق چال، پىر؛

**زالى دەھر** ـ دۇنيا، ئالەم، جاھان:
كىم قىلىپدۇر كامى دىل ھاسىل بۇ زالى دەھردىن،
سەن تەلاق ئەتمەي ئانىكىم نەدۇرۇر ئەقدى نىكاھ.
— ئابىد قۇمۇلى.

**زالى سەرا** ـ خىيال قەسرى، خىيالىي قەسىر، كونا ساراي:
گەرم رەۋلەر زەررەلەردەك چەرخ ئۇرار مېھر ئالدىدا،
كىم دېدى دىۋار ئارا زالى سەرادا ئىستەگىل.
— گۇمنام

**زالى فەلەك** ـ ئاسمان، پەلەك؛

**زالى گەردۇن** ـ ئاسمان، كۆك پەلەك:

ۋەفاسىزدۇر جەھان ئىشىت بۇ مەزمۇن،
تېگەر ھەركۈن بىرەۋگە زالى گەردۇن.

— قەلەندەر.

**زال III** [ضال] (ئە) 1› ئاداشقان، يولدىن ئازغان، گۇمراھ؛ 2› يامانلىققا ئۈندىگۈچى؛ ئازدۇرغۇچى، ئازدۇرۇش:

يوق ئېركەن، ئەي قەلەندەر ئەقلۇ ھۇشۇم،
كى دۇنيا زالىغە داماد بولدۇم.

— قەلەندەر.

چەرخ زالىن كۆركى، يۈزۈك مىكىر بۇنياد ئەيلەمىش،
يۈز جەھان شاد ئەھلىنى بىر دەمدە ناشاد ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

**زالىكە** [ذلك] (ئە) بۇ (ئالماش)؛

**غەيرى زالىكە** ـ ۋە بۇندىن باشقىلار:

... ۋە قازان ۋە ئەياق ۋە تەبەق ۋە پىيالە ۋە قاشۇق
ۋە غەيرى زالىكە كېرەك بولسا، تەرتىب قىلىپ بەرگەي.

— نەۋائى.

**زالىم** [ظالم] (ئە) زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم؛ ئادالەتسىز:

تا ساڭا بەردىم كۆڭۈل ئەي مىسلى ئالەم يوق ئارا،
يۈرەكىمنى ئەيلەدىڭ، زالىم، يارا ئۈزرە يارا.

— قەلەندەر.

**زالىم تەبئ** ـ زالىم تەبىئەتلىك؛

**زالىم سىرىشت** ـ زالىم تەبىئەت، ئادالەتسىز؛

**زالىمۋەش** ـ زالىم كەبى، زالىملارچە، زالىمسىمان؛

**زالىمى ئالىم نەما** ـ ئۆزىنى ئالىم كۆرسەتكۈچى زالىم:

فەلەك يەڭلىغ جەھاندا زالىمى ئالىم نەما يوقتۇر،
قولىدا تىغدۇركىم كېچە باشىدا دەستارى.

— مەشھۇرى.

**زامىن** [ضامن] (ئە) كېپىل بولۇش؛ كېپىللىك؛ كېپىل:

مۇۋافىق، يارلار بىرلە بۇ دەمنى خۇش كەچۈر، بابىر،
نې ئۈچۈنكىم كېلۇر دەمگە بۇلا ئالماس كىشى زامىن.

— بابىر.

**زامىن تىلەمەك** ـ كېپىللىك تىلىمەك؛

**زامىن ئۇلماق** ـ كېپىل بولماق.

**زانۇ** [زانو] (پ) 1› يېقىن؛ 2› تىز (ئادەمنىڭ تىزى):

قىلىپ ئېردى قۇفلىن خەتا مانۇسى،
يوغانلىقدا گويا تېۋە زانۇسى.

ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زانۇ بەزانۇ** ـ ناھايىتى يېقىن، يانمۇيان؛ يېقىن ئولپەت.

**زانۇيۇ ھەمدۇش** ـ تىزى تىزىغا، يەلكىسى يەلكىسىگە يېپىشىپ:

بولۇپ بىر لەھزە ھەم زانۇيۇ ھەمدۇش،
رەفىقى ھەمنىشىن، ھەمدەم، ھەماغۇش.

ـــ لۇتفى.

**زانۇيى ھەبىب** ـ ئەڭ يېقىن دوست:

چۇن قەدەم رەنجىغە باشىڭنى بىلال قىلغىل نىسار،
گەر كېلىپ كۇلبەڭ ئارا ئولتۇرسا زانۇيى ھەبىب.

ـــ موللا بىلال.

**زانى** [زانى] (ئە) زىنا قىلغۇچى، پاھىشىۋاز؛ «زىنا» غا قاراڭ.

**زاھىد** [زاهد] (ئە) 1› تەركىدۇنيا قىلىپ، يەنى دۇنياۋى ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، تائەت ـ ئىبادەتكە بېرىلگەن دىندار، تەقۋادار كىشى، شەيخ:

مېنى مەنئ ئەتمە، ئەي زاھىد، قۇۋانىمە زىكرە، ئەي سۇفى،
كى سەن مەغرۇرسەن زىكرە، مەنەم مۇشتاقى دىيدار.

ـــ نەسىمى.

زاھىد سىفەت شەيخلەرنىڭ مەسجىد سەرى يۈرگۈسى،
قوللاردە تەسبىھى رىيا تائەت قۇرغۇسى.

ـــ مەشرەب.

2› پەرھىزچى، ئۆزىنى كۆپ نەرسىدىن چەكلىگۈچى:

زاھىد تۇتۇپ ئۆزىنى، كىيىپ سوفى خىرقەسىن،
كۆزىن يۇمۇپ قۇسۇن بىلە باشىن تەبرەتىپ.

ـــ سەبۇرى.

**زاھىدا** ـ ئەي زاھىد، ھەي شەيخ:

زاھىدا، فىردەۋس ئارا جەۋرۇڭ تەماشاسىن نېتەي،
كۇلبەم ئىچرە گەر خەيالى ھۇسنى جانان بولماسا.

ـــ ئەرشى.

**زاھىد ئەھلى** ـ شەيخلەر، تەقۋادارلار؛

**زاھىدۋەش** ـ زاھىد تەبىئەتلىك، «زاھىد» قا ئوخشاش؛

زاھىد ئېلى – «زاھىد ئەھلى» گە قاراڭ:
قەدرى تاجى مەئرىفەت بىلمەسمىكىن زاھىد ئېلى،
خاتىرى خۇشدۇر ھەمىشە جۇببەۋۇ دەستارىدىن.
— زەلىلى.

زاھىدى پەرسۇدە – قېرىغان زاھىد، ھارغان، چۈشكۈنلەشكەن سوپى:
ئىشق ئەتۋارىنى ئايىتمام زاھىدى پەرسۇدەگە،
كىم قۇرۇق بەرگى گىياھغە ئابى باراندىن نەھەز.
— مەشھۇرى.

زاھىدى تەرراز – ئوغرى زاھىد، ئوغرى شەيخ:
مېنى ئۈچراتماغىل ئول زاھىدى تەرراز زەھرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلائي ناگەھاندىن ئاسراغىل، يارەب.
— ئەرشى.

زاھىدى خۇدبىن – ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى زاھىد، رىياكار سوپى:
مەغرۇر نەماز ئولماغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن،
مىكر ئىلە رىيادىن.
دېھقان سەمەندەر قاشىدا تۇدەئى خەسدۇر،
مانەند پۇچەك پۇل.
— زەلىلى.

زاھىدى زەرق بەرەست – ئۆزىنى زاھىد قىلىپ كۆرسەتكۈچى ھىيلىگەر رىياكار.

زاھىر I [ظاھر] (ئە) روشەن، پارلاق، يورۇق:
رەۋاجى ھۇسن ئۈچۈن چېھرەمنى كاھى ئەيلەمىش ئەزبەس،
بولۇر گۈل ھۇسنى زاھىر بولسە گەر رەڭگى خەزان پەيدا.
— ئەرشى.

زاھىر II [ظاھر] (ئە) 1) كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئوچۇق – ئاشكارا، ئايان:
نەچچە ئەرزى ھال قىلسام باۋەر ئەتمەس، ۋايكىم،
داغى دىل زاھىر قىلۇرغە ئەمدى كۆكسۈمنى ياراي.
— ئەرشى.

2) تاشقى كۆرۈنۈش، بىرەر نەرسىنىڭ سىرتى، تېشى:
«سوفى مەن» دەپ، زاھىرىڭ ئاراستە ئەيلەپ سۇف ئىلە،
باتىنىڭدىن فىكر دۇنيا سوفى ئەھۋالىڭ غەلەت.
— شەۋقى.

زاھىر ئەتمەك – «زاھىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
گەنج بەخشكىم، روز ئەفزۇن جەناب ئىسمىدىن
كىشۋەر كۇشالىق سىككەسىنىڭ مىر ئاتى بەھبۇدى
نەخشىن زاھىر ئەتتى.

— قىدىرخان يەركەندى.

زاهىر ئەيلەمەك — كۆرسەتمەك، بىلدۈرمەك، ئاشكارا قىلماق؛

زاهىر بولماق — كۆرۈنمەك، مەلۇم بولماق، بىلىنمەك، ئاشكارا بولماق:

يۈزۈڭ تا پەردەدىن زاهىر بولۇپدۇر،
سەنەملەر ھۇسن دەئۋاسىن قويۇپدۇر.

— ئەتائى.

زاهىر قىلماق — «زاهىر ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

كاشىفىل ـ ئەسرارلىق زاهىر قىلۇر نەرگىسلەر،
ئەھسەنۇتتەقۋىم ئانىڭ شەئنىگە بىر مۇختەس رەقەم.

— ئەرشى.

زاهىر ئولماق — «زاهىر بولماق» قا قاراڭ:

زاهىر ئولغاي ھەر نەفەس بىر تۈن ساچىڭنىڭ ھەجرىدە،
ئوتلۇق ئاهىم دۇد يەڭلىغ چىقسا پىچۇ خەم بىلە.

زاهىر ئۇلۇمى — «زاهىر ئىلمى» غا قاراڭ؛

زاهىرئىلمى — مەلۇم پەن، مەۋجۇت پەنلەر.

**زاهىرە** [ظاهره] (ئە) ئوچۇق، ئاشكارا، «زاهىر I» گە قاراڭ:

ئالارغە ئالىي مەقامات ۋە زاهىرە كەرامات كۆپ ئىبركەندۇر.

— نەۋائى.

**زاهىرەن** [ظاهرا] (ئە) كۆرۈنۈشى؛ كۆرۈنۈشچە، ئاشكارا، «زاهىر I» گە قاراڭ:

زاهىرەن كەلدى گەرچە زەندەئى پۇش،
فىلھەقىقەت ئەمىرى زىندەئى پۇش.

— ن. زىيائى.

**زاهىرى** [ظاهرى] (ئە) ئاشكارا، ئايان، «زاهىرI» گە قاراڭ؛

زاهىرى سەفا — تاشقى كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكلىق.

**زاۋىيە** [زاويه] (ئە) [كۆپلۈكى: زەۋايا] 1› بۇرجەك، ئۆي بۇرجىكى؛ بۇلۇڭ؛ 2› چەت جاي، شەھەردىن يىراق بولغان جاي:

ۋائەرەئى قىسمەتتۇر ئۇ سەرگەشتەئى تەقدىر،
كىم سەيرگەھى بادىيەۋۇ زاۋىيەلەردۇر.

— مەشھۇرى.

زاۋىيەئى خاك — يەر يۈزى، دۇنيا.

**زائىد** [زائد] (ئە) ئارتۇق، ئارتۇقچە، زىيادە؛ كېرەكسىز؛

زائىد قىلماق — قوشماق، ئارتتۇرماق.

**زائىدە** [زائده] (ئە) «زائىد» قا قاراڭ:

سىلكەندەرگە چۇن يەتتى بۇ فائىدە،
سەۋال ئەتمەدى نۇكتەئى زائىدە.

— نەۋائى.

**زائىر** [زائر] (ئە) «زايىر» غا قاراڭ:

خەيلى مەلەك قۇببەسىنىڭ زائىرى،
ئۇيلەكى سەرۋ ئۆزرە چەمەن تائىرى.

— نەۋائى.

**زاي** [زاى] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تۇغدۇرغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:
ۋەھشەتزاي — ۋەھشەت تۇغدۇرغۇچى؛ قورقۇنچلۇق.

**زايەندە** [زاينده] (پ) تۇغۇلغۇچى، تۇغقۇچى، كۆپەيگۈچى؛
زايەندە بولماق — تۇغۇلماق، پەيدا بولماق، كۆپەيمەك؛
زايەندە ئولماق — «زايەندە بولماق» قا قاراڭ.

**زايچە** [زايچه] (پ) مۇنەججىم ۋە رەممال يەنى پالچىلار پال ئېچىشتا ئەمەل قىلىدىغان دۇئالار يېزىلغان جەدۋەل: يەنە نۇجۇم ئىلمىن ئانچە بىلۇر ئېردىلەركىم، ھەر مۇۋەللەد ئۇچۇن زايچەئى تالىئ بىتىي ئالۇر ئېردىلەر.

— نەۋائى.

**زايىئ** [ضايع] (ئە) «زايىئ» قا قاراڭ:

قىلماغىل ئۇمرۇڭنى زايىئ ئىشقىدىن غافىل بولۇپ،
بىخەبەر بولماق بۇ يولدا پىشەئى ئىنسان ئەمەس.

— ئابىت.

**زايىر** [زاير] (ئە) زىيارەت؛ زىيارەتچى، زىيارەت قىلغۇچى.

**زايىقە** [ذايقه] (ئە) مەزە (تائام) نىڭ تەمىنى بىلىش ئىقتىدارى:

سەن كېتىپ ئەي جانىجان، جانىمدا راھەت قالمادى،
زايىقەمدە زەۋق، تەبئىمدە لەتافەت قالمادى.

— مەشھۇرى.

**زايىل** [زايل] (ئە) 1› يوق بولغۇچى، يوقالغۇچى، پانىي؛ يوقىلىدىغان:

بۇ رەڭ زەھر ئىچكەن ئېرمىش ھۇشمەند ئول،
كى بەل بىلمەك ئانىڭ ھۇشىنى زايىل.

— ئەرشى.

2› ئۇزۇن، تۆگىمەيدىغان:

نې مېھر ئىلە ماھ ئېچرە بۇ قىسىم يارۇغلۇق بار،

هەجرنىڭ كىيچەسى بىلمەم نې ۋەجھ ئىلە زايىلدۇر.
— گۇمنام.

**زايىل ئەتمەك** — «زايىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
«زال» زەبۇن ئەيلەپ مېنى هەجرى فىراقىڭ، ۋايىكىم،
زايىل ئەتكەن ئەقلىمە شىرىن زەبانىم سەنمۇ سەن؟

**زايىل ئەيلەمەك** — يوقاتماق، يوق قىلماق، بىر تەرەپ قىلماق؛

**زايىل بولماق** — يوقالماق، يوق بولماق؛ سۇنماق،

**زايىل قىلماق** — «زايىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

**زايىل ئولماق** — «زايىل بولماق» قا قاراڭ:
دەۋر ئۇراردا هەر تەرەف تۆشكەن مۇسەلسەل زۇلفىدىن،
زايىل ئولغاچ ئەقلۇ هۇشۇم بەس پەرىشان مەن بۇ كۈن.
— مەهزۇن.

**زايىئ** [ضايع] (ئە) يوقالغان، يوق بولغان؛ يوقىتىلغان، نابۇت بولغان؛ زەرەر، زىيان؛ بىكارغا كېتىش، بىهۇدە:
بۇلارنى سەفەرگە ئىبەرگەندە، بارغان يېرىدە مال ـ ئەهۋاللارىنى زايىئ قىلغانىدىن خەبەر تاپىپ، خاجە ئىستەپ بارىپ، ... ئىككىنچى دەفئە سەفەر ئىختىيار ئەتكەنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زايىئ ئەتمەك** — يوقاتماق، نابۇت قىلماق؛ بىهۇدە كەتكۈزمەك:
دەردىم كۆرۈپ مۇئالەجەدە زايىئ ئەتمە ئۇمر،
كىم جاندا دەردى ئىشقدۇرۇر بىدەۋا ماگا.
— بابىر.

**زايىئ بولماق** — يوقالماق، نابۇت بولماق، بىكارغا كەتمەك؛

**زايىئ قىلماق** — «زايىئ ئەتمەك» كە قاراڭ؛

**زايىئ كەچۈرمەك** — بىهۇدە ئۆتكۈزمەك:
زۇلفۇڭ يۈزۈڭ فىراقىندە تۇمەن هەسرەت بىلە،
هەيفكىم، زايىئ كەچۈردۈم مۇنچە سالۇ ماهنى.
— نەۋائى.

**زايىئ ئولماق** — «زايىئ بولماق» قا قاراڭ.

**زەبان** [زبان] (پ) تىل، نۇتۇق:
هۇر ۋەسلى بىرلە ئۇچماق قۇشلارىن لەفزىن دېمەي،
گاهى ـ گاهى شيۋەئى شىرىن زەبانىم بولسە بەس.
— ئەرشى.

**زەبانى هال** — كۆي ئارقىلىق ئىپادىلەش؛ هالىنى بايان قىلىش:
ئىشتىكەن ئىسە زەبانى هالىن،

چىقماس ئىدىيۇ قومۇشدا شەككەر.

— موللا سالىھ.

**زەبان ئاۋەر** [زبان آور] (پ) سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا، ناتىق:

ئەلقىسسە، پەھلەۋاننىڭ بارچە نەۋئ ئىشلارىنىڭ خۇشلۇغى بەياندا ۋە ھەر تەۋر سىيرەت ۋە سۇرەتىنىڭ دىلكەشلىغىنىڭ شەرھىدە زەبان ئاۋەرلەر تىلى قاسىر ۋە داستان گۇستەرلەر نۇتقى ئاجىزدۇر.

— نەۋائى.

**زەبان ئاۋەرد** [زبان آورد] (پ) «زەبان ئاۋەر» گە قاراڭ.

**زەبانە** [زبانه] (پ) ئۇچقۇن، يالقۇن:

كۆيەر بۇلبۇل مەئانى ئەۋجىدە گەر بولسا ھەم پەرۋازە
چۇ بەرقى ئاھىدىن ھەربىر زەبانە بىر قەناتىمدۇر.

— زەلىلى.

**زەبانە تارتماق** — ئۇچقۇنلىماق، يالقۇنلىماق، يالقۇنجىماق؛

**زەبانە چەكمەك** — ئەۋج ئالماق، دولقۇنلىماق؛

**زەبانە ئۇرماق** — 1) «زەبانە تارتماق» قا قاراڭ:

زەبانە ئۇردى ئىشق ئوتى، ئۇنىڭ ھەر زەخمىدىن گۇمنام،
كىشى كۆرگەنمۇ ئىركىن مىھر پۇر ئەنۋار مەن يەكلىغ.

— گۇمنام.

2) سۆزلەشمەك، بايان قىلماق، ئىيتىپ ئۆتمەك.

**زەبان بەست** [زبان بست] (پ) سۆكۇت ساقلىغۇچى، خامۇش قىلغۇچى، جىملىگۇچى؛ خامۇش، جىمغۇر؛

مۇتەكەللىمىكى، ئەرەب فۇسەھاسى بەلاغەت گۇلبانىگىن سىپىھر گۇلشەنىدىن ئاشۇرغاندا ئانىڭ بۇلبۇل نۇتقى تەرەننۇمى بىلە ئالارنى زەبان بەست ۋە دە ئۇۋالەرى ئاۋازەسىن يەرگە پەست قىلدى.

— نەۋائى.

**زەبان بەند** [زبان بند] (پ) 1) تىلى تۇتۇق، تىلى بەند قىلىنغان، سۆزلىيەلمەيدىغان، سۆزلەش ئىمكانىيىتى بولمىغان؛ 2) تىلنى بەند قىلىش، جادۇگەرلىك؛

**زەبان بەند ئەيلەمەك** — تىلىنى بەند قىلماق، گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويماق؛

**زەبان بەند قىلماق** — «زەبان بەند ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**زەباندان** [زبان دان] (پ) تىل بىلگۈچى، تىلشۇناس:

كىبرەك، مەخفىي فەھمغە زەبانداني
يوق، زەباندانكىم كىبرەك سۆلەيمانى.

— نەۋائى.

**زەبەر** [زبر] (پ) 1) ئۈست، ئۈستى؛ ئۈستىدە، تۆپىسىدە:

بارچە قارا قاش ئەھلىغە ئۇل كۆنى يەتتىلەر خەبەر،
كەلدى بالالارغە غەزەب، ئەيلەدى زەر ئىلە زەبەر.
— موللا سالىھ.

2› ئىگىز، يۇقىرى:
بارچەلەرى خادەمى مەشھەد بولۇپ،
مەشھەدى ئەئلادي زەبەر ئولۇپ.
— زەلىلى.

3› ئەرەبچە «فەتھە» دەپ ئاتىلىدىغان دىئاكرىتىك بەلگە. بۇ بەلگە تاۋۇشلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلى ئاۋازىغا «ئە» تاۋۇشىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**زەبەرجەد** [زبرجد] (پ) قىممەت باھا تاش:
ھەممن سائەت ئىچرە بولۇپ توبرە پۇر،
كى ياقۇت، زەبەرجەد بىلە ئۈنچە دۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەبەرجەد فىشان** [زبرجد فشان] (پ) قىممەت باھا تاشلارنى چاچقۇچى، تۆككۈچى:
يېرى سەبزە بىرلە زۇمۇرەد نىشان،
ئاڭا چەرخى مىينا زەبەرجەد فىشان.
— نەۋائى.

**زەبەر دەست** [زبردست] (پ) 1› كۈچلۈك، پالۋان، زوراۋان:
شوخلارى مەھۋەش ھەر مەستدۇر،
دەردى ئۇلارنىڭ كى زەبەردەستدۇر.
— زەلىلى

2› قولى گۈل، ماھىر؛ ئىستىپداتلىق، ئىقتىدارلىق:
ھەر كىمىنكى، ئالەمدە زەبەردەست ئەتتىڭ،
ئاخىر ئەجەل ئىلگىدە ئانى پەست ئەتتىڭ.
— نەۋائى.

زەبەردەست ئەيلەمەك — كۈچلۈك، مەرتىۋىلىك قىلماق.

**زەبت** [ضبط] (ئە) 1› ئىگىلەش، قولىغا ئېلىش، ئىشغال قىلىش؛ تۇتۇش:
جەھان ئىچرە زەبتىم سالىپ تۇمتەراق،
كېلۇر بولدى رۇمغە ياقىنۇ يىراق.
— ئا. نىزارى، ن زىيائى.

2› نازارەت، تەكشۈرۈش؛ ساقلاش:
ھەمە ئالىي نەسەب ئەۋلادى ئەئيان،
ئۇمۇرى مەملەكەتكە زەبتى ئەركان.
— ناقىس.

زەبت ئەتمەك ــ «زەبت قىلماق» قا قاراڭ؛
زەبت ئەيلەمەك ــ «زەبت قىلماق» قا قاراڭ؛
زەبت ئالماق، ــ 1) ئىگىلىمەك، ئىشغال قىلىماق، قولغا ئالماق؛
2) تەكشۈرمەك، ئىپىنتىلىماق؛
زەبتۇئايىن ــ ئىنتىزام ۋە تەرتىپ.

زەبھ [ذبح] (ئە) سويۇش، بوغۇزلاش:
ساڭا گەر بولماسا ئاشىق مەھى تىغى مۇھەببەتدىن،
نە ئۈچۈن شەمئ سەر ــ تاپا بولۇر بىسمىل زەبھ ئاسا.
ــ مەشھۇرى.
زەبھ قىلماق ــ بوغۇزلانماق،
زەبھ بولماق ــ سويماق، بوغۇزلىماق.

زەبۇر [زبور] (ئە) دىنىي كىتاب، داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ كىتابى:
ئىشتكەن زەمان ئۇل ئىنسۇ جان، داۋۇد زەبۇردىن ھەمان،
بىھۇش يىقىلمىش ھەر زەمان مۇرغى ھەۋالار بىرلە زاغ.
ــ شەۋقى.

زەبۇن [زبون] (پ) 1) ئاجىز، ناتىۋان، زەئىپ، كۈچسىز، بىچارە، ئېزىلگەن، خارلانغان:
لەيلىنىڭ ھالى زەبۇندۇر يار ئۈچۈن لەيلۇ نەھار،
ئەيلەگىل، يارەب، ماڭا مۇشكىلنى ئاسان بۇ كېچە.
ــ ئا. نىزارى.
دوستلار فۇرقەت ئەزابى شىددەتىن ئەيلەي بەيان،
ئاھ، نېتەي مەن بەندەنى قىلدى زەبۇن ناچار ئىشق.
ــ موللا سالىھ،
2) مەغلۇب، يېڭىلىش، يېڭىلگەن؛ ئەرزىمەس:
مېنى قىلدى ئانداغ فىراقى زەبۇن،
كېتىپ ھۇش ــ ئەقلىم كېلىپدۇر جۇنۇن.
ــ ئا. نىزارى.
زەبۇن ئەتمەك ــ ئەقلىنى ئاجىز قىلماق، زەئىپلەشتۈرمەك؛ بىچارە ھالغا چۈشۈرمەك:
ئايىتتى گۇل: قويۇڭ بۇ ھەرزە سۆزنى،
زەبۇن ئەتمەك نېدۇر ياغىغا ئۆزنى.
ــ لۇتفى.
زەبۇن ئەيلەمەك ــ غەلىبە قىلماق، يەڭمەك؛
زەبۇن بولماق ــ مەغلۇپ بولماق، يېڭىلمەك:
يارنىڭ كويىدا ئۆلمەكلىك سەئادەتدۇر ماڭا،

بەلكى ئىشقىدا زەبۇن بولماق ھەلاۋەتدۇر ماڭا.

— موللا بىلال.

زەبۇن قىلماق — يەڭمەك، مەغلۇپ قىلماق؛ غالىب كەلمەك.

**زەبۇنكۇش** [زبون کش] (پ) ئاجىزلارنى ئۆلتۈرگۈچى؛ رەھىمسىز، زالىم:

بۇ ئۆتكەن ئىككى يىلكىم، بۇ بەندە باشىغە ھەۋادىسى
روزگاردىن يۈز نەۋئى بەلا ۋە ئىشقى زەبۇنكۇش بىدادىدىن
يۈز تۈرلۈك ئىبتىلا يۈزلەندى.

— نەۋائىي.

**زەبۇنكۇشلۇق** [زبون كشلوق] پەس، ئەرزىمەس، خارۇزارلىق، ناتىۋانلىق، زەئىپلىك.

**زەبۇنۋەش** [زبون وش] (پ) ئاجىزلارچە، خارلارچە، بىچارىلەرچە:

ھەق ئاندىن ئاسراسۇنكىم ئول زەبۇنۋەش،
بىراۋنىڭ ئىشقىدىن بولغاي مۇشەۋۋەش.

— نەۋائىي.

**زەجاج** [زجاج] (ئە) كۇلالچى؛ شىشە، ئىدىش ياسىغۇچى؛ شىشە، ئىدىش ساتقۇچى.

**زەجر** [زجر] (ئە) 1) قىيناش، ئازابلاش، ئازاب بېرىش؛ 2) (پەند — نەسىھەت بىلەن) قايتۇرۇش؛ مەنئىي قىلىش؛ توسۇش؛ 3) زۇلۇم، ئازاب، زورلۇق؛ 4) بىچارىلىك.

**زەخامەت** [زخامت] (ئە) يوغان:

يۈز ئەللىك قارى ئەۋجى رىفئەت ئاڭا،
يەنە مۇنچە داغى زەخامەت ئاڭا.

— نەۋائىي.

**زەخخار** [زخار] (ئە) دولقۇن، دېڭىز سۈيىنىڭ شاۋقۇن سېلىپ دولقۇنلىنىشى:

زەمىرى لۇججەئى زەخخارى مەئنى،
كەلامى گەۋھەرى شەھۋارى مەئنى.

— نەۋائىي.

**زەخم** [زخم] (پ) 1) يارا، جاراھەت:

غەمزەسىدىن تەگدى كۆپ جانىمغە ناۋەك ئوقلارى،
زەخم بولدى زار جىسمىڭ تاكمادىڭ باشىدىن — ئاياغ.

— ئابىد قۇمۇلى.

نېدۇر ئۇلكىم سوقۇپ تەرتىب بۇگەلمەس،
باشى زەخمى دەۋا بىرلەن ئوڭەلمەس.

— سەيفى سەرايى.

2) ئازار، رەنجىش؛ خاپىلىق، مالامەت؛ كۆڭۈل غەشلىكى؛ دىل ئاغرىقى:

ھەر نەچە زەخمىم ئارا بولغانسارى ئۇريان سۆڭەك،
تاك قالۇر ئالەم ئىچىلى جىسمىدە بۇ كۈلكۈ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

3) زەربە، ئۇرۇش كۈچى:
تىكەننىڭ زەخمىدىن ئەۋۋەل قۇتۇلغىل،
كېلىپ گۈل قاشىدا ئىشرەتدە بولغىل.
— خىرقەتى.

كۆرۈنمەي كىشىگە ئەدۇۋ ۋەھمىدىن،
ئەمىن بولغامىز دەپ ئاننىڭ زەخمىدىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4) بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك؛ 5) ئاشىقلىق:
نەچە بولغاي زەخملىق كۆڭلۈمنى مەھزۇن ئەيلەمەك،
زەخمى قاندىن كۆزۈم ياسىن جىگەر گۇن ئەيلەمەك.
— نەۋائى.

زەخم ئەيلەمەك — جاراھەتلەندۈرمەك، يارىدار قىلماق؛ گىرىپتار
قىلماق:
قاشىغە باردىم ئول سائەت، قىلىپ تەئزىم ئول پۇرسەت،
ئاتىپ ئول تىيرى مىژگانىن باغىر زەخم ئەيلەدى ئەييار.
— نەۋبەتى.

زەخم ئۇرماق — «زەخم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
خۇداغە كۆپ يېقىن بولماق، شەياتۇنلارغە زەخم ئۇرماق،
بىلىڭ ئەھلى سۇلۇكنىڭ نەفئى ئىسباتى ئىرۇر بائىس.
— موللا بىلال.

زەخمى پەيكان — ئوق بىلەن جاراھەتلەنگەن يارا، جاراھەت:
قاشلارى ياسى ئوقىنىڭ تەگكەننى بىلدى ئەل،
خەستە ئولغان جاندا ھەريان زەخمى پەيكانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

زەخمى تەرەننۇم — كۆچمە م: چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تارى:
بەزمىڭگە لايىق ئولمادى چەڭگۇ رەبابى ساز،
ئىشق ئەھلى جان رىشتەسى زەخمى تەرەننۇمۇڭ.
— گۇمنام.

زەخمى زەبان — تىلدىن (گەپتىن) يەتكەن ئازار، تىل ئازارى؛
زەخمى نىھان — يوشۇرۇن يارا، پىنھان دەرد:
ھەزىن كۆڭلۈمنى ئەزبەس ناۋەكى ئىشقىڭ نىشان ئەتكەچ،
كۆزۈم ياشىنى گۈلگۈن ئەيلەگەن زەخمى نىھانىمدۇر.

— ئەرشى.

زەخمى ھىجران — ھىجران يارىسى: ئايرىلىش ئازابى:

كۆرۈپ ئول ئىشتىياقى زەخمى ھىجران،

كى ئىستەپ ۋەسل تاپقاي جانۇ جانان.

— لۇتفى.

زەخمە [زخمه] (پ) 1) ئۇرۇش، زەربە؛ 2) يارا، زەخمە، 3) ناخۇن (تەمبۇر چېلىش ئۇچۇن سىمدىن تەييارلانغان زەخمەك)؛ 4) كۈي، چالغۇ كۈيى.

زەخمە پەرداز [زخمه پرداز] (پ) كۈيلىگۈچى؛ چالغۇچى.

زەخمەك [زخمک] (پ) «زەخمە» گە قاراڭ:

لەززەتى فەقر ئاڭلادىم شەۋكەت ئۆيىن ئەيلەپ ھەبا،

زەخمەكى غەم بىرلە كۆڭلۈم سازىدىن چەكتىم نەۋا.

— ئەرشى.

زەخمناك [زخمناک] (پ) «زەخمىن» گە قاراڭ:

خەنجەرى ھىجران ۋۇجۇدۇمنى قىلىپدۇر زەخمناك،

كۆز يولىدىن جارى ئەيلەپ قاننى يۈپمەن قان بىلە.

— ئا. نىزاى.

زەخمىن [زخمين] (پ) يارىدار، جاراھەتلىك؛ غەمدىن ئېزىلگەن:

سەنسىز ئاچىلماس تەجەللى خاتىرىدىن ئۇقدەلەر،

كىم ھىلالى ئىيد ئانىڭ زەخمىنەغەم تىرناغىدۇر.

— تەجەللى.

زەخىرە [ذخيره] (ئە) ئېھتىيات ئۇچۇن يىغىپ قويۇلغان مال، ئوزۇق - تۈلۈك:

بىرىپ تەرتىب ئەۋۋەل فەقىرەلەرگە،

سۇخەنرەسلەركى قويغان زەخىرەلەرگە.

— ناقىس

زەخىم [ضخيم] (ئە) كاتتا، زور، ھەيۋەتلىك، گەۋدىلىك:

ۋە ئول تائىفە بەغايەت زەخىم ۋە جەسىم ئەل ئېردىلەر.

مەۋلانا قەۋسي ... زەخىم ۋە كۈچلىكدۇر.

— نەۋائى.

زەد [زد] ئۇرۇش، جېدەل:

— زەدۇ خورد قىلماق - بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلماق، ئۇرۇش، جېدەل قىلىشماق، سېلىشماق.

زەدا [زدا] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «كەتكۈزگۈچى، ئېرىتكۈچى، تازىلىغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؛ «غەمزەدا» غا قاراڭ.

زەداي [زداى] (پ) «زەدا» غا قاراڭ:

ئاياقچى بەر ئول ساغەرى غەمزەداي،
دىمە غەمزەداي، جامى ماتەمزەداي.

— نەۋائى.

**زەدە** [زدە] (پ) سۆز بىرىكمىلىرىدە «ئۇرۇلغان، ئېزىلگەن، يەنچىلگەن» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؛ «سەۋدازەدە» گە قاراڭ:

تەرك ئەيلەرگە جەھان ئىقلىمىنى ئەر كېرەك،
چۈن مۇسىبەت زەدە خاتىر دىلگىر كېرەك.

— زەلىلى.

**زەر** [زر] (پ) زەر، ئالتۇن:

ياساپ تىترەگۈچ شاھقە تاج زەر،
تېخى ئىشلەدۇك بەلكى زەردىن كەمەر.

— غەرىبى.

**زەرئەندەرزەر** — زەر ئۈستىگە زەر، ئالتۇن ئىچرە ئالتۇن؛

**زەر پەيكەر** — ئالتۇن يىسپ، ئالتۇن قاپلانغان، زەرلىك؛

**زەر قۇماشى** — زەردىن توغۇلغان، ئالتۇن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان قىممەت باھالىق رەخت:

ئەرشى، گەر رىند فەناسەن كي لىباسى فەقرىكىم،
زەر قۇماشىدىن مۇرەججەھ كەلدى فەقر ئىچرە لىباس.

— ئەرشى.

**زەرقىزى** — ئالتۇن قىزى، ئالتۇندەك پاك قىز؛ قۇياش؛ گۈزەل يار، سۆيۈملۈك قىز:

زەر قىزى، ھەڭگامەسىدىن ئەرشى ئانداغ بولدىكىم،
كۆزلەرىم شەكلى مۇھىتى، مەردۇمى ئۈينارغە بەت.

— ئەرشى.

**زەرۇ سىيم** — ئالتۇن ۋە كۈمۈش، دەپى - دۇنيا:

زەرۇ سىيم تاپغان كەبى شاد ئۇلۇر،
نېدىن ئىتغە ئانداغ لەئلنى ئاسۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەرۇ نۇقرە** — ئالتۇن ۋە يىيمەكلىك، مال - مۈلۈك ۋە يېمەك - ئىچمەك:

كى ئەلقىسسە، پۈتتى سەفەر جابدۇغى،
زەرۇ نۇقرە بىرلە مەتائ ساندۇقى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەرى مەغرىبى** — تازا، ساپ ئالتۇن؛ ھالال ئالتۇن؛

**زەرىن ساغەر** — ئالتۇن قەدەھ:

بىر ئىلگىدە سەبۇھى مەي، بىر ئىلگىدە زەرىن ساغەر،
كىرىپ ئولتۇردى يانىمدا مېنىكىم نەشئەياب ئەيلەپ.

— مەشھۇرى.

**زەرائەت** [زراعە] (ئە) ئاچىزلىق، كەمتەرلىك، ئىتائەتكارلىق؛ بويسۇنۇش.

**زەرافەت** [ظرافت] (ئە) 1› پاكىزە، پاكىزىلىق؛ گۈزەللىك، نازۇك تەبىئەتلىك؛

بۇ كۈن ھۇسن ئوردەسىندە پادىشاھسەن،
زەرافـەت ئالەمىـنـدە مەھلـىقاسەن.

— سەيىد ئەھمەد.

2› خۇش چاقچاقلىق؛ خۇش چاقچاق سۆزلەر:

دىۋان تەكمىلىغە مايىل بولغاي ۋە يەنە داغى لەتافەت شىئار نازىملار زەرىفى ۋە زەرافەت دىسار راقىملار لەتايىفى ھەريان ئىستىمائ تۇشەركىم، كۆپرەك مەتبۇئ ۋە مەقبۇل مەئنى ۋە دەرياسىدا مۇنچە غەۋۋاس ئاراسىدا بەيابانغا خۇي قىلغان دىۋانە لىسانىدىن داغى بىگانە بولدى.

— قىدىرخان يەركەندى.

3› ماھىرلىق، ئۇستىلىق:

كى بىزلەردە ئانچە زەرافەت دۇرۇر،
ھۇنەر ئىلكىمىزدە لەتافەت دۇرۇر.

— غەرىبى.

**زەرافەت ئاسار** — نازۇك پەملىك؛ خۇش چاقچاق؛

**زەرافەت ئەندىشە** — نازۇك پەملىك، ساپ، پاك كۆڭۈللۈك، ساپدىل:

بۇ دىققەت پىشە ۋە زەرافەت ئەندىشە ئەزىزلەردىن ئەگەرچە بەئزى ئەجەل مەيىدىن مەست ۋە بىخەبەردۇرلار.

— نەۋائى.

**زەرافەت دىسار** [ضرافت دثار] (ئە) نازۇك پەم، خۇش چاقچاق.

**زەرئاگىن** [زرآكين] (پ) ئالتۇن قاپلانغان.

**زەرايىر** [زراير] (ئە) [بىرلىكى: زەرىر] 1› «زەرىر» گە قاراڭ؛ ‹2› زەررەلەر؛

**زەرايىر ساچماق** — سارغۇچ تاۋلانماق، سارغۇچ پارقىرىماق.

**زەرايىف** [ظرايف] (ئە) [بىرلىكى: زەرىف] زىبا، گۈزەل، لەتىپ؛ «زەرىف» كە قاراڭ:

**زەرايىف باش ئۇرماق** — نازۇك مەنىلىك سۆزلەرنى ۋۇجۇدقا، بارلىققا كەلتۈرمەك.

**زەر ئەفشان** [زرافشان] (پ) زەر، ئالتۇن چاچقۇچى:

مەشئەلى خۇرشىدۇ رەخشان بولۇپ،

روپى زەمىن يەنى زەر ئەفشان بولۇپ.
— زەلىلى.

زەرئەندۇد [زراندد] (پ) ئالتۇن قاپلانغان، ئالتۇن ئارىلاشتۇرۇلغان، ئالتۇن كەبى يالتىرايدىغان:
كۆرەركىم، شەھەرنىڭ ھەمە قەلئەسى،
زەر ئەندۇد قىلغانكى شۇدۇر بەسى.
— ئا. نىزارى.

زەرب [ضرب] (ئە) 1) ئۇرۇش، زەربە:
ئالىپ قوللارىغە كى ئەسباب ھەرب،
كى قۇبلىغە قاتتىق قىلىپ ئۇردى زەرب.
— ئا. نىزارى.

2) كۈچ، قۇدرەت:
كى زەرنى سوقۇپ زەرب ئىلە پەخش ئېتىپ،
ياساپ تۈگمەلەر يۈزىگە نەقش ئېتىپ.
— غەرىبى.

3) شېئىرىيەتكە ئائىت تېرمىن: بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىڭ ئاخىرقى رۇكنى ياكى سۆزى؛

زەربى ئازار — زەربە، رەنجىش، ئازار، ھاقارەت:
جەبىن ئۇزرە تەغەييۇر ئەيلەپ ئىزھار،
يېرىپ باتىن قولىدىن زەربى ئازار.
— ناقىس.

زەربى دەست — قول كۈچى؛ قاتتىق كۈرەش، جەڭ.

زەرباقت [زرباقت] (پ) «زەر بەفت» كە قاراڭ:
ئەسكى چاپان بىلە فارىغ تۇفراغدا ئولتۇرماق ياخشىراقكى، زەربافت خەفتان كىيىپ بىراۋ ئالىدە تۇرماق...
— نەۋائى.

زەربەت [ضربت] (ئە) ئۇرۇش، ئۇرماق؛ زەربە:
ئەجايىب بىمەدار ئەتتىڭكى ھەجرىڭ زەربەتى بىرلە،
نەھىف بولدۇم كەلامىڭ داغى شىرىن ھەسرەتى بىرلە.
— موللا بىلال.

زەربەفت [زربفت] (پ) زەردىن توقۇلغان ماتا (رەخت)، تەتىللا، كىمخاب:
خىلئەتى زەربەفت كۆرگەچ ئىگنىدە، كۆڭلۈمگە ھەۋەس،
بولدى ئانداغكىم زەرۇ ياقۇتغە خارا لىباس.
— ئەرشى.

**زەربخانە** [ضربخانە] (ئە + پ) پۇل ياسىلىدىغان جاي؛ ئالتۇن، تەڭگە، چاقا پۇل قاتارلىقلار سوقۇلىدىغان كارخانا.

**زەرپاش** [زرپاش] (پ) 1) زەر چاچقۇچى؛ ساخاۋەتلىك، سېخىي:

ئىمارەت سەئيدەكىم بولسا زەرپاش،
بىنا ئانىڭ ئاتى بىرلە بولۇر پاش.

— قىدىرخان يەركەندى.

2) قۇياش.

**زەرپەيكەر** [زرپيكر] (پ) زەر تۇسلۇك، ئالتۇن رەڭلىك:

ئابى ئولۇپ تۇگمەئى زەر پەيكەرى،
ئاقۇ قىزىل ئالما دۇرۇ گەۋھەرى.

— نەۋائى.

**زەرخەرىد** [زرخريد] سېتىۋالغۇچى، قۇل، مالاي:

مۇنچە مەلامەت ئەيلەمەك ياخشىمۇ روسمىيەھ رەقىب،
ئىشق غۇلامى مەن بۇگۇن بەندەئى زەرخەرىد ئەمەس.

— زەلىلى.

**زەرد** [زرد] (پ) سېرىق، سېرىقلىق؛ سارغايغان:

كىچەلەر بىدار ئەمەس سەن ئىشق دەئۋايىڭ غەلەت،
رەڭگى زەرد ۋە چەشم تەر يوق ئىشق سەۋدايىڭ غەلەت.

— شەۋقى.

**زەرد رۇخسار** — چىرايى سارغايغان، چىرى سولغان:

زەرد ئالۇ زەرد رۇخسار مانەندى ئاشىقى زار،
شەفتالۇ شەھد ئەفشان چۇن لەئل شەككەر ئەفشان.

— مەشھۇرى.

**زەرداب** [زرداب] جاراھەتتىن ئاققان سېرىق سۇ، زەرداب:

ئىچىپدۇر سۇ تىكەن گويا زەھەردىن،
تىكەر زەرداب ئاقار جانۇ جىگەردىن.

— خىرقەتى.

**زەردار** [زردار] (پ) پۇلدار، باي؛ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك:

زىيادە ئەيلەگىل ئىشقىمنى، يا رەب، قىلما ھەرگىز ئاز،
مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە شۇئلەئى ھىجراندا زەردار ئەت.

— ئا. نىزارى.

**زەرد ئالۇ** [زردآلو] (پ) ئۆرۈك:

زەرد ئالۇ زەرد رۇخسار مانەندى ئاشىقى زار،
شەفتالۇ شەھد ئەفشان چۇن لەئل شەككەر ئەفشان.

— مەشھۇرى.

**زەردە** [زردە] (پ) 1› سېرىقلىق، سېرىق تۇسلۇك، سارغايغان؛ 2› ئۇت، سەپرا.

**زەردەشت** [زردشت] (پ) «زەردۇشت» قا قاراڭ.

**زەردەك** [زردک] (پ) زەدەك، سەۋزە:

گوشەئىدىن ئاچچىغ ئىتسپ قىياز،
فەررەكچىنىڭ زەردەكى قىل ـ قىل دەراز.

ـــ زەلىلى.

**زەردوز** [زردوز] (پ) زەرلىك كەشتە تىككۇچى.

**زەردوزلۇق** [زردوزلوق] زەردىن تىكىلگەن كەشتە:

ئەگەر شۇنقاردەك باشىمدا زەردوزلۇق تۇماغىدىن تاج ئەمەستۇر، شۇكر قىلىمەن، كۆزۈك يارۇق دۇنيانى كۆرەرگە مۇھتاج ئەمەستۇر.

ـــ نەۋائى.

**زەردۇشت** [زردشت] (پ) قەدىمكى ئىراندا ئوتپەرەسلىك دىنىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان كىشى ( بۇ دىن شۇ نام بىلەن «زەردۇشت دىنى» دەپ ئاتالغان)؛

زەردۇشت ئايىنى ـ زەردۇشت دىنى.

**زەرر I** [زر] (پ) «زەر» گە قاراڭ:

نەرگىس ئۇرۇندى تاجى زەررىنى،
كىيدى سەۋسەن لىباسىئى چىنى.

ـــ شەيخى.

**زەرر II** [ضرر] (ئە) زەرەر، زىيان:

سەفەر نەفئۇ زەررى ـ سەپەرنىڭ پايدا ۋە زەرىرى (زىيىنى).

**زەررابخانە** [زرابخانە] ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭگىلەر ساقلىنىدىغان جاي:

...كەۋاكىبى سەييار دۇرۇستى سىككە خۇتۇتىدىن مۇئەررا دۇرۇر، ئۇل سادە سيملەر ئاچىقان كىشۋەر زەررابخانەسىدە سىككەئى ئەدلىڭغە سوقۇلسۇن.

ـــ نەۋائى.

**زەررات** [ذرات] (ئە) [بىرلىكى: زەررە] «زەررە» گە قاراڭ؛

زەرراتى ئالەم ـ ئالەم زەررىچىلىرى، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدىيەت:

ھەمە زەرراتى ئالەم ئىچرە يوقتۇر سەندىن ئۆزگە شەي،
كى سەنسەن جىلۋەگەر ھەر سارى پىنھانۇ ئەيان ئىچرە.

ـــ ئابىد قومۇلى.

زەرراتى جەھان ـ «زەرراتى ئالەم» گە قاراڭ:

خۇرشىدى ئەزەل كىمسەگە بولسا لامىئ،

زەرراتى جەھان نۇرىغە بولماس تابىش.
— ئابىد قۇمۇلى
زەرراتى كەۋن — بارلىق زەررىلىرى، پۈتكۈل مەۋجۇدىيەت:
ئاسمانى ئەرشى كۇرسى بىرلە بۇ زەرراتى كەۋن،
جەزبە مەيدانى ئۆزە گەردۇ غۇبارى ئاشقان.
— زەلىلى.
زەررافە [زرافه] (ئە) 1› زىراپە (بويىنى ئۇزۇن، بويى ئېگىز، تاغلىق هايۋان)؛ 2› «شەترەنجى كەبىر» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى شاھمات ئۇرۇقلىرىدىن بىرى.
زەررە [ذره] (ئە) 1› ئەڭ ئۇششاق بۆلەك، زەررە، ئاتوم:
ئاھلارىم ئارەزىڭ مېھرىدە چەكسەم، زەررەدەك
ئايۇكۈن بەلكىم توقۇز چەرخى بەرىننى تىترەتۇر.
— ئەرشى.
2› ئازغىنە، كىچىككىنە؛ قىلچە؛ ناھايىتى ئاز:
ئاتەشى ئىشق ئىچرە قالدىم مەن سەمەندەردەك بولۇپ،
زەررە قالماي پاك قۇرۇپدۇر تەندىكى قانىم مېنىڭ.
— موللا بىلال.
3› نۇر، قۇياش نۇرلىرى:
بۇ يەڭلىغ قىلىپدۇر جەۋاھىرنى پاش،
ساچار زەررەسىنى بەئەينى قۇياش.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
زەررە - زەررە — پارچە - پارچە، ناھايىتى ئۇششاق؛
زەررەئى دەردۇغەم — دەرد - ئەلەم. غەم - غۇسسە زەررىلىرى:
نەسىب ئەت زەررەئى دەردۇ غەمىڭدىن بۇ پەرىشانغە،
قالىپدۇر ھەجر ئارا ۋەسلىڭ تەمەننالىسدا بۇ شەيدا.
— ئابىد قۇمۇلى.
زەررەئى دىيدار — ئازغىنە ئۇچرىشىش، بىردەملىك كۆرۈشۈش، ۋىسال زەررىچىسى:
جىلۋە سالىپ ئۆتتى بەيەكبار ئول،
كۆرسەتىبان زەررەئى دىيدار ئول.
— زەلىلى.
زەررەئى سەبرۇ قەرار — ئازراق سەۋ - تاقەت، كىچىككىنە چىدام:
تاكى نارەنجى ئېگىننى كىيدىڭ ئەي سۇلتانى ھۇسن،
قالمادى ئىشق ئەھلىدە بىر زەررەئى سەبرۇ قەرار.
— قەلەندەر.

**زەررەئی سۇ** ــ بىر تامچە سۇ، بىر زەررە مىقدارىدىكى سۇ:
ئوترا قىردا چىغ ئاۋازە ئەلپەزەر،
زەررەئی سۇ تاپمادی ئەيلەپ گوزەر.
ــ زەلىلى.

**زەررەئی كەم سەرمايە** ــ 1› كەمىنە (ئادەتتىن تاشقىری كەمتەرلىك يۈزىسىدىن ئۆزىنى زەررىگە ئوخشىتىش)؛ 2› ھېچقانداق قىممىتى يوق نەرسە؛

**زەررەئی گەردی غۇبار** ــ 1› چاڭ توزان زەررىلىرى؛ 2› ئاداۋەت:
ياش ئىدىم، يۈزلۈك ئىدىم، دوستلارغە ئىردىم ئىئتىبار،
ئارامىزدا يوق ئىدى بىر زەررەئی گەردی غۇبار.
ــ موللا سالىھ.

**زەررەئی مېھرۇۋەفا** ــ ئازغىنە مېھر ـ ۋاپا، مېھر ـ ۋاپانىڭ زەررىچىسى
ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدا زەررەئی مېھرۇ ۋەفا يوق، ئەي بەنی ئادەم.
ــ ئەرشی.

**زەررەئی نوش** ــ ئازراقلا، بىر تامچە ئىچىش:
سۇ ئالىبان زەررەئی نوش ئەيلەدىم،
جۇش قىلىپ بەسكی خۇرۇش ئەيلەدىم.
ــ زەلىلى.

**زەررە يەكلىغ** ــ زەررىچىلەردەك، زەررىگە ئوخشاش:
يۈزۈڭ مېھرىدە كۆڭلۈم زەررە يەكلىغ ئىزتىراب ئەيلەب،
ساچىڭ يادىدا تۈنلەر تولغانۇرمەن پىچۇتاب ئەيلەب.
ــ ئەرشی.

**زەررەۋار** [ذرەوار] (ئە + پ) زەررىدەك، زەررە كەبی، زەررىگە ئوخشىغان:
...تۇتىئی شىرىن گۇفتارنىڭ نەفەسی سۇبھ ئاساری نەسىمی
بىلە ئافتابی ئالەم سوز ئىشق بەھرەۋەر بانۇ باتىنی مەشرىـ
قىدىن باش چىقارىپ زەررەۋار ئىزتىرابغە تۈشكەنی.
ــ موللا سابىر بىننی ئابدۇلقادىر.

**زەررىشتە** [زررشتە] (پ) زەر يىپ، ئالتۇن كەبی يالتىراق يىپ؛ نۇر:
كۆرۈنۈپ كۆزگە ئايدىنىدەك نەمۇدی،
قۇياش زەررىشتەسىدىن تارۇ پۇدی.
ــ نەۋائی.

**زەررىشتە كەش** ــ زەر بىلەن تىكىلگەن، زەر يىپ بىلەن ئىشلەنگەن:
ياغلىقی ئول ھۇللەئی زەررىشتە كەش،

کىم ئاڭا جانلار چىكىبان رىشتەكەش.

— نەۋائى.

**زەررىن** [زرين] (پ) زەرلىك، زەر بىلەن زىننەتلەنگەن:

نەچچە غەم چەكسەم خەتىڭدىن بولدى چىھرەم زىينەتى،
لەۋھى زەررىن ئۆزە ئانداغكىم ياراشقاندەك شەمەت.

— ئەرشى.

**زەررىن ئەلەم** — ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن تۇغ، ئالتۇن ئەلەم،زەر بايراق:

سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۆزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۇرلۇك رەقەم چەكتى.

— ئەرشى.

**زەررىن قىيالە** — ئالتۇن پىيالە، ئالتۇن قەدەھ:

مەنى قىلسە تاڭلا ھەۋالە ئاڭا،
ئەسىر بولسە زەررىن قىيالە ئاڭا.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەررىن تاج** — ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن تاج، ئالتۇن تاج:

كى خۇشخۇيلۇقدا يەكتا ئېردى زەررىن تاجدىن ئارتۇق،
ئانىڭ ھۇسنى ماڭا ئېردى جەھان ئىخراجىدىن ئارتۇق.

— موللا سالىھ.

**زەررىن غەزال** — 1› ئالتۇن كىيىك؛ 2› قۇياش، ئاپتاب:

ياشۇندى مۇشىك ئىچىندە چىن غەزالى،
دېمە چىنكىم، فەلەك زەررىن غەزالى.

— نەۋائى.

**زەررىن قەدەھ** — ئالتۇن قەدەھ:

تۇتۇپ ئەمرىنى مەن قويۇپ ئانچە چۇست،
كى زەررىن قەدەھنى ئالىپ قولغە رۇست.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەررىن قەفەس** — ئالتۇن قەپەس، ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن قەپەس:

............

تۇتىئى تەبئىمگە بولسە ئاشيان زەررىن قەفەس،
نالەئى بۇلبۇلغە ھەمدەم بولسە كۆڭلۈم ئەيب ئەمەس.

— ئەرشى.

**زەررىن كەمەر** — 1› ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەر؛ 2› پالۋان، باتۇر:

بىلىن گەرچە كەمەر تاپماي كەماھى،

ۋەلي زەررىن كەمەرلەردۇر سىپاھى.

— نەۋائى.

**زەررىن كوُلاھ** — ئالتۇن كوُلاھ، ئالتۇن تاج:

چىقىپ ئۇچغۇنلار ئۇرغان ئاھ ئىلە باشىمغە چىرماشغان،
گەدالىق شەھلىقىغە باشىمە زەررىن كوُلاھىمدۇر.

— گوُمنام.

**زەررىن لىۋا** — ئالتۇن تۇغ، زەر بايراق:

بولدى چۇن زەررىن لىۋا سۇبھ ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۇن فەۋجى فىرار.

— تەجەللى.

**زەررىن لىباس** — ئالتۇن يىپلىق، زەرلىك رەختتە تىكىلگەن كىيىم:

كى سوزەن قىلۇرغە قىلىپمىز قىياس،
ئۇنىڭدىن پۈتەر بارچە زەررىن لىباس.

— غەرىبى.

**زەررىن مەھافە** — ئالتۇن بىلەن بىزەلگەن مەپە، زەر پەيتۇن:

كى زەررىن مەھافە قىلىپ ئۇستۇۋار،
ئىچىگە كىرىپ دىلبەرى تاجدار.

— ئا. نىزارى.

زەررىنە [زرينه] (پ) ئالتۇندىن ئىشلەنگەن؛ ئالتۇن بىزەك،ئالتۇن ئەسۋاب؛
ئالتۇن تۇسلۇك، ئالتۇنغا ئوخشاش:

ئالىپ كەلدى مىنمەك ئۇچۇن ياخشى ئات،
كى زەررىنە زىن پۇش ئىدى قاتمۇقات.

— ئا. نىزارى.

**زەررىنە تاج** — ئالتۇندىن ئىشلەنگەن تاج، ئالتۇن تاج:

باشىغە قويۇق ئىردى زەررىنە تاج،
بۇ بۇت بىمەجال ئولتۇرۇپ نائىلاج.

— موللا شاكىر.

زەررىنە رەڭ — زەر، ئالتۇن رەڭلىك؛ سىردىق.

زەررىنپۇش [زرين وش] (پ) ئالتۇنىسىمان، ئالتۇنغا ئوخشىتىلغان:

جۇزۋى ئالتۇن بىلە قىلىپ روكەش،
كى كۆرۈنگەي نەزەرغە زەررىنپۇش.

— نەۋائى.

زەرف [ظرف] (ئە) ئىدىش، كوزا، كاسا:

كىيىپدۇر بويىغە لىباسى بەلەند،
كۆرۈنگەي زەرف ئەل كۆزىگە پىسەند.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۆكۆلدى جان سۇيى تەن زەرفى سۇندى،
فەنا بولدى، يىقىلدى ھەم كۆڭلى تىندى.

— خىرقەتى.

**زەرفۇ مەزرۇف** — ئىدىش ۋە ئىدىش ئىچىدىكى نەرسە؛
**زەرفۇ ئىنا** — ئىدىش ۋە ئاياق (كاسا)؛
**زەرفى چىنى** — چىنە (ساپال) ئىدىش.

**زەرفىشان** [زرفشان] (پ) 1› زەر، ئالتۇن چاچقۇچى، «زەر ئەفشان» غا قاراڭ؛ 2› نۇر چاچقۇچى، نۇر تاراتقۇچى.

**زەرق** [زرق] (ئە) 1› ئالدام، ھىيلە، مىكىر؛ 2› مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك؛ 3› غەيۋەت ـ پىتنە ـ پاسات؛ 4› قەھر ـ غەزەپ؛
**زەرق ئەھلى** — ئالدامچىلار، ھىيلىگەرلەر؛ ئىككى يۈزلىمىچى، مۇناپىق كىشىلەر؛

**زەرقۇرىيا** — ئالدامچىلىق، ساختىلىق، ھىيلە ـ نەيرەڭ؛
**زەرقۇ رىياۋۇ شور** — «زەرقۇرىيا» غا قاراڭ؛
**زەرقۇ گەزاف** — «زەرقۇ رىيا» غا قاراڭ؛
**زەرقۇ مەكىر** — «زەرقۇرىيا»غا قاراڭ.

**زەرقپەرەست** [زرق پرست] (ئە + پ) رىياكار، ھىيلىگەر:

ھەق رەھمەتى ئۈمىدى بىلە تۇن ـ كۈن مەست،
كۆپ ئارتۇغراقكى، زاھىدى زەرقپەرەست.

— نەۋائىي.

**زەرقساز** [زرقساز] (ئە + پ) «زەرقپەرەست» كە قاراڭ.

**زەركار** [زركار] (پ) 1› نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە، سىرتىغا زەر بىلەن ھەل بەرگۈچى، زەر سۈرتكۈچى، پەرداز قىلغۇچى، زەر سۇيى بىلەن نەقىش سالغۇچى، زەرگەر؛ 2› زەر (ئالتۇن) بىلەن ئىشلەنگەن، بېزەلگەن.

**زەركەش** [زركش] (پ) 1› رۇدىدىن ئالتۇن ئاجراتقۇچى؛ 2› ئالتۇن تۇسلۇق (رەڭلىك) بېزەك تارتىلغان؛ زەر (ئالتۇن) بىلەن ئىشلەنگەن، زەرلەنگەن؛
**زەركەش تەناب** — زەردىن ئۆرۈلگەن (ئېشىلگەن) يىپ، ئارغامچا، ئارقان؛
**زەركەش لىباس** — زەر كىيىم.

**زەرگەر** [زرگر] (پ) زەرگەر، ئالتۇن، كۈمۈش بېزەكلەر ياسىغۇچى، ئالتۇنچى:

زەرنى سىيەھ تابىدە زەرگەر تانۇر،
ئەرنى تانۇر بولسە يانە ئەر تانۇر.

— زەلىلى

زەرگەرى ھەققانى ــ تەڭرى، ئاللاھ:
مسسى ۋۇجۇدۇڭنى سىنىڭ زەر قىلۇر،
زەرگەرى ھەققانى چۇ مەنزەر قىلۇر.
ــ زەلىلى.

زەرنىشان [زرنشان] (پ) ئالتۇن قادالغان، زەرلىك؛ زەرگە ئوخشاش:
كۆڭۈلكىم زەرنىشان پەيكانلارىڭدىن ناتەۋان بولمىش،
مەگەر بۇ باغ ئارا ئول بەرگلەر بىرلە خەزان بولمىش.
ــ نەۋائى.

زەرنىگار [زرنگار] (پ) ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن، زەرلەنگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بېرىلگەن:
بىر قەسرى زەرنىگار ياسىغاندەك بىرەر بەيتىغە دەخل قىلۇر ئېردى.
ــ قىدىرخان يەركەندى.
خۇسرەۋى خۇرشىد شەھى كامكار،
تىكتى جەھانغە ئەلەمى زەرنىگار.
ــ زەلىلى.

زەرھەل [زرحل] (پ + ئە) زەر بىلەن بېزەش، زىننەتلەش؛ ئالتۇن ھەل؛
زەرھەل ئەتمەك ــ زەر بىلەن بېزىمەك، زىننەتلىمەك؛ ئالتۇن ھەل بەرمەك؛
زەرھەل ئەيلەمەك ــ «زەر ھەل ئەتمەك» كە قاراڭ؛
زەرھەل قىلماق ــ «زەر ھەل ئەتمەك» كە قاراڭ؛
زەرھەل ئۆتۈك ــ زەرلەنگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۆتۈك.

زەرھەلقە [زرحلقه] (پ + ئە) ئالتۇن ھالقا:
ئارەزىڭ زەر ھەلقەلەردىن، ئەي مەلاھەت مەشئەلى،
مۇسھەفىدۇر لاجۇۋەردۇ ئالتۇن ئانىڭ جەدۋەلى.
ــ نەۋائى.

زەرۇر [ضرور] (ئە) لازىم، كېرەك، ۋاجىب، زۆرۈر:
بولۇپىدۇركى شەھغە كەنىزەك زەرۇر،
ئۆزى سەرۋى قەد بولسا، رۇخسارى ھۇر.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەرۇرەت [ضرورت] (ئە) 1) لازىم، كېرەك، ۋاجىب، زۆرۈر؛
2) چارىسىزلىق، نائىلاجلىق، ئامالسىزلىق:
يانە ئەل تىلىدىن ئەندىشە قىلدى،
زەرۇرەتدىن تەھەممۇل پىشە قىلدى.
ــ لۇتفى.

زەرۇرەت بولماق ــ كېرەك، لازىم بولماق؛
زەرۇرەت يۈزىدىن سورماق ــ ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن سورىماق، چارىسىزلىقتىن، ئامالسىزلىقتىن سورىماق.

**زەرۇرەتەن** [ضرورتًا] (ئە) زۆرۈرىيەتتىن؛ چارىسىز، ئامالسىز، نائىلاج:

خۇسۇسەن ئالاردەك بۈزۈرگۋارغە زەرۇرەتەن قۇرئان ئوقۇماق بۇنياد قىلىپتۇرلەر.

ــ نەۋائىي.

**زەرۋەرەق** [زرورق] (پ) ئالتۇن قەغەز، يۇپقا (نىپىز) ئالتۇن ياپراق؛ تىللا قاداق (ئاياللار پېشانىسىگە تاقايدىغان نىپىز زىننەت بۇيۇمى)؛ زەرلىك نىپىز رەخت:

زەر ۋەرەقتەك بولمىشەم سىيمىن ساقاقىڭ شەۋقىدىن،
كۆركى، نەزەردۇ نىزار ئەتتى مېنى سەۋدايى خام.

**زەرۋەش** [زروش] (پ) زەرلىك، زەر بىلەن ھەل بېرىلگەن، زەرگە ئوخشاش.

**زەرئ I** [زرع] (ئە) ئېكىن، دېھقانچىلىق:

ئورماقدا ئەمەل زەرئى فەنا داسىنى تۇت،
ئىبلىس بۇ يولدا ئەقل ۋەسۋاسىنى تۇت.

ــ نەۋائىي.

**زەرئ II** [ذرع] (ئە) گەز، ئۆلچەم:

سۇۋنىڭ سەتھىغە چۈن بولۇپ رەھشۇناس،
نەچە زەرئ ئېركەننى ئەيلەپ قىياس.

ــ نەۋائىي.

**زەرىر** [زرير] (ئە) رەخت ۋە يىپ بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سېرىق ئۆسۈملۈك.

**زەرىف** [ظريف] (ئە) 1) پاك، پاكىزە؛ گۈزەل؛ خۇش مىجەز؛ خۇشچاقچاق؛ 2) ھوشيار، زېرەك، دانا:

شائىر تەبئى ھەمە فەھمۇ زەرىف،
شائىرى غەيبى خۇداغە ھەم قەرىب.

ــ خەراباتى.

**زەرىفۋەش** [ظريف وشن] (ئە+پ) «زەرىف» كە قاراڭ:

مەۋلانا مۇھەممەد ئامىلىي ــ زەرىفۋەش ۋە نازۇكشيۋە كىشى ئېردى.

ــ نەۋائىي.

**زەغەن** [زغن] (پ) قۇزغۇن:

كۆكۆل ئەگرەش خىرەد پەيدىن ئەبەس توٗت،
توٗروٗپ بوٗلبوٗل، زەغەن سەۋتى چەكارە.
— ئەرشى.

**زاغوٗ زەغەن** — قاغا — قوٗزغوٗن.

**زەفەر** [ظفر] (ئە) 1› غەلىبە، غەلىبىلىك، زەپەر:
توٗروٗپ ۋەئدەسىگە ئاڭا بەردى زەر،
بەلا ھادىسىدىنكى تاپتىم زەفەر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2› بەخت، ئىقبال:
خوٗداۋەندە بەردى چوٗ فەتھى زەفەر،
نىگاھىمغە توٗشتى يەنە بىر شەھەر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەفەر بولماق** — غەلىبە قىلماق، مەقسەتكە يەتمەك؛
**زەفەر تاپماق** — «زەفەر بولماق» قا قاراڭ؛
**زەفەر دوٗرلارى** — غەلىبە گۆھەرلىرى:
ۋە موٗلك ستانىكىم، ئەزم ئەسىرىدىن بەزمە چەمەنىدە
ئىنايەت سەھابىدىن زەفەر دوٗرلارى ساچىلدى.
— قىدىرخان يەركەندى.

**زەفەر ئولماق** — «زەفەر بولماق» قا قاراڭ.

**زەفەر پەيكەر** [ظفر پیکر] (ئە + پ) غالىب، يېڭىلمەس؛
زەفەر پەيكەر رايەت — غالىبانە كۆتوٗروٗلگەن بايراق.

**زەفەر نامە** [ظفر نامه] (ئە + پ) زەپەر نامە (غەلىبە ھەققىدە يېزىلغان پوٗتوٗك).

**زەقەن** [ذقن] (ئە) ئېڭەك، زاڭاق:
شوخ جەۋلان جىلۋە كافىر شىۋەسى سەييادلىق،
سەرۋى قەد، سىيمىن زەقەن ھەم ئارەزى ئوٗتلوٗككىنە.
— ئەرشى.

**زەققوٗم** [زقوم] (ئە) 1› زەھەر، ئوٗغا:
ئانچە نەزەر سالسە سەراسەردوٗر قوٗم،
ئابى تەئام ئاندا بەجايى زەققوٗم.
— زەلىلى.

2› دەرەخ نامى (مېۋىسى ئاچچىق بىر خىل دەرەخ):
**زەققوٗمى جەھەننەم** — دوزاختا ئوٗسوٗدىغان دەرەخ.

**زەكا** [ذكا] (ئە) ئوٗتكوٗر، ئەقىللىق، زېھىنلىك، زېرەكلىك، سەزگوٗرلوٗك:
ئالارنىڭ توٗفوٗلىيەتدە بوٗ نەۋئ زېھىن ۋە زەكاسىدىن موٗتەبەس-

سىم بەلكى مۇتەئەججىب بولۇر ئىرمىشلەر.

— نەۋائى.

**زەكا خەيلى** — ئەقىللىق، ئۆتكۈر زېھىنلىك كىشلەر، ئەقىل ئىگىلىرى.

**زەكات** [ذكات] (ئە) مۇسۇلمانلاردا هەر يىلى ئومۇمى بايلىقىنىڭ قىرىقتىن بىر ئۈلۈشى بويىچە ئېلىنىدىغان (دىنىي) سېلىق، زاكات:

جەمالۇ هۇسن ئىلە سەن بايۇ لۇتفى ئەسرۇ فەقىر،
زەكات ئۈچۈن سەدىقەڭدىن نەۋا تىلەي كەلدىم.

— لۇتفى.

**زەكاتى هەيۋان** — هايۋانلاردىن (تۇياق سانى بويىچە) ئېلىنىدىغان سېلىق، زاكات؛

**زەكاتى هۇسن** — چىراي كۆرسىتىش، هۆسنى بىلەن خۇرسەن قىلىش:

بىر دەرەم چاغلىق زەكاتى هۇسنىدىن قىلمىش دەرىغ،
دۇررى ئەشكىمدىن تەلەب كويىدا ساچسام يۈز تەمەت.

— ئەرشى.

**زەكاتچى** [ذكاتچى] زاكات، سېلىق يىغقۇچى ئەمەلدار.

**زەكاۋەت** [ذكاوت] (ئە) «زەكا» غا قاراڭ.

**زەكي** [ذكى] (ئە) ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، سەزگۈر:

...ئەمما بەغايەت زىيرەك ۋە زەكىي ۋە زاهىد ۋە مۇتــتەقــي كىشى ئىرمىش.

— نەۋائى.

**زەڭ** [زنك] (پ) 1› چاڭ، غۇبار؛ كىر، دات:

كۆڭۈل كۆزگۈسىدە ئەگەر بولسا زەڭ،
سىفاتىن ئىشتىپ تاپار يۈز سەفا.

—مەشهۇرى.

2› قارا، قارىلىق؛ 3› قوڭغۇراق:

زەخمىدىن كۆپ قان بارۇردىن قالدى چاه ئولغان كۆڭۈل،
زەڭگىدەك ئەفغان چېكىپ خەيلىدە بولغاي ئىردى كاش.

— نەۋائى.

**زەڭ ئەهلى** — هەبەش، قارا تەنلىكلەر؛

**زەڭ تۇتماق** — داتلاشماق، كىرلەشمەك؛

يا قاشىڭغا ئوسما چەككەچ ئايدى ئەل،
قاندا زەڭ تۇتقان قىلىچدۇر يا قاشىڭ.

— زەلىلى.

**زەڭۋەش** — قوڭغۇراق تەبىئەت، بىهۇدە ئاۋاز چىقىرىدىغان.

**زەڭبار** [زنکبار] (پ) ھەبەشىستان (زەڭگىلەر ۋىلايىتى)؛ زەڭبار شاھى — كۆچمە م: كېچە، تۈن.

**زەڭ** [زنک] (پ) قارا، قارىلىق؛ چاڭ ـ توزان، غۇبار، كىر، دات:

**زەڭگۇغەم** ـ غەم كىرلىرى، غەم ۋە غۇبار:

بۇ كۆڭۈل ئايىنەسىنى گەرچە تۇتسە زەڭگۇ غەم،
بادە سافىن رىز ئېتىپ ئۇل نەۋئىكىم پاك ئەيلەمىش.

— ئەرشى.

**زەڭگى ھەۋا** ـ ھەۋەسنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى، داتلىرى:

ئىشق سەيقەل ئۇرۇپ زەڭگى ھەۋالارنى چىقاردى،
ئايىنە بولۇپ تەلئەتى بازارنى كۆردۈم.

— گۇمنام.

**زەڭگار** [زنگار] (پ) يېشىل، زەڭگەر؛ غۇبار، دات:

سىينە زەڭگارىنى تەقۋا سەيقەلىدە پاك قىل،
پاكلىك بىرلە قارا ئايىنەدە جانانەغە.

— ھافىز شىرازى.

سەفالىغ ھەم سەفاسىزلەر بىلەن يۈرسەڭ نە پەرۋايىم،
ئەگەر ئايىنەئى رەۋشەن ۋەگەر زەڭگار بولساڭ بول.

— مەشھۇرى

**زەڭگارگۇن** ـ كۆك تۈسلۈك، كۆك رەڭلىك:

سەرۋلەرى سەركەشۇ زەڭگارگۇن،
ھەربىرى كۆك بارگاھىغە سۇتۇن.

— نەۋائى.

**زەڭگارى** [زانکاری] (پ) 1› سارغۇچ يېشىل رەڭ، سۇس يېشىل رەڭ؛ 2› داتلاشقان، دات باسقان:

قويارمەن ئەيب ئۆزۈمگە يار ئەگەر بولسا ماڭا بىمېھر،
ئۇزارى ئەكسىنى سالماس كۆرۈپ كۆزۈمدە زەڭگارى.

— مەشھۇرى.

**زەڭگى** [زنکی] (پ) قارا، قارىلىق؛ قارا تەنلىك، ھەبەش، نېگىر:

گۇناھىم زەڭگى بىرلەن رۇسىيەھ شەرمەندە قۇلدۇرمەن،
ئۈمىدىم رۇزى مەھشەردە يۈزۈم بولغاي قەمەر يەڭلىغ.

— شەۋقى.

يېتىپ كەلدى فىلھال بەش ـ ئون زەڭگىلەر،
ئۇرۇپ تەنتەنە چاڭ ھەمۇل زەڭگىلەر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەڭگى تۈن زەڭگىسى** ـ قاراڭغۇلۇق، تۈن، كېچە؛

**زەڭگى دىل** ـ كۆڭۈل قارىلىقى، كۆڭۈل غۇبارلىرى:
ئىشىتتى سۆزۈمنى ھەمۇل سەنگى دىل،
جىلا تاپتى ئاندىن كېتىپ زەڭگى دىل.
ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
**زەڭگى شىئار** ـ زەڭگىگە ئوخشاش، قاپقارا؛
**زەڭگىئى خۇنخار** ـ قانخور زەڭگى، ۋەھشىي قارا تەنلىك:
بار ئېردى ئاندا بىر زەڭگىئى خۇنخار،
زۇھەلدىن نەھسراق مىررىخ كىردار.
ـ لۇتفى.
**زەڭگىئى دېۋسىيرەت** ـ ھەرىكەت ۋە ئىشلىرى دېۋىگە ئوخشاش قارا ئادەم؛
**زەڭگىئى شەبرەڭ** ـ تۈن قاراڭغۇسىدەك قاپقارا، قاپقارا زەڭگى
**زەڭگىبار** [زنكبار] (پ) ھەبەشىستانلىق، زەڭگىلەر؛ «زەڭبار» غا قاراڭ:
ئاچماساڭ بۇ غەم قاراڭغۇسىن جەۋابى خەت يازىپ،
بىر قارانى يۈز قارا ئەيلەپ مەن ئاچقۇم زەڭگىبار.
ـ تەجەللى.
**زەلال** [ضلال] (ئە) توغرا يولدىن ئادىشىش، ئېزىش، خاتالىشىش، يولدىن چىقىش، گۇمراھ:
كۆپ تەئام نەفسىگە بەرمەكلىك ۋەبال،
بەرسەڭ قىلدۇرغاي سېنى فىسقۇ زەلال.
ـ خەراباتى.
**زەلال ئەھلى** ـ ئاداشقانلار، يولدىن ئازغانلار.
**زەلالەت** [ضلالت] (ئە) خارلىق، پەسلىك؛ «زەلال» غا قاراڭ:
زەلالەت كويىنىڭ مەئزۇنلارىغە،
جەھالەت دەشتىنىڭ مەجنۇنلارىغە.
ـ قىدىرخان يەركەندى.
**زەلالەت ئەھلى** ـ ئاداشقانلار، يولدىن ئازغانلار؛
**زەلالەت تۈنى** ـ ئىسيان، گۇمراھلىق قاراڭغۇلۇقى.
**زەلەمە** [ظلمه] (ئە) [بىرلىكى: زالىم] زالىملار:
فۇقەرا ۋە ناتەۋانلار ئانىڭ رىفقى ۋە مەدارىسىدىن ئاسۇدە،
زەلەمە ۋە ئەۋانلار ئانىڭ تىغى سىياسەتىدىن فەرسۇدە.
ـ نەۋائى.
**زەللەت** [ضلت] (ئە) «زەلالەت» كە قاراڭ:
تەۋەھھۇم ئەيلەگىل ھەقدىنۇ خۇدپىسەند ئولما،

كى قەھرى زەللەت ئېرۇر تۇخمى خۇد نەمالىغىنىڭ.

— گۇمنام.

**زەلۇم** [ظلوم] (ئە) ئارتۇقچە زۇلۇم قىلغۇچى، ناھايىتى زالىم؛ «زۇلۇم» غا قاراڭ:

**زەلۇمۇ جەھۇل** — ئۆتۇپ كەتكەن زالىم ۋە جاھىل.

**زەلىبىيا** [زلبيا] بىر خىل تاتلىق، مايلىق يېمەكلىك:

شائىرانى شەھرى تۇركىستان بەسى نازۇك ئۇچۇن،
شام ئىچىدىن شىشە - شىشە زەلىبىيا كەلتۇرمىشەم.

— زەلىلى.

**زەلىل** [ذليل] (ئە) خار، تۆۋەن، پەس:

بۇخارادا ئانداغ بولۇپدۇر زەلىل،
يۈزىگە دېمەي سۆز بولۇر دەپ خىجىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەلىل ئەتمەك** — «زەلىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**زەلىل ئەيلەمەك** — خار قىلماق، خارلىماق؛
**زەلىل قىلماق** — «زەلىل ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**زەلىلۇ ناتەۋان** — خار ۋە ئاجىز، بىچارە، ناتىۋان:

فىراقىڭ ئەيلەدى ئانداغ زەلىلۇ ناتەۋان گويا،
يۈزۈم ھەمرەڭگى نەيى، نال جىسمى ناتەۋانىمدۇر.

— ئەرشى.

**زەلىلانە** [ذليلانه] (ئە) بىچارىلەرچە، خارلارچە، خارلىق بىلەن:

زەلىلانە غەۋغاۋۇ فەرياد ئېتىپ،
چۇ شەھنىڭ ۋەسىيەتلەرىن ياد ئېتىپ.

— نەۋائى.

**زەم** [ضم] (ئە) 1› تەنقىدلەش، تەنبىھ بېرىش؛ 2› قوشۇش، جەملەش؛ يۆكلەش؛ قوشۇلۇش، قوشۇلغان:

نۇش لەب بىرلە ئاغىز شەھدىنمۇ دەي شىرىن شەكەر،
يامەگەر ھەيۋان سۈيىدۇر ئابى زەمزەم بىرلە زەم.

— ئەرشى.

قابۇغىنىڭ قەناتى چىنان زەم ئىدى،
سالىپ قۇفلى ئانداغكى مەھكەم ئىدى.

— ئا. نىزارى، ن زىيائى.

**زەم ئەتمەك** — «زەم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**زەم ئەيلەمەك** — قوشماق، جەملىمەك؛ يۆكلىمەك؛
**زەم قىلماق** — «زەم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ئاي يۈزۈڭگە ۋالە بولغاندىن بېرى شاد بولمادىم،
بەلكى بۇ سەۋدايى ئىشق شاتلىقىنى غەمگە قىلدى زەم.

— موللا بىلال.

**زەمان** [زمان](ئە) 1 › ۋاقىت، دەۋر، زامان:

بەھار ئەييامىدۇر داغى يىگىتلىكىنىڭ ئەۋانىدۇر،
كېتۇر ساقى، شەرابى نابكىم، ئىشرەت زەمانىدۇر.

— بابىر.

ئۆتۈپ، ئەلقىسسە، مۇنداغ كۆپ زەمانى،
موما تەرك ئەتتى بىر كۈن دەھرى فانى.

— ناقىس.

2 › مۇددەت، پۇرسەت:

ئول زەمان كۆردۈم يۈزىنى بۇ باشىمدىن كەتتى ھۇش،
قالدى ھەسرەتتە قەمەر، ھەيران خۇرشىد خاۋەرى.

— موللا بىلال.

3 › دەقىقە، لەھزە، شۇدەم؛ بىر پەس:

قان يۇتۇپ شامۇ سەھەر لەئلى لەبىڭ ئارماندا،
بىر زەمان كىرپىكلەرىم شاخىدا مەرجان كەم ئەمەس.

— ئەرشى.

زەماندىن كېيىنرەك يۈزىن ئاچتى ئول،
ياغىنلىق بۇلۇتدەك ياشىن ساچتى ئول.

— ئا. نىزارى، ن، زىيائى.

**زەمان ئەبلەقى** — كېچە - كۈندۈز؛
**زەمان ئەبناسى** — زامان پەرزەنتلىرى، باللىرى، دەۋر كىشىلىرى؛
**زەمان ئەھلى** — زاماندashلار، ئادەملەر؛
**زەمان چاھى** — زامان زىندانى، دەۋر زىندانى:

دېدىم: بەند بولماي زەمان چاھىغە،
بارىپ ئەرز ئەيلەي فەرەڭ شاھىغە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى

**زەمان دەئبى** — زامان چاقچىقى، دەۋر ئويۇنلىرى:

زەمان دەئبى بولدى دىل ئازارلىق،
سۇرۇك ناتەۋانلارغە دىشۋارلىق.

— ئا. نىزارى.

**زەمان - زەمان** — ھەرچاغ؛ تېز - تېز؛
**زەمان ھىرقەتى** — دەۋر ئوتلىرى، زامانىنىڭ كۆيدۈرۈشلىرى.

چىداماي ياۋۇشقان زەمان ھىرقەتى،

كى ئەيپارلاردەك قىلىپ سۇرئەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەمانۇ زەمىن — ئاسمان ۋە يەر؛
زەمان ئىنقلابى — زامان ئۆزگىرىشلىرى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى:

زەمان ئىنقلابىغە قىلدى سۇخەن،
گۇزەر ئەيلەگەي روزگارى كۇھەن.

— ئا. نىزارى.

زەمانە [زمانه] (ئە) دەۋر، پەلەك، تەقدىر:

زەمانە قەسد بىرلە باغلادى بەل،
تەرەب شەمئىن ئۆچۈردى فىتنەلىك ئەل.

— لۇتفى.

زەمانە ئەبلەقى — زاماننىڭ رەڭگا - رەڭلىكى؛ كېچە - كۇندۇز؛
زەمانە ئەهلى — زامان ئادەملىرى:

زەمانە ئەهلى ئىچرە، ئەي كۆڭۈل، ئايا تاپىلغايمۇ،
سېنىڭدەك دەردى پەيمانۇ، مېنىڭدەك دەردى پەيمۇدە.

— بابىر.

زەمانەئى رەڭ ئامىز — رەڭگا - رەڭ، ئۆزگىرىشچان.

زەماندار [زماندار] (ئە + پ) زاماننى تۇتقۇچى، زاماننىڭ هۆكۈمرانى:

نە يەر ئىچرە شاهى مەكاندار ئېرۇر،
مەكاندار ئەمەسكىم زەماندار ئېرۇر.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەمانى [زمانى] (ئە) بىرئاز ۋاقىت، كىچىككىنە ۋاقىت، بىر لەهزە:

بارۇر ئېردىم هەر زەمانى مىڭ يولى،
گەر قەناتىم بولسە ئېردى دىلبەرىم.

— قەلەندەر.

زەمايىر [ضماير] (ئە) [بىرلىكى: زەمىر] «زەمىر» گە قاراڭ:

يەنە ئارتۇقى «نۇن» لەردۇركىم، سۆز ئىرتىباتى ئۈچۈن
زەمايىردە «نىڭ» لەفزىدە بىتىلۇر، مىسلى «ئانىڭ» ۋە «مېنىڭ»
ۋە «سېنىڭ» لەفزىدە.

— نەۋائى.

زەمايىم [ضمايم] (ئە) [بىرلىكى: زەمىمە] يامان، بولمىغۇر خىسلەتلەر، يامانلىقلار:

زەمايىم فېئلى زەمايىم — يامان هەرىكەتلەر، يامان، بولمىغۇر خۇلق.

زەمەر [زمر] (ئە) توپ، گۇرۇھ، جامائەت:

يۇزدە بۇرنۇڭ هۇكمىدە ئاياتى «ۋەنشەققەل - قەمەر»،

لەبدە خەتتنك سەفھەسى گۇلگۇن ئاياتى زەمەر.

— ئەرشى.

**زەمەن** [زمن] (ئە) [بىرلىكى: زەمان] «زەمان» غا قاراڭ.

**زەمبۇر** [زمبور] [زمبور] ھەرە، ھەسەل ھەرىسى:

ئەسەل پەيدا بولۇر زەمبۇر ئىچىدىن،
نەمەك پەيدا بولۇپدۇر شور ئىچىدىن.

— خىرقەتى.

**زەمز** [زمز] (پ) «زەمزەمە» گە قاراڭ:

زەمز ئەنەل ھەق نە دەپ ئىشق ئىيلىدىن ئاشكار،
چۈنكى پەرىزادلار قاشىنى دار ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

**زەمزەم** [زمزم] (ئە) زەمزەم (زەمزەم سۈيى، زەمزەم بۇلىقى):

چەشمە سارى مەشرەبىڭ ھەريان قىلۇر تۇرلۇك زۇھۇر،
ئۆزلۈكىدىن كۆكدە كەۋسەر، يەر ئۆزە زەمزەم ئەمەس.

— ئەرشى.

**زەمزەمە** [زمزمە] (پ) يىپىڭىلىق ئاۋاز، سىلىق، يۇمشاق ئاۋاز؛ نەغمە:

نازىنى ئالەم ئاشۇبىكى شۇرى ئىشقىدىن،
ھەر تەرەفتە زەمزەمە ھەر گۇشەدە غەۋغاسى بار.

— مەشھۇرى.

**زەمزەمە چەكمەك** — ئاستا كۈيلىمەك، سىلىق، يۇمشاق ئاۋاز بىلەن نەغمە قىلماق؛

**زەمزەمە قىلماق** — ئاستا، يۇمشاق ئاۋاز بىلەن ئوقۇماق، قىرائەت قىلماق:

ئوقۇپ تۈنۈكۈن زەمزەمە قىلغۇم سەبەقى ئىشق،
چۈنكىم يەنە ھەرفى ماڭا ئۆرگەتمەدى ئۇستاد.

— ئەرشى.

**زەمزەمەئى ھۇۋ** — زىكىر — ساما ئاۋازى «ھۇ» دېگەن سادا:

كۆز قىزارىپ زەمزەمەئى ھۇۋ بىلەن،
كۈن قىزىلى ئېردى سىيردىق سۇ بىلەن.

— زەللى.

**زەممە** [ضمە] (ئە) پەش (دىئاكرىتىك بەلگە):

يەنە تۈركچە ئەلفازدۇركىم، ئاندا «ئەلىف» ۋە «ۋاۋ» ۋە «يا» فەتھە ۋە زەممە ۋە كەسرە ھەرەكەتى ئورنىغا بىتىلۇر.

— نەۋائى.

**زەمھەرىر** [زمهرير] (ئە) قىرو؛ سوغۇق؛ قەھرىتان قىش:

قىش تەئرىقىدەكىم، تۇنىد ئىلى...ساۋۇق ئاھىدىن نىشانە
كۆرگۈزۈر ۋە ساۋۇق زەمھەرىرى ئىچى ئوتىلۇق بىيدىللەر
كافۇر بار نەفەسىدىن فەسانە ئايتۇر.

— نەۋائى.

**زەمىر** [ضمير] (ئە) [كۆپلۈكى: زەمايىر] 1› ئىچ، قەلب، كۆڭۈل، يۈرەك، دىل؛ ۋىجدان؛ يوشۇرۇن ئوي، پىكىر، خىيال:

مۇئەللىم ئىدى ئانچە دەريا زەمىر،
ئانىڭدىن بۇ شەھزادە ئەئلا زەمىر.

— ئا. نىزارى.

2› ئالماش (گرامماتىكىلىق ئاتالغۇ).

**زەمىران** [ضميران] (ئە) ۋىجدانىلىق، «زەمىر» گە قاراڭ:

ئەي گۇمناما پاكى زەمىران كەتتى،
ئۇقبا تەرەفىگە گۇشەگىران كەتتى.

— گۇمنام.

**زەمىمە** [ذميمه] (ئە) يامان، يارىماس؛ يامانلاشقا، تەنبىھ بېرىشكە لايىق:
زەمىمە خىسال — يامان، يارىماس خىسلەتلەر؛ قىلىقى سەت.

**زەمىن** [زمين] (پ) زېمىن، يەر، يەر يۈزى؛ مەملىكەت:

ھېچ رويى زەمىندە يوق بۇ گىياھ،
دارۇلار پادىشاھىدۇر كۆك چاي.

— ئەرشى.

زەمىن تۇفراغى — زېمىن، تۇپراق:

زەمىن تۇفراغى ھەم بەغايەت سىياھ،
ئانىڭدىن تۇشۇپ ئەيلەدىم ئەزم راھ.

— ئا نىزارى، ن. زىيائى.

زەمىنۇ ئاسمان — يەر ۋە كۆك، زېمىن ۋە ئاسمان:

زەمىنۇ ئاسمانىنىڭ سۇرەتىن ھەم،
قىلۇر ئېردى ھەيال بولماسدا بىردەم.

— ناقىس.

زەمىنۇ زەمان — زېمىن ۋە دەۋر، يەر ۋە زامان

دېدىم: ئەي خۇدايى زەمىنۇ زەمان،
بۇ دەريا ئىچىدىن ماڭا بەر ئەمان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زەمىنى سىياھ — 1› قارا يەر؛ 2› پەس، خار؛
زەمىنى سىياھ ئەتمەك — خار قىلماق، قارا تۇپراق بىلەن تەڭ تۇتماق

**زەمىن بۇس** [زمين بوس] (پ) تەزىم قىلىش، يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلىش، يەر ئۆپۈش، سەجدە قىلىش:

قىلىپ زىرى تەختىن زەمىن بۇسلۇق،
دېدى بىزگە قىلساڭكى مەئنۇنلۇق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەمىن بۇس ئەيلەمەك** — سەجدە قىلماق، يەر ئۆپمەك، تەزىم قىلماق؛
**زەمىن بۇس قىلماق** — «زەمىن بۇس ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**زەمىن روب** [زمين روب] (پ) يەر سۈپۈرگۈچى، خىزمەتكار.

**زەن I** [زن] (پ) 1) ئايال، خوتۇن:

بېۋە زەنى ئايدى: ماڭا مۇژدە بەر،
مەن بېرەيىن سىزگە سەنەمدىن خەبەر.

— زەلىلى.

2) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ«ئۇرغۇچى، چالغۇچى»مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

كىمنى كۆرسە ئاقىتادۇر قانىنى دەريا قىلىپ،
قايسى جەللاد ئۇلغۇسى قاشىڭ كەبى شەمشەرى زەن.

— گۇمنام.

ئىشق ئارا رەسۋالىقىمدۇر تەلبە مەجنۇندىن زەبۇن،
مەۋجى زەن بولدى كۆڭۈلدە هەر نەفەس دەريايى خۇن.

— زەلىلى.

**زەنۇ فەرزەند** — ئايال ۋە پەرزەنت، ئائىلە، بالا ـ چاقا.

بولغاي ئۆز شەئنىڭ غۇرۇرىغە بەند،
زەنۇ فەرزەند، دىرەم بىلە خۇرسەند.

— ن. زىيائى.

**زەنۇ مەرد** — ئەر ۋە ئايال:

فۇزۇللاردا ئانداغ ئېرۇر تۇمتەراق،
كىچىك ـ چوڭ، زەنۇ مەرد ئىچەرلەر ئەراق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەنى كامىلە** — كامىل ئايال:

ئانام ئېردى ئانداغ زەنى كامىلە،
كىچىك سىڭلىمىزغە بولۇپ هامىلە.

— ئا. نىزارى.

**زەن II** [ظن] (ئە) ئوي، پىكىر؛ تەخمىن، گۇمان، شۈبهە:

يەقىن بولماسە غالىبى زەن كېرەك،
كىشى بارچە ئىشتا خىرەد فەن كېرەك.

— نەۋائى

**زەنان** [زنان] (پ) «زەنI» گە قاراڭ:

یەراق قاچساڭ ئېردى تۇغالماس كىشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇرمۇ زەنانلار ئىشى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى

**زەنانە** [زنانە] (پ) ئاياللچە، ئايالدەك:

ئەي كۆڭۈل تاكى ئۆي ئىچرە ئولتۇرۇرسەن زەنانە،
كوچەۋۇ بازار ئىچرە ئەيلەگىل مەردانە رەقس.

— زەلىلى.

**زەنەب** [ذنب] (ئە) 1› قۇيرۇق:

دېمە تەرەب ئەيلەردە زەتەبدۇر ياخشى،
كىم، ئاندىن ئەل ئىستەرگە ئەدەبدۇر ياخشى.

— نەۋائى.

2› قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز:

ئول ئاي جەمالى ئارا زۇلفىدىن ئەجەب قالدىم،
كى ئاي ئاراسىدا قىلمىش ئەيان زەنەب سۇۋرەت.

— نەۋائى.

**زەنب** [ذنب] (ئە) [كۆپلۈكى: زۇنۇب] گۇناھ، ئەيىب.

**زەنەخ** [زنخ] (پ) زىناق؛ ئېڭەك، ساقاق:

قىلماغىل ئۆزۈڭگە زۇلم ئولتۇرماغىل نادان بىلە،
ئەررە تارتار پىرقىڭە ھەربىر زەنەخ ئۇرغان بىلە.

— مەشھۇرى.

**زەنەخ چاھى** — زىناق چوڭقۇرلۇقى؛
**زەنەخ ئۇرماق** — كۆچمە م: بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتماق، لاپ ئۇرماق؛ ھىجايىماق.

**زەنەخدان** [زنخدان] (پ) «زەنەخ» كە قاراڭ:

كۆڭۈللەر يۇسۇفتىن ھەردەم ئەسىر ئەتمەك ئۈچۈن، ھەيھات،
زەنەخدانى ئارا نۇن چەشمەسىدەك كۆلكۆ قازمىش چەھ.

— ئەرشى.

**زەنبەق** [زنبق] (ئە) پىياز گۈل:

زەنبەق ئاندا لالەگۇن بۆتكەي، شەجەرلەر سۇرخ بىد
ھەر چەمەنغە بارچە سۇۋ قانلىغ سىرىشكىم ياغىنى.

— نەۋائى.

**زەنبەل** [زنبل] (پ) زەمبىل؛ كاجۇۋا:

**زەنبەل باف** ــ زەمبىل توقۇغۇچى، سېۋەت، كاجۇۋا توقۇغۇچى؛
**زەنبەل بافلىغ** ــ «زەنبەل باف» قا قاراڭ:

ۋە ئاقشام ئۆيىگە ئەزىمەت قىلغاچ، زەنبەل بافلىغدىن ھاسىل
قىلغان نېمە بىلە روزا ئاچار ئېردى.

ــ نەۋائى.

**زەنبورەك** [زنبورک] (پ) توپ، زەمبىرەك:

تو پەڭلەر بىلە زەنبۇرەك ساز ئېتىپ،
شىكار ئەيلەدى ھەر كىشى غاز ئېتىپ.

ــ غەرىبى.

**زەنبۇر** [زنبور] (پ) «زەمبۇر» غا قاراڭ:

سەن ئانىڭ ۋەسلىن تىلەپ تەرك ئەتمە ئاجىزلىق سۆزىن،
ھەجر زەنبۇرىن تۇتارغە نالە يەڭلىغ يوق ئەسەل.

ــ گۇمنام.

**زەنبۇر نىشى** ــ ھەرە نەشتىرى.

**زەنبۇرخانە** [زنبورخانە] (پ) ھەرە ئۇۋىسى، ھەرە كۆنىكى:

بولۇپ مىڭ غۇسسە ئوقىغە نىشانە،
زەمىردىم بولماسە زەنبۇرخانە.

ــ نەۋائى.

**زەنج** [زنج] (پ) ئاھ ئۇرماق، ھەسرەت چەكمەك، خورسىنماق، دەرد
تۆكمەك:

چېكىپ يۈز زەنج نەۋئى قايىم ئولدۇم،
ۋەلې تۇرغان يېرىمدە دائىم ئولدۇم.

ــ ناقىس.

**زەنجەبىل** [زنجبيل] (پ) زەنجىۋىل، بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى:

ئەگەر قارچىغە توڭماسۇن دېسە، بىل،
كۈنۈن ئەرتە بەرمەك كېرەك زەنجەبىل.

ــ موللا ئەلى قۇشچى.

مېۋەلەرنى خونغە تىزىپ خىل ــ خىل،
بۇيى قەلەمفۇر، يېرى زەنجەبىل.

ــ زەلىلى.

**زەنجىر** [زنجير] زەنجىر، كىشەن:

ئەگەر بوينۇمغە زەنجىرى قولۇمغە يۈز كەمەند ئولغاي،
بەناگاھ دەردمەندىغە تەرەف نادەردمەند ئولغاي.

ــ قەلەندەر.

زەنجىر ئەتمەك ــ زەنجىرلىمەك، كىشەنلىمەك:

ئەيلەمىش توغىيان مېنىڭ دىۋانەئى كۆڭلۈم مېنىڭ،
زەنجىر ئەتسەڭ بويىنۇمە ئول تۇررەئى تەررار خوب.

ــ قەلەندەر.

زەنجىر مانەند ــ زەنجىرگە ئوخشاش، زەنجىر كەبى؛

زەنجىرى ئاھەن ــ تۆمۈر زەنجىر:

مېنى دىۋانەگە ھاجەت ئەمەس زەنجىرى ئاھەندىن،
خەيالىڭ رىشتەسى جان بويىنغە مەھكەم تاناب ئەتتىڭ.

ــ گۇمنام.

زەنجىرى پا ــ پۇتقا سېلىنغان زەنجىر:

كۆرۈبان بەئزى ئاشىقلاركى ھەلقە ــ ھەلقە زۇلفۇڭنى،
ئەزەلدىن بىرىگە سالغان بۇ ھەم زەنجىرى پا دەرلەر.

ــ زەلىلى.

زەنجىرى تەغافۇل ــ غاپىللىق زەنجىرى، بىخۇدلۇق كىشىنى:

چۇ شەب رەڭ ئەژدەھادەك ھەلقە قىلدىڭ چىنى كاكۇل سەن،
ھەمايىلدار ئېتىپ گويا كى زەنجىرى تەغافۇل سەن.

ــ زەلىلى.

زەنجىرى جۇنۇن ــ ئىشق مۇپتىلالىقى؛

زەنجىرى زۇلف ــ زەنجىرگە ئوخشىتىپ ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈمىلىرى؛ زەنجىرسىمان چاچ ئۆرۈمى:

دىلبەرا زەنجىرى زۇلفۇڭ شانە قىلدىڭ، قىلماغىل،
سەن ھەزاران ئاقىلى دىۋانە قىلدىڭ، قىلماغىل.

ــ ئېبنى قەمبەر.

زەنجىرى قۇلاب ــ زەنجىر تۇتقۇسى، گىرە:

بۇكى مەجنۇنلۇقدە توشتى كۆڭلۈمە سەۋدايى زۇلف،
قىلغان ئېرمىشمەن مەگەر زەنجىرى قۇللاب ئارزۇ.

ــ ئەرشى.

زەنجىرى ئىرادەت ــ ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش، تەۋە قىلىش.

زەند [زند] (پ) زەردۇشلارنىڭ دىنىي كىتابى؛ «زەردۇشت» قا قاراڭ.

زەنن [ظن] (ئە) «زەن I» گە قاراڭ:

ۋەقتىڭ چۇن كۆڭلۈكنى مەشغۇل قىلساڭ ھەر زەنن ۋە
گۇمانغەكى، خاتىرىڭغە كىرگەي، زايىئ قىلغايسەن.

ــ نەۋائى.

**زەھەب** [ذهب] (ئە) ئالتۇن، تىللا:

مۇشتەرى قىلدى يەرنى ھەمۋارە،
چىقتى يەردىن زەھەب نەچە پارە.

— ن. زىيائى.

**زەھەب نەقرەسى** — ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - مال:

چۇ بەندەر شەھىنى بارىپ ئۆلتۈرۈك،
زەھەب نەقرەسىنى ماڭا كەلتۈرۈك.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەھەبۇ نۇقرە** — ئالتۇن ۋە يىپەكلىك:

زەھەبۇ نۇقرە ئەيلەدى ئىنئام،
ھەددىدىن بىشۇمارراق ئىكرام.

— ن. زىيائى.

**زەھەر** [زهر] (پ) «زەھر» گە قاراڭ:

كىشى يارى بىلە دايىم زەھەر يەر،
ئانى ئىشق ئەھلى زەھر ئىرمەس شەكەر دەر.

— خىرقەتى.

**زەھەر تۇئمى** — زەھەرنىڭ تەمى:

ئەي تەبىب ئىلاج ئەتمە، دەردىمە دەۋا ئەيلەپ،
زەھەر تۇئمىنى بەرمىش شەربەتىڭ تەماغىمغە.

— مەھزۇن.

**زەھەر فىشان** — زەھەر چاچقۇچى، زەھەرلىك:

گاھى دىۋاندا نىشان قىلماق،
گاھى ئەلگە زەھەر فىشان قىلماق.

— ن. زىيائى.

**زەھر** [زهر] (پ) 1) زەھەر، ئوغا:

قاچان ئاقىل كۆرۈپ ئىچمىش تولا زەھر،
كى جاھىللىقدۇر ئولماق ئاڭا مايىل.

— ئەرشى.

2) ئاچچىق ئاغرىق:

قۇتۇلماق قايدا مۇمكىندۇركى، قىلماس —
خەلاس ئول زەھردىن گەر پىرى كامىل.

— ئەرشى.

3) مەي، شاراب:

كى فەرسۇدەلىكنىڭ ئىچىپ زەھرىنى،
يۇرۇپمىز كېزىپ يەر ئىلە بەھرنى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەقىبدۇر رۇسىيەھ كامىمغە ھىجران زەھر تولدۇرسە،
ھەياتىم مۇژدەسى لەئلىڭ خەيالى جام ئېرۇر مۇل ھەم.

— گۇمنام.

زەھر ئاب — زەھەرلىك سۇ:
شىرىن لەبىدىن شەھىدى ھەلاۋەت قاچان ئىچكۇم،
زەھر ئابىئى ئەندۇڭ ئېرۇر قىسمەتى فەرھاد.

— مەشھۇرى.

زەھر ئاشام — زەھەر ئىچكەن؛
زەھر ئاغۇش — زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان، زەھەرلىك:
قايسى ھەلقۇمدۇرۇركى ياخشى نۇش،
ئاقىبەت قىلمادىكى زەھر ئاغۇش؟

— ن. زىيائى.

زەھر ئالۇد — زەھەر ئارىلاش، زەھەرلىك، زەھەرلەنگەن؛
زەھر ئەژدەرھا — ئەجدىھانىڭ زەھىرى:
سەراسەر مەزھەبى قارۇن ئېرۇر دۇنيانى يىغماغلىق،
كى شىرىن جانغە يەئنى زەھر ئەژدەرھانى يىغماغلىق.

— زەلىلى.

زەھر ئەسرارى — ئاچچىق سەرگۈزەشتە، قايغۇ — ھەسرەت:
بۇ زەھر ئەسرارىدىن بىرنەچچە سۆز كىم،
دېدىممەن، ئاگلا ئەي مەغرۇر غافىل.

— ئەرشى.

زەھر بەرمەك — پېيىنى قىرقىماق، ئۆمرىنى قىسقا قىلماق؛
زەھر تاپماق — زەھەرلەنمەك، قاتتىق ئازابلانماق؛
زەھر فىراق — ئايرىلىش زەھىرى، جۇدالىق ئازابى:
سىنۇق سەفال ئىلە ئىچسەم ھەممىشە زەھر فىراق،
نە ئارزۇيى مەي جام ئېرۇر نە مىننەتى جەم.

— ئابىد قۇمۇلى.

زەھر كامىلىغ — بەختسىزلىك؛
زەھر گىياھ — زەھەرلىك ئۆسۈملۈك؛
زەھر ھىجران — «زەھر فىراق» قا قاراڭ:
ھۇسنى گۇل يەگلىغ قىزارماي زەھر ھىجران سالقىنى،

زەئفىرانغە تەبدىل ئەيلەب كاھىشى جانىمۇ ئىكىن.

— گۇمنام.

**زەھرى ئەفيۇن** — ئەپيۇن زەھىرى:

دەۋزەخى ھەجرىڭغە كۆيدۇم رەھم ئىتىپ سۇردۇربىر،
فۇرقەتىڭنىڭ ئاچچىغىدا زەھرى ئەفيۇن ئوخشاماس.

— قەلەندەر.

**زەھرى جۇش** — قايناپ تۇرغان زەھەر:

ئەگەر قىلساڭ ئىبردى نەسىھەتنى گۇش،
ساڭا ئۇرماس ئىبردى فەلەك زەھرى جۇش.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەھرى چەشىم** — زەھەرلىك كۆزقارىشى؛

**زەھرى غەم** — غەم — غۇسسە زەھىرى. قايغۇ — ئەلەم:

كىچە — كۇندۇز كەمىتمەي قىلدى نالە،
ئىزىپ گۇل زەھرى غەم تۇتقاچ پىيالە.

— خىرقەتى.

**زەھرى قاتىل** — «زەھرى مۇھلىك» كە قاراڭ:

بۇ ئالەم جامىدۇر بىر زەھرى قاتىل،
ھەزەر قىل گەر ئىبرۇرسەن مەردى ئاقىل.

— ئەرشى.

**زەھرى مۇھلىك** — ھالاك قىلغۇچى، ئۆلتۇرگۇچى زەھەر؛

**زەھرى ناب** — ئۆتكۈر، كۈچلۈك زەھەر؛

**زەھرى ھەلاك** — «زەھرى مۇھلىك» كە قاراڭ؛

**زەھرى ھەلاھىل** — «زەھرى مۇھلىك» كە قاراڭ:

سەمۇمىدۇركى، كۆزگە كۆرۈنمەي ئىنسان ۋۇجۇدىنى زەھرى
ھەلاھىلدەك ھەيات نەسىمىدىن ئىفتىراق ئەيلەر.

— ن. زىيائى.

**زەھرە** [زهره] (پ) 1) ئۆت، سەپرا:

قۇلاقى گىلەمدەك، كۆزى چۇن رىكاب،
بولۇر زەھرە پارە كىشى كۆرسە خاب.

— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: جۇرئەت، شىجائەت، جاسارەت:

لىبك ئانىڭ سارى باقارغا زەھرە يوق،
كۆزگە ئۇل جانىب نەزەردىن بەھرە يوق.

— نەۋائى.

3 > ئىنتىلىش، بېرىلىش؛ مايىل، ھەۋەس:

ۋەفا ئىزدە شەۋقى ۋەفاداردىن،
كۆكۆل بەرمە دۇنياغە ئول زەھرە تۇرش.

— شەۋقى.

**زەھر يارىلماق** — ئۆتى يېرىلماق؛ قورقماق، قورقۇپ كەتمەك:

زەھرە يارىلۇر دەردى فىراقىندە كۆكۆلدىن،
ئاھىكى چىقار ئوق كەبى يارىم كېچەلەردە.

— ئەتائى.

**زەھر خەند** [زهرخند] (پ) ئاچچىق كۈلۈش؛ زەھەرخەندە:

دەھر ھەرچەند كۈلسە، ئەرشى، سەن سارى بىل زەھرخەندە،
بارمۇ جان قەسدىن قىلۇردىن ئېھتىمالى ئۆزگەچە.

— ئەرشى.

**زەھر خەندە ئەيلەمەك** — ئاچچىق كۈلمەك.

**زەھر نوش** [زهرنوش] (پ) زەھەر ئىچىدىغان:

**زەھر نوش ئەيلەمەك** — 1 > زەھەر ئىچمەك؛ 2 > قىيىنچىلىق تارتماق، قىينالماق.

**زەھم** [زهم] (ئە) قىيناش، ئازابلاش:

ۋە پەراكەندە زەھملەر بىلە ئانى ئاخىر قىلدىلار ۋە ئاياغىغە ئىپ تاقىب مەھەللەتقە سۇدرەدىلەر.

— نەۋائى.

**زەھمەت** [زحمت] (ئە) قىيىنچىلىق، ئازاب، مۇشەققەت، ئازار، ئەلەم، كۈلپەت، رەنج:

يامان بىرلە ھەر كىم تۇتار سۇھبەتى،
ئەمەس نەفئى ھەرگىز يېتەر زەھمەتى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەھمەت تارتماق** — «زەھمەت چەكمەك» كە قاراڭ؛
**زەھمەت چەكمەك** — ئازار (ئەلەم، مۇشەققەت) چەكمەك، كۈلپەت تارتماق؛
**زەھمەت يەتكۈزمەك** — ئازار بەرمەك، ئازار يەتكۈزمەك.

**زەھى** [زهی] تېخى؛ ئەجەبمۇ؛ ھەقىقەتەن، راستىنلا؛ ھەقىقىي، چىن:

ئۇمىددۇركىم سۇ بەرگەيلەر دەرەختى نەۋ نىھالىمغە،
چۇنان دەريايى رەھمەتدىن زەھى كىم مېۋەدار ئەيلەپ.

— شەۋقى.

زەھى ھۇسنۇڭ زۇھۇرى كەئبە ھەم بۇتخانەدە پەيدا،

بۇ رەئغاغە مۇسۇلمان بىرلە كاپىر ۋالە ھەم شەيدا.
— مەشھۇرى.

بىر قاراپ باقماس ۋەلىي تاراج ئېتەر ئەقلۇ شەكىب،
ئىشۋەلەر ئەيلەپ قاراقچىدەك زەھى مەستانە يار.
— تەجەللى.

**زەۋ** [ضو] (ئە) نۇر؛ روشەنلىك:
زەۋ سالماق — نۇر چاچماق، يورۇتماق، روشەنلەشتۇرمەك.

**زەۋال** [زوال] (ئە) 1) يوقىلىش، يوق بولۇش، ئاخىرلىشىش، تۆگەللىنىش؛ سۇنماق، سۇنۇش، ھالاكەت:

خۇدايا ساقلا بىز مۇئمىنلەرنى ئىمان زەۋالىدىن،
كېتەر بولساق جەھاندىن دەرگەھىڭدىن قىلماغىل مەترۇد.
— شەۋقى.

2) زاۋال، زاۋال ۋاقتى (كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرگەن پەيت):

گەر تاپار خۇرشىد چۇش ۋەقتى كەمال،
شول زەمان ئەيلەر يەنە مەيلى زەۋال.
— ئەھمەدى.

زەۋال بولماق — كۈن پاتماق، كەچ كىرمەك؛
زەۋال تاپماق — يوق بولماق، پاتماق (قۇياش):

بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم ھېچكىم نىگارى بەر كەمال،
دەۋلەتۇ ئىقبالۇ ھۇسنۇڭ تاپماغاي ھەرگىز زەۋال.
— قەلەندەر.

زەۋال چاغى — كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرىش ئالدىدىكى پەيت؛
زەۋال يەتكۈرمەك — نابۇت قىلماق؛ تۆۋەنلەتمەك.

**زەۋاھىر** [ظواهر] (ئە) [بىرلىكى: زاھىر] 1) گۈللەر، چېچەكلەر:
فەساھەت زەۋاھىرى بىلە مۇكەللەل نۇكاتلەردىن ئۇل مەھبۇبى ئاقىبەت مەھمۇد نەۋتى بىلە مۇزەييەن ۋە مۇھەللا قىلۇرلار.
— نەۋائى.

2) «زاھىر» غا قاراڭ.

**زەۋائىد** [زوائد] (ئە) كۆپ، زىيادە، ئارتۇق؛ كۆپلۈك، زىيادىلىك، ئارتۇقلۇق:
ھەم ئانىڭ ئەنجامىن تەئەققۇل قىلسا ئۇل ھەم مۇجىبى زەۋائىدلەر بولۇر.
— نەۋائى.

**زەۋايا** [زوايا] (ئە) [بىرلىكى: زاۋىيە] بۇرجەكلەر، بۇرۇجەلار، «زاۋىيە» گە قاراڭ.

فەلەكدە دەۋائىركى رەسم ئەتتى سۇنئۇك،
جەھان كۇنجىدەك ئاندا يۈز مىڭ زەۋايا.

— نەۋائىي.

زەۋج [زوج] (ئە) جۈپى، جۈرىسى؛ ئەر:
دىلئاراكى تاپتى ھەرەملىقتە ئەۋج،
بۇ مۇددەتدە مەسئۇد ئاڭا بولدى زەۋج.

— ن. زىيائىي.

زەۋج ئەيلەمەك — جۈپلەشتۈرمەك، ئەر — خوتۇن قىلماق، قوشماق (بىھشتنى).

زەۋجە [زوجه] (ئە) ئايال، خوتۇن؛ جۈپى، خوتۇنى، ئايالى:
بۇ خىنىم سۇلتان ئابدۇررەشىدخان پادىشاھنىڭ زەۋجەلەرى ئىردى.

— مۆجىزى.

زەۋرەق [زورق] (پ) 1) قېيىق، كېمە:
كورلار دەريادە زەۋرەق تاپماغاي،
كىم ھەرامخور بولسە رەۋنەق تاپماغاي.

— خەراباتى.

2) سۇرەت:
يار مەلەك خەيلىغە گەردۇن زەۋرەقى نىلىن ئىرۇر.
ھەجرىدىن تا كۆككە تەگرۇ سىلى ئەشكىم بولدى سەت.

— ئەرشى.

زەۋرەق سۇرمەك — باشلىماق، قەدەم قويماق؛
زەۋرەقى مەي — (قېيىق شەكلىدە ياسالغان) مەي قەدەھى.

زەۋرەقچە [زورقچه] (پ) كىچىك قېيىق، كىچىك كېمە، قېيىقچە:
ئەيلەدى مەشھۇرىنى نەۋئى گىريان ئول قۇياش،
چەرخلەر زەۋرەقچەئى ئەشكى رەۋانىمدۇر مېنىڭ.

— مەشھۇرى.

زەۋق [ذو] (ئە) 1) خۇرسەنلىك، شادلىق:
خۇشا، ئول رىندكىم ئۇمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم — بەدەم چەكتى.

— ئەرشى.

2) لەززەت، مەززە، ھۇزۇر كەيىپ:
چۇ بىدار بولدۇم بەسى زەۋق ئىلە،
ئالىپ جابدۇقىنى بەسى شەۋق ئىلە.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گۇل ئارا ئەيلەپ نەسىمىن قىلسە هەريان زەۋقى گۇل،
بولسە ئول چاغ ۋەسلى يارۇ، بولماسە ئەغيارەلەر.

— ئەرشى.

بۇ دەير ئىچرە نىچە يۇرگەمەن خۇمار ئالۇد،
شەرابى شەۋق ئىچىپ زەۋقنى راسا قىلايىن.

— ئەرشى.

3 > هەۋەس، خاهىش، مەيل:

تۇشۇپ كىرمە كىمگە كۆڭۇل ئىچرە شەۋق،
تەماشا قىلۇرغە بەسى ئېردى زەۋق.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4 > ئىستىبدات، ماهارەت:

بەسى سۇلتانى ئالەم سەن غۇرۇر ئەتمە ئەمەس دەۋلەت،
خۇدانىڭ شەۋقى زەۋقىدىن ئۇ كۇنلەر بارچە ئەفسانە.

— هۇزۇرى

شەفائەتى نەبىۋىيدىن ئەگەر ئۇمىد ئەتسەڭ،
دۇرۇدنى زەۋق ئىلە ئايتقىلكى مۇستەفا ئۇچرار.

— شەۋقى.

5 > ئىشق:

ئەگەر رىفئەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ هەر چەند هەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۇل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.

— ئەرشى.

**زەۋق تائات** — تائەت - ئىبادەت ئىشتىياقى، زوقى:

بولۇپ خەم قامەتىڭ مىننەت يۇكىدىن،
قىلۇرسەن بەندەلىك، يوق زەۋق تائات.

— ئابىد قۇمۇلى.

**زەۋق تاپماق** — لەززەتلەنمەك، مەززە قىلماق؛
**زەۋق سەهبا** — شاراب هەۋەسى، كەيپى.

تۇشتى ئادەم يەرگە يىغلادى بىهىشت ئەيۋانىدا،
نە ئۇچۇن مەخمۇر مەهزۇن زەۋق سەهبا قىلماسۇن.

— مەشهۇرى.

**زەۋقۇ تەئەججۇپ** — ئىشتىياق ۋە ئەجەبلىنىش، مەهلىيا بولۇش:

كۆرسە بىلقىس دەۋلەتى هۇسنۇڭنى هەسرەتدە قالۇر،
ئەيلەمىش زەۋقۇ تەئەججۇب بەلكى هەيرەتدە قالۇر.

— قەلەندەر.

زەۋقۇ هالەت — لەززەت ۋە خۇشاللىق، خۇش كەيپىلىك؛
زەۋقۇ هال ئەهلى — لەززەت، خۇشاللىق ئەهلى؛
زەۋق ئىنبىسات — شاد — خۇراملىق؛
زەۋق يەتمەك — لەززەت تاپماق؛ لەززەت بەرمەك، خۇرسەن قىلماق.

**زەۋقناك** [ذوقناك] (ئە + پ) خۇرسەن، شاد:

تەنى يول گەردىدىن چۇن پاك ئولدى،
چىقىبان خاجە زەۋقناك ئولدى.

— نەۋائى.

**زەۋلانە** [زولانە] (پ) كويزا، كىشەن:

زۇلفى سەۋداسى نەۋائىنى چىقاردى ئەلدىن،
تەلبە ئەتتىيۇ ئاياغىدە ئانىڭ زەۋلانە.

— نەۋائى.

**زەۋئ** [ضوء] (ئە) يورۇقلۇق، نۇر، جىلۋە:

فەيز كۆز تۇتما رىيازەتدە تېشىلمەي يۈرەگىڭ،
ئاچمايىن رەۋزەنە ئۆي ئىچرە قۇياش سالمادى زەۋئ.

— نەۋائى.

**زەۋل** [زول] (ئە) سېخىيلىك، مەردلىك.

**زەئىف** [ضعف] (ئە) قۇۋۋەتسىز، كۈچسىز؛ قۇۋۋەتسىزلىك، كۈچسىزلىك، هالسىزلىق؛ كېسەللىك:

كويۇڭدا مەن كەبى ئەۋۋارە بولغان زەئىفلىغ ئىتلەر،
سورارسەنمۇ گەهى هالىن بۇ ئايتىغان ئىتنى ياد ئەيلەپ.

— ئەرشى.

زەئىف تارىي بولماق — ئاجىزلىق، خەستىلىك پەيدا بولماق، ئاجىزلاشماق، زەئىپلەشمەك؛
زەئىفى جۇنۇن — روهىي كېسەللىكتىن، سەۋدايىلىقتىن بولغان هالسىزلىق؛
زەئىفى جىسمانىي — بەدەن زەئىپلىكى؛
زەئىفى هال — زەئىپ هالەت، يامان ئەهۋال:

دەرىغا، دەردى هىجران زەئىفى هالىمنى خەراب ئەيلەپ،
مۇرادىمغە قاچان يەتكۈم بۇ كۆڭلۈم ئىزتىراب ئەيلەپ.

— موللا سالىه.

زەئىف يەتكۈرمەك — زىيان يەتكۈزمەك، زەخىملەندۈرمەك:

مەن دېدىم: «ئەي بىئەدەب، سەن غۇنچەغە يەتكۈرمە زەئىف»
دەرمەهەل كەلدىم هۇشۇمغە، كۆز ئاچىپ كۆردۈم رەقىب.

— موللا سالىھ.

**زەئفەر** [زعفر] (ئە) زەپەر؛ سېرىق، «زەئفەران» غا قاراڭ:

يۈزى بولدى زەئفەر كەبى سارغارىپ،
بۇ ئىككى ئوغۇلغە تولا يالبارىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەئفەران** [زعفران] (ئە) زەپىران، بىر تۈرلۈك سارغۇچ خۇش بۇي ئۆسۈملۈك؛ سېرىق رەڭ:

شەھىدى كەربەلا يەڭلىغ تۆكۈپ خۇن، بۇزغالى چېھرەم،
گەھى ئەخزەر گەھى ئەسفەر، بە مىسلى زەئفەراندۇرمەن.

— موللا سالىھ.

**زەئفەران ئەتمەك** — «زەئفەران ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**زەئفەران ئەفشانى** — زەپىران چاچقۇچى، سېرىق رەڭ بەرگۈچى؛
**زەئفەران ئەيلەمەك** — سارغايتۇرماق؛ سارغايتماق؛
**زەئفەران چېھر** — سېرىق يۈز، سارغايغان چىراي؛
**زەئفەران دۇكانىن ئاچماق** — يۈز سارغايتماق.

**زەئفەرانزار** [زعفران زار] (ئە + پ) زەپە ئۆسۈملۈكى تىكىلگەن باغ؛ ئىشقتىن سارغايغان يۈز:

كۆرمە سارىغ بەرگۈ قىل نەززارە رۇخسارىم سارى،
قوي خەزان باغىن، گۈزەر قىل زەئفەرانزارىم سارى.

— نەۋائى.

**زەئفەرانى** [زعفرانى] (ئە) 1› زەپىران رەڭ، سېرىق رەڭ، سېرىق؛
2› سارغايغان، سولغان؛
**زەئفەرانى ئەيلەمەك** — سارغايتماق، سولدۇرماق، سولاشتۇرماق.

**زەئفران** [ضعف ران] (ئە + پ) هالسىزلىقنى كەتكۈزگۈچى، ماغدۇرىغا كىرگۈزگۈچى؛ داۋا:

سەندەلۇ مۇشكۇ ئەبىرۇ زەئفەران،
تەبئ جەھلىدىن سەراسەر زەئفران.

— نەۋائى.

لەئلى رۇممان ساچى سۇمبۇل قەدى شەمشادى جەھان،
زەئفران ئەنبەرى ئەشھەب گۇلى رەيھان يەڭلىغ.

— شەۋقى.

**زەئقە** [زعقه] (ئە) تىترەش؛
**زەئقە ئۇرماق** — تىترىمەك.

**زەئم** [زعم] (ئە) پەرەز قىلماق؛ پەرەز، قىياس، مۆلچەر؛ پىكىر؛ ئىشەنچ،

ئېتىقاد:

بۇسە سۇئالىن ئەتسەم خامۇش ئۇلۇركى گويا،
زەئىمدەدۇر «نەئەم» شۇم ئانداغى «لا» مۇبارەك.

— تەجەللى.

**زەئىف** [ضعيف] (ئە) قۇۋۋەتسىز، كۈچسىز، ئاجىز، ناتىۋان؛ بىچارە، ئىلاجسىز، «زەئىپ» گە قاراڭ:

يا فىراقنىڭ شىددەتى ياكىم ئەجەلنىڭ مۇددەتى،
ھەم بەدەننىڭ قۇۋۋەتى قالماي ئەجەب بولدۇم زەئىف.

— موللا سالىھ.

**زەئىف ئەھلى** — بىچارىلەر، ئىلاجسىزلار؛

**زەئىف ئۇلماق** — ھالىدىن كەتمەك، ماغدۇرسىز بولماق:

زەئىف ئۇلدى گۇشە قىلىپ ئىختىيار،
ماڭا قالدى ئاندىن ھەمە كارۇ بار.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زەئىفۇ ناتەۋان** — ئاجىز، ناتىۋان، بىچارە:

نىگارا، ئىشتىياقىڭدا زەئىفۇ ناتەۋان بولدۇم،
ھەمىشە دەربەدەر ئالەم ئارا بىخانىمان بولدۇم.

— فىراقى.

**زەئىفى خاكسار** — «زەئىفى نامۇراد» قا قاراڭ؛

**زەئىفى خەستە** — ئىلاجسىز، كۈچسىز بىمار؛

**زەئىفى شەيدا** — ئاشىقى مۇپتىلا، مۇپتىلا بولغان ئاشىق؛

**زەئىفى غەمناك** — غەملىك، پېقىر، خەستە؛

**زەئىفى ناتەۋان** — بىچارە، كۈچسىز، خەستە.

ھەجرى غەم ئەندۇھ فىراق ئەيلەپ زەئىفى ناتەۋان،
نەچچە زار ئۇلسامكى كەلتۇرمەس داغى پەرۋاسىغە.

— موللا سالىھ.

**زەئىفى نامۇراد** — كەمتەرلىك يۈزىسىدىن «مەن»، «پېقىر» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز:

...ۋە بۇ زەئىفى نامۇراد ھەزرەتى شاراھ خىزمەتىغە مۇشەررەف بولۇپ ئېردىم.

— نەۋائى.

**زەئىفە** [ضعيفه] (ئە) ئايال، خوتۇن كىشى:

تۇشۇپ بىر زەئىفە ھەۋا سارىدىن،
سەلام ئەتتى بىزگە كۆرۈپ نارىدىن.

— ئا. نىزارى.

**زەيتۇن** [زيـتون] (ئە) بىر تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ، زەيتۇن دەرىخى:

چۇ زەيتۇن بولۇپ چەرخ ئىلە مۇتتەسىل،
بولۇپ چەرخ زەيتۇنى ئاندىن خىجىل.

— نەۋائى.

**زەيف** [ضـيف] (ئە) مېھمان:

يەنە بىر بۇ كىم ھەر قاچان كەلدى زەيف،
ئاڭا قىلغاسەن بەرمەيىن تۇئمە ھەيف.

— نەۋائى.

**زەيل** [ذيـل] 1› ئېتەك؛ چەك، بىرەر نەرسىنىڭ تۈگەللىنىش (ئاخىرلىشىش) جايى، ئاخىرى:

كى شەھبالغە لەفزىن دېدى ئاشكار،
سۆزىن زەيلى ئانداغ ئېرۇر بىشۇمار.

— ئا. نىزارى.

2› داۋامىدا، قاتارىدا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە؛ 3› ئاخىرقى قاتار، مەخسۇس ئورۇن؛ 4› ئىلاۋە، قوشۇمچە؛ 5› ئەتراپ، ئۆپچۆرە.

**زەيلۇچە** [زيلوچـه] (پ) كىچىك گىلەم، پايانداز، پالاز:

ئىپەك زەيلۇچە ھەم سالدۇردى فىلھال،
دېدى: ئولتۇرسۇن ئول شوردە ئەھۋال.

— نەۋائى

**زەين** [زين] (ئە) 1› زىننەت، بېزەك؛ 2› ھۆسن، يارىشىق.

زەينۇل - مىللەت — مىللەتنىڭ بېزىكى، ھۆسنى، يارىشىقى.

**زور** [زور] (پ) كۈچ، قۇۋۋەت، مادار؛ پالۋان، كۈچلۈك؛ زوراۋان؛

بادە زورىدىندۇر ئەل ئىچرە بەسى ئوتلۇغ فىغان،
يوقسە مەيگەر ئەرغەنۇن قاندىن چېكەر تۈرلۈك سەدا.

— ئەرشى

مەلامەت بىرلە تارتار ئىشق پۇرشور،
نەچە تيىغان سايۇ ئانچە قىلۇر زور.

— لۇتفى.

زور ئەتمەك — «زور ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

گاھى گۈل ئىشقى زور ئەتسە قۇچاغلار،
گاھى سانجار تىكەن قاچماقنى چاغلار.

— خىرقەتى.

زور ئەيان قىلماق — كۈچىنى نامايىش قىلماق، كۈچىنى كۆرسەتمەك؛
زور ئەيلەمەك — كۈچ كۆرسەتمەك، ھەرىكەت قىلماق؛ غەلىبە قىلماق؛ غالىب كەلمەك؛

زور پەنجە ــ پەنجىلىرى كۈچلۈك، پەنجىسى يوغان؛
ئىرۇر زور پەنجە قۇۋەتلىك يوغان،
بۇ ھەم سەيدگە مىسل تۈيغۇن دۇرۇر.
ــ موللا ئەلى قۇشچى.

زور قىلماق ــ تەئەددى قىلماق، مەجبۇر قىلماق، ئىشلەتمەك.

زور ئازمۇن [زورآزمون] (پ) كۈچ سىناش؛ كۈچ سىنىغۇچى.

زوربازۇ [زوربازو] (پ) كۈچلۈك بىلەك؛ كۈچ، قۇۋۋەت؛ بىلەك كۈچى.

زورخانە [زورخانه] (پ) ھەربىي مەشق قىلىنىدىغان بىنا، جاي.

زوردەست [زوردست] (پ) قولى كۈچلۈك، بەقۇۋۋەت:
قولۇڭدىن ھەيفۇ شەستىڭدىن داغى ھەيق،
شۇكۇھۇ زور دەستىڭدىن داغى ھەيق.
ــ نەۋائى.

زورسەنج [زورسنج] (پ) كۈچ ئۆلچەش؛ كۈچ ئۆلچىگۈچى، «زور ئازمۇن» غا قاراڭ.

زورگەر [زوركر] (پ) زوراۋان، زورلۇق قىلغۇچى، زورلۇق كۆرسەتكۈچى؛
زورگەر ھەم ئەيلەدى ھەمراھلىق،
يوق ئاڭا يول رەنجىدىن ئاگاھلىق.
ــ نەۋائى.

زورمەند [زورمند] (پ) كۈچلۈك، قۇدرەتلىك:
مۇسھىلى ساز ئەتتى بىھەد زورمەند،
بەردىكىم ئانى سۇمۇردى مۇستەمەند.
ــ نەۋائى.

زۇ [ذو] (ئە) ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ «ئىگە، ساھىب» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ «زى» ۋە «زۇفۇنۇن» لارغا قاراڭ.

زۇئەفا [ضعفا] (ئە) [بىرلىكى: زەئىف] زەئىپلەر، كۈچسىزلەر؛ ئاياللار؛ «زەئىف» كە قاراڭ:
ئول زۇئەفانىڭ كەيفىييەتى ھالىن سورۇپ، ئالار دېدىلەر-كىم، بىز شۇئەيب پەيغەمبەر قىزلەرى بىز.
ــ نەۋائى.

زۇباب [ذباب] (ئە) چىۋىن؛ پاشا:
تاقنى قويكى، ئەنبەردىن مىھراب،
ئۇستىدە خالى ئەنبەردىنە زۇباب.
ــ نەۋائى:

زۇبدە [زبده] (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ياخشى قىسمى، ياخشى نەتىجىسى؛
قايان كەتتى، دەرىغا، زۇبدەئى ئەسلى بەنى ئادەم.

كېتىپ ئانداغكى تەئخىر ئەتمەدى بىردەم مەسىھادەم.

— ئەرشى.

**زۇجاج** [زجاج] (ئە) «زۇجاجە» گە قاراڭ؛

**زۇجاجە** [زجاجە] (ئە) جام؛ شىشە؛ قەندىل:

مۇلەۋۋەن زۇجاجە نىشانى بولۇپ،
كۆك ئەيۋانىنىڭ تابەدانى بولۇپ.

— نەۋائى.

**زۇخر** [ذخر] (ئە) ئارتۇق ساقلاش، زاپاس قىلىش، «زەخىرە» گە قاراڭ.

**زۇد** [زود] (پ) تېز، تېزدىن، تېزلىك بىلەن:

يېتىپتۇر بۇ نامە چۇ بەندەرگە زۇد،
كېلىپ شاھى بەندەر ئالىپ كۆپ جۇنۇد.

— ئا. نىزارى، ن. زدىيائى.

**زۇدا** [زدا] (پ) «زەدا» غا قاراڭ.

**زۇدا - زۇد** [زوردا زود] (پ) تېز - تېز، تېزلىك بىلەن، تېزدىن:

كى ۋىلايەتدە شاھ ئولۇپ مەئسۇد،
ئول يېتىشسۇن ئىشىمككە زۇدا - زۇد.

— نەۋائى.

**زۇداي** [زداى] (پ) «زەداي» غا قاراڭ.

**زۇرەفا** [ظرفا] (ئە) [بىرلىكى: زەرىف] ئەقىللىقلەر، زېرەكلەر، دىت ئىگىلىرى؛ نازۇك پەم:

ۋە زەمانىنىڭ شۇئەرا ۋە فۇزەلا ۋە زۇرە فاسىدىن ئالارنىڭ ۋىساقى خالى ئېرمەس ئېردى.

— نەۋائى.

**زۇررافە** [زرافە] (ئە) «زەررافە» گە قاراڭ.

**زۇررىيات** [ذريات] (ئە) ئەۋلادلار، نەسىللەر، پەرزەندلەر:

بەنى ئىسرائىل يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام زۇررىياتىدۇر ۋە ئىسبات ئون بىرئوغلى.

— نەۋائى.

**زۇرۇب** [ضروب] (ئە) [بىرلىكى: زەرب] «زەرب» كە قاراڭ.

**زۇرۇف** [ظروف] (ئە) [بىرلىكى. زەرف] «زەرف» كە قاراڭ.

**زۇزەنابە** [ذوذنابە] (ئە) قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز؛ كومېتا:

ئول سەرۋ ئەمەس ئېردى زۇزەنابەك،
نەھسىيىيەتىدىن جەھان خەرابەك.

— نەۋائى.

**زۇزەنىب** [ذوذنب] (ئە) «زۇزەنابە» گە قاراڭ.

**زۇغال** [زغال] (پ) كۆمۈر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



«هېكمزاده بله‌ن شاهزاده»ناملق چۆچه‌ككه ئشله‌نگه‌ن قستۇرما سۈره‌ت






**源　泉**（布拉克）（维吾尔文）总37期

《MAGAZINE OF BULAK》

بۇلاق ( ئومۇمي 37 - سان ) ( پەسىللىك ژۇرنال )

(UIGHUR LANGUAGE)QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1063/1
本刊代号：58－108　定价：1.90元
国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65－1063/1
ۋەكالەت نومۇرى: 108 _ 58
باھاسى: 1.90 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118